ئەخەت تۇردى

# بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئابدۇراخمان ئابلىز

ISBN 7-5373-0599-4

ISBN7—5373—0599—4

I · 153(民文) باھاسى: 9.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

ئەخمەت تۇردى

# بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە



Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No.:6.......

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئوبۇلقاسىم مۆمىن


**بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە**

ئاپتورى : ئەخەت تۇردى
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئوبۇلقاسىم مۆمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 10.5 قىستۇرما ۋارىقى : 3
1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 5100 ـــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0599 — 4/I. 153
باھاسى : 9.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ستۇدېنتلىق يادنامىسى بۇ،
ياشلىقىمدا تارتىلغان سۈرەت.
ئەستىن چىقماس گۈزەل كەچمىشلەر،
ئالتۇن پەسىل، جۇشقۇن مۇھەببەت...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بارچۇق دىيارىدا كۈمۈش پايانداز ........................................ 1
بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە ........................................ 36
ئىرادىدىن پۈتكەن گۈزەللىك ........................................ 84
ئارام تاپقان جانلار ........................................ 131
ئوتتۇز يىللىق مېھىر ـ مۇھەببەت ........................................ 154
سىزدىن قالغان قەلەمنى مىڭلىغان ئەۋلادلار قولغا ئالىدۇ ............ 197
تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە ........................................ 219
سىرىنگۈللۈك ھويلىدىكى سېغىنىش ........................................ 286
گۈل ياغقان كېچە ........................................ 330


Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
*Turguncan UYGURTÜRKOĞLU'nun*
Kütüphanesi
Kitap No.:6

www.uyghurkitap.com

# بارچۇق دىياردا كۈمۈش پاياندار

## 1

مارالبېشى ئۆز تارىخىغا نۇرغۇن سىر ۋە ھېكمەتلەرنى يوشۇرغان مۇقەددەس زېمىن. قەدىمىي بارچۇقتىن بۈگۈنكى مارالبېشىغىچە بولغان 3000 يىللىغا يېقىن ئۇزاق تارىخ بۇ يۇرتنى مانا مۇشۇنداق گۈزەل، مۇنبەت ئالتۇن ۋادىغا ئايلاندۇرغان. 1000 يىللىنىڭ ئالدىدىلا نامى چىققان پاختىچىلىق بۇ يۇرتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئالتۇن ۋادىغا يېيىلغان كۈمۈش پاياندار بولۇپ كەلگەن!

مەن ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇمغا يارىشا، بۇ يەرگە كېلىپ نۇرغۇن گۈزەل تەسىراتلارغا چۆمدۈم. مەن بۇ يەردە پاختىچىلىق بىلەن بېيىغان بىر تۈركۈم دېھقانلارنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنى، خۇشال ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم. مەن بۇ يەردە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق ئىشلەۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش، ياخشى خىسلەتلىرى توغرىسىدىكى سەمىمىي مەدھىيىلەرنى ئاڭلىدىم. مەن بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ مەردانە، قەيسەر ۋە ئۈمىدۋار روھىنى كۆردۈم. مانا بۇلار ئەجدادلار روھى، ئۆلمەس روھ! بۇ روھقا دېھقانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن غەيرەت - شىجائىتى، ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرى ۋە گۈزەل كېلەچىكى، قايغۇ - ھەسرىتى بىلەن شاد - خوراملىقى، ئار - نومۇسى بىلەن ۋىجدان - ئەقىدىسى سىڭىپ كەتكەن.

شۇڭا بۇ روھ قەدىمكى بارچۇق دىيارىدا ئۈزلۈكسىز جەۋلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس، تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا.

مەن ئەنە شۇنداق ھېسسىياتلار ئىلكىدە مارالبېشىنىڭ يېزا - كەنتلىرىنى ئارىلىدىم، دېھقانلىرى بىلەن سىرداشتىم، كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، قەلبىمدە بۇ زېمىنغا چوڭقۇر مۇھەببەت، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان خەلقىگە چوڭقۇر ھۆرمەت پەيدا بولدى. دېھقانلارنىڭ پاختىغا ئىشتىياق باغلاپ، پاختىچىلىق بىلەن ھال - ئوقىتىنى ياخشىلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاقساقارال يېزا 11 - كەنتتىكى بېيىغان دېھقان سايىم سابىرنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىساق كۇپايە:

« بۇرۇن ئۆز ئارا سالام - سەھەت قىلىشىساق، بالاڭقانچە؟تىنچ - ئامانمۇ ؟ دەپ كۆرۈشەتتۇق. ئەمدى ھازىر كۆرۈشۈپلا، قانچە مو كېۋەز تېرىدىڭ ؟ ئوبدانمۇ ؟ دەپ سالاملىشىدىغان بولدۇق ! ... »

مانا بۇ، پاختىچىلىقنىڭ دېھقانلارنىڭ قەلبىگە بارا - بارا سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنىڭ، ئۇنى خۇددى بالا - چاقىسىدەك مۇھىم بىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

دېھقانلارنىڭ ئېڭى ۋە ھەرىكىتىدىكى بۇنداق زور بۇرۇلۇشتا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئىدىيىنى، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتىش ۋە سىپىتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، دېھقانلارغا بېيىشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ بەرگەن. مەن 1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - ۋە 10 - كۈنلىرى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەن فىنشىن بىلەن ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەتئىمىن توختىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلار ناھىيىنىڭ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ ناھىيە 1958 - يىللا پاختا مەھسۇلاتىدا دۆلەت بويىچە كۆزگە

كۆرۈنۈپ، گوۋۇيۈەننىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئەپسۇسكى، كېيىنكى مالىمانچىلىق دەۋرلەردە ئىشلەپچىقىرىش ئىزدىن چىقىپ، ناھىيە ئاپتونوم رايوندىكى سەككىز چوڭ نامرات ناھىيىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، يەنە چىقىش يولىنى تېپىپ، ۋىلايەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۆتكەن يىلى بۇ ناھىيىدىكى دېھقانلار پاختىدىنلا 600 مىليون يۈەن كىرىم قىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بىرى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، يىرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يۈزلىنىش ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 50 پىرسەنتى پاختا؛ 30 پىرسەنتى ئاشلىق؛ ئون پىرسەنتى سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، باغ - ۋاران؛ ئون پىرسەنتى بېدە، ئوت - چۆپ بولۇشنى بەلگىلىگەن. بۇلاردىن تاشقىرى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «بەش بىر تۇتاش بولۇش» (پىلاندا بىر تۇتاش بولۇش، تېرىشتا بىر تۇتاش بولۇش، سۇغىرىشتا بىر تۇتاش بولۇش، مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيادا بىر تۇتاش بولۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشتە بىر تۇتاش بولۇش) نى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ تەدبىرلەر دېھقانلارنى ئورتاق بېيىتىش، پەرقنى كىچىكلىتىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ياخشى ئۈنۈم بەرگەن.

«نۆۋەتتە، پاختىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ناھايىتى ياخشى پۇرسەت، ئەگەر بۇ پۇرسەت چىڭ تۇتۇلسا، ئىقتىساد يۈكسىلىپ، دېھقانلار روناق تاپىدۇ. مەركەز جەنۇبىي شىنجاڭنى پاختا بازىسى قىلىشنى قارار قىلدى. مەركەز بۇنداق ئۇلۇغۋار پىلاننى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تېزدىن بېيىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پۇرسەت مارالبېشىغىمۇ چوقۇم چوڭ ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. 1995 - يىلى بىز پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا، مەملىكەت بويىچە 8 -، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بولدۇق. 9 -

بەش يىللىق پىلاندا ئاپتونوم رايوننىڭ 30 مىليون دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش نىشانى بار. بىز ناھىيىمىزنىڭ بىر مىليون دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پاختىچىلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشىمىز. ئەگەر بۇ نىشانغا يېتەلىسەك، مارالبېشىدىكى ھەر بىر نوپۇسقا 600 جىڭدىن پاختا توغرا كېلىپ، ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن 40% سېلىنمىنى چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنە 2500 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە، ئىككىنچىدىن، پەن - تېخنىكىغا، ئۈچىنچىدىن، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سېلىشقا تايىنىپ، تەرەققىيات قەدىمىمىزنى تېزلىتىپ، بۇ نىشانغا چوقۇم يېتىمىز! ...»

مانا بۇ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ مارالبېشى خەلقىنىڭ بايلىقى، شادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن تۈزۈۋاتقان ئۇلۇغۋار پىلانى، نىشانى ۋە غەيرەت - جاسارىتى!

شۇجى بىلەن ھاكىمنىڭ سۆزلىرى ئىشەنچكە، ئۈمىدۋارلىققا تولغان قىزغىن ۋە سەمىمىي سۆزلەر ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم: ئۇلار ھازىر مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تۇپراقتا پۇت تىرەپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئۇچقۇر تەسەۋۋۇرلىرىمۇ مۇشۇ ئانا تۇپراق بىلەن يۇغۇرۇلغان، تەقدىرداش بولۇپ كەتكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ بارلىق پىلان، نىشان ۋە تەسەۋۋۇرلىرى مۇشۇ خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مۇشۇ زېمىندا يىلتىز تارتىپ گۈللىيەلىسە، ئۇ چوقۇم يۇقىرى قىممەت يارىتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ!

دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشى، زاماننىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى، ئەقىل - پاراسىتى، چارە - تەدبىرلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، جەمئىيەت تۇرغۇنلۇققا، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىشكە، تۇرمۇش نامراتلىققا، ھايات مەنىسىزلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، ناھىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىرى دەۋرگە، زامانغا قانداق ماسلاشقان ؟

ئۇلار ئالدى بىلەن ئىشنى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئۇ-رۇنسىز سېلىقلارنى ئازايتىش، دېھقانلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشتىن باشلىغان، ئۇلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەمگەك قىز-غىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار خۇددى يۈكى يېنىكلەپ، ئۇچقۇچۇپ تۇرغان تۇلپاردەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايانسىز ماكا-نىدا ئەركىن، ئازادە قەدەم باسقان. دېمىسىمۇ، ئادەم ئالدى بىلەن ياشاشنى، ئاندىن تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەيدۇ! بۇ جەھەتتە، ناھىيە رەھبەرلىكى تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي چارە – تەدبىرلەرنى قوللانغان:

بىرىنچى، «بەشتە بىر تۈتاش» تىرىقچىلىق قىلىش داۋامىدا، ھەربىر ئائىلىگە «كەنت ئەزالىرىنىڭ مۇئامىلە ھېسابات خاتىرىسى» تار-قىتىپ بېرىلگەن ھەم بۇ ئىشقا مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئائىلىنىڭ تىرىش ھەققى، ماددىي ئەشيا سانى، سۇغىرىش ھەققى، ماشىنا ئىشلىتىش ھەققى قاتارلىقلار ئۆز ۋاقتىدا ھېسابات قىلىنىپ، كىنىشكىگە ئېنىق خاتىرىلىنىپ، دېھقانلار بى-لەن بولغان ھېساب – كىتاب ئېنىق، ئېنىقلىق بولغان.

ئىككىنچى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى باشقۇرۇش – نازارەت قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ سېلىقى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بەش پىرسەنت ئىچىدە تىزگىنلەنگەن. يېزا – كەنت ئۆز ئالدىغا سېلىق چاچىدىغان، خالىغانچە سېلىق تۈرى قوشىدىغان نامۇۋاپىق ئىشلار پۈتۈنلەي تۈگىتىلگەن، ئۆلچەم ۋە بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. مەسىلەن، 1992 – يىلى ئاقساق-مارال يېزىسىدا، دېھقانلاردىن تۇتقان سېلىق ئومۇمىي كىرىمنىڭ 8.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، بىر مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40.70 يۈەن-دىن، 1994 – ۋە 1995 – يىللىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقى 4.99% بولۇپ، بىر مو يەرگە 16.00 يۈەن ئەتراپىدا توغرا كەلگەن.

ئۈچىنچى، ناھىيە پاختىچىلىقتا سىلىنىدىغان مەبلەغنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ سىلىقنى ئاشۇرمىغان. دېھقانلاردىكى «سىلىنما كۆپەيسە، سىلىقمۇ ئاشىدۇ» دەيدىغان غەم - ئەندىشە ئەمەلىيەت ئارقىلىق تۈگىتىلگەن.

مېنىڭچە، مارالبېشىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر خىزمەتنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن، ئۇلار ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگەن. ئۇلار ھوقۇق يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ناھىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى يىلدىن يىلغا ئۆزگەرگەن، يۈكسەلگەن. مەسىلەن، 1994 - يىلى پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 582 مىڭ دەن بولۇپ، 1993 - يىلدىكىدىن 81 مىڭ 200 دەن ـــ 16.2% ئاشقان. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 856 يۈەنگە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن 8.2% ئاشقان.

1995 - يىلى پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 744 مىڭ دەن بولۇپ، 1994 - يىلدىكىدىن 174 مىڭ دەن ـــ 29.8% ئاشقان. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 930 يۈەن بولۇپ، 1994 - يىلدىكىدىن 8.7% ئاشقان.

1996 - يىلى پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 800 مىڭ دەنگە يەتكۈزۈلۈپ، 1995 - يىلدىكىدىن 50 مىڭ دەن ئاشۇرۇش پىلانلانغان. دېھقانلاردا: «ياخشى ھوسۇل كۆكىدىن بىلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار. ھازىر ناھىيە بويىچە كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى، پېرىجەك تۇتۇشى كىشىنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەگەر سېخىي تەبىئەت بۇ يۇمران مايسىلارنى ئاخىرىغىچە ئۆز پاناھىدا ساقلاپ بېرەلىسىلا، مارالبېشىنىڭ بۇ يىلمۇ ئۆز مۆلچەرىدىن ئاشۇرۇپ ھوسۇل ئېلىشىدا گەپ يوق!

ئەمدى بىز يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ، مۇنۇ پاكىتقا قاراپ باقايلى: ناھىيىنىڭ 1995 - يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى كاتتا نەتىجىسى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون «1 - دەرىجىلىك پاختا مۇكاپاتى» نامىدا 100 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت «كۈمۈش پاختا مۇكاپاتى» نامىدا 400 مىڭ يۈەن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەرگەن . بۇ پۇل ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزگە تېگىشلىك ھەققى ، ھالال مېھنەت مۇكاپاتى ئىدى . ئەگەر بۇنى ناھىيە رەھبەرلىرى بۆلۈشىدىغان بولسا ، ئالدىغا 10 مىڭ يۈەن ، كېيىنگە 5000 يۈەندىن تەگكەن بولاتتى . لېكىن ئۇلار پۇلنىڭ ئوتتەك مېھرىدىن ، ئۆزىنىڭ شېرىن نەپسىدىن كېچىپ ، بۇ 500 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ 400 مىڭ يۈەنىنى ناھىيىلىك مىللىي باللار باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ، 100 مىڭ يۈەنىنى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ئىشلەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە ئەۋلادلارنى كىچىكىدىنلا ئەدەبلىك ، بىلىملىك ، مەدەنىيەتلىك تەربىيىلەيدىغان يەنە بىر مەرىپەت باغچىسى كۆپەيگەن ، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىمۇ كۆپرەك تەجرىبە - سىناق قىلىشنىڭ ماددىي ئاساسىغا ئىگە بولغان .

پۇلنىڭ زەربىسى تەڭداشسىز بولۇۋاتقان ، بەزى كىشىلەر ھوقۇق - ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ بۇنداق قىلالىشى ھەقىقەتەن كىچىك ئىش ئەمەس . بۇ بىر ئالىيجانابلىق ، ئۆزلىرى ئۈچۈن شانلىق ئوبراز تىكلىگەنلىك ! بۇنداق ياخشى ئىش ، ياخشى خىسلەتلەرنى خەلق ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ ، بۇنداق ياخشى پەزىلەتلىك رەھبەرلەرنى خەلق ھىمايە قىلىدۇ ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق چاكىرى ھەم ئىشەنچلىك سەركەردىسى دەپ بىلىدۇ ! ...

## 2

« چارباغ » يېزىسى تارىختا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە سەلتەنىتى بىلەن ئەتراپقا تونۇلغان . مىلادى 8 - ئەسىردىلا ، دولان ئەجدادلىرى ئۇ يەرنى قەدىمكى « يىپەك يولى » دىكى مەشھۇر سەيلىگاھقا ، ھەمىشە نەغمە - ناۋا ياڭراپ تۇرىدىغان كۆككۈللۈك ئارامگاھقا ئايلاندۇرۇپ ، بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن گۈزەل بىر ھاياتلىق مۆھتى

بەرپا قىلغان . ھازىر گەرچە ئۇ يەرنىڭ تارىختىكى جاھانغا مەشھۇر ھۆسنى قالمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ قەدىمكى گۈزەللىكىنىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بۈگۈنكى يېڭى ھايات ۋە يېڭى مۇھىتنىڭ تېخىمۇ يارقىن ، تېخىمۇ جىلۋىدار گۈزەللىكى بىلەن بىللە چارباغ ھۆسنىدە ۋە كىشىلەر قەلبىدە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ .

مەن چارباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئابدۇرېھىم ئابلا بىلەن بىللە يېزا يوللىرىنى — ئادەمگە يېشىللىق ، ساپلىق ۋە بەرىكەت تۇيغۇسى بېرىدىغان ، ئۆزگىچە خاس ھىد - پۇراق ، ئۆزگىچە خاس تۈس - قىياپەتلەر بىلەن تولغان يوللارنى ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ياپيېشىل كېۋەزلىكلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ، بۇ ئادەم ھەققىدە بايا يولدا ئاڭلىغان بەزى گەپلەرنى ئەسلەپ قالدىم . ئاددىي - ساددا كىيىنگەن ، ئېغىر - بېسىق ، كىچىك پېئىل ، دېھقان سۈپەت بۇ ئادەمنى خەلق بەكمۇ ھىمايە قىلىدىكەن . 1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چارباغ يېزىسىدا پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ سايلام بولغاندا ، ئابدۇرېھىم ئابلاغا يىغىنغا قاتناشقان 125 ۋەكىلنىڭ 124 ى ئاۋاز بەرگەن . رىياسەتچى « بىر ئادەم قارشى ئاۋاز بەردى » دەپ ئېلان قىلغاندا ، ۋەكىللەر ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ ، يىغىن مەيدانى ئاجايىپ يۇمۇرلۇق تۈس ئالغان . بۇ ، ئامما ـ نىڭ ئۆز كادىرىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدى ! بىر ئاساسىي قاتلام رەھبىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ئەڭ زور مەدەت ، ئەڭ زور بايلىق !

بىز ئېتىز - ئېرىقلارنى ئارىلاپ ، 200 مو كېلىدىغان بىر سالا ئېتىزنىڭ بويىغا كەلگەندە ، كېۋەزلىكنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە قاداپ قويۇلغان كىچىك قىزىل بايراقلارغا كۆزۈم چۈشتى . مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ ، يېنىمدىكى ئابدۇرېھىم شۇجىدىن سوراي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك :

— مانا بۇ غەلىبە قىلغان يەرلىرىمىز ! — دېدى مەغرۇر ئاۋازدا ، — قىزىل بايراق زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىلىپ ، كېۋەزلەر قۇتۇلدۇرۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەرلەرگە قادىلىدۇ ، قىزىل بايراق غەلىبىنىڭ بەلگىسى . ئاۋۇ يەردىكى كۆك بايراق زىيانداش هاشاراتلاردىن مۇداپىئە قىلىنغان يەرلەرگە قادىلىدۇ ، كۆك بايراق مۇداپىئەنىڭ بەلگىسى . ئەمدى ئاۋۇ سېرىق بايراقلار بولسا ، — دېدى ئۇ كۆز يېتىم بىر سالپا ئىتىزغا قاداپ قويۇلغان ئىككى - ئۈچ سېرىق بايراقنى كۆرسىتىپ ، — زىيانداش هاشاراتلار پەيدا بولغان يەرلەرگە قادىلىدۇ . قەيەردە سېرىق بايراق بولىدىكەن ، بىز دەرهال كۈچىنى توپلاپ شۇ يەرگە هۇجۇم قىلىمىز . هازىر بىزدە يېزىلىق هۆكۈمەت تەشكىللىگەن 30 كىشىلىك « ياشلار تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتى » بار . ئۇلار قەيەردە ئاپەت كۆرۈلسە ، دەرهال شۇ يەردە هازىر بولۇپ ، زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەيدۇ . پاختىچىلىقتا كېۋەز پىتىدەك ، غوزا قۇرتىدەك يامان ئاپەت يوق . بىر يەرگە بىر نەچچىسى چۈشسە ، بىر - ئىككى كۈندە نەچچە ئون مو يەرگە يامراپ كېتىدۇ . كېۋەز ئۆستۈرۈش ھەقىقەتەن جاپالىق ، بىرەر سائەتمۇ ئېتىز بېشىدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ ! ...

راست ، كېۋەزنىڭ جاپاسى كۆپ ، دەردى تولا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ راھىتى ، خۇشاللىقمۇ ئاز ئەمەس ! پاختا بەكمۇ بەلەن نەرسە ، ئۇ كىشىلەردە ئۆزىدەك پاك ۋە يۇمشاق تەسىرات قالدۇرىدۇ ، ئۇ ئىنسانلارغا گۈزەللىك ۋە هارارەت بەخش ئېتىدۇ . لېكىن ، ئۇنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن تەس ! بىر تۈپ كېۋەزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈش بەئەينى بىر بوۋاقنى پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلغانغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ هەربىر هاياتلىق قەدىمى ، بوي تارتىپ كۆكلىشى ، چىرايلىق پىرىچەك تۇتۇشى ، رەڭدار چېچەك ئېچىشى ۋە ئاخىرىدا ئاق ئالتۇن بولۇپ يالتىرىشى دېهقانلارغا ئاجايىپ خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ خۇشاللىق ۋە بەخت خۇددى يېڭى تىلى چىققان ، يېڭى ئايىغى چىققان ۋە يېڭى قىلىقى چىققان بوۋاقنىڭ ئانىغا بەخش ئەتكەن خۇشاللىقى ۋە شادلىقىغا ئوخشاش چەكسىز بولىدۇ .

— بۇ يىل كېۋەزلىرىمىز بەك ئوبدان ئوخشىدى ، — دېدى ئابدۇرېهىم شۇجى كېۋەزلىكنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ، — قارىسىلا ، هازىرلا

ئالتە قۇلاق بولۇپ قالدى . بۇنى بۇرۇنقى يىللارغا سېلىشتۇرساق ، ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار . يېزىمىز 1992 ـ يىلى 43 مىڭ 600 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ ، يىلنىڭ ئاخىرىدا 12 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە پاختا ساتقان بولسىمۇ ، لېكىن دېھقانلار يەنىلا 5 مىليون 192 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئىدى . ئۆتكەن يىلى 46 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، يەن ـ تېخ- نىكىغا تايىنىپ قاتتىق ئىشلىدۇق . شۇنىڭغا يارىشا ، يىلنىڭ ئاخىرىدا 59 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك پاختا ساتتۇق . بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار كونا قەرزلەردىن قۇتۇلۇپلا قالماي ، ھال ـ كۈنىنى ئوبدانلا ياخشىلىۋالدى . چارباغ يېزىسىدا 3284 ئائىلە بار . بۇنىڭ ئىچىدە ، 100 مىڭ يۈەندىن ئار- تۇق ئىقتىسادى بار ئائىلىدىن 100 ى،50مىڭيۈەنلىكئائىلىدىن500ى، 20 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 1800 ى ، 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 400 ى بار . قالغانلىرى 5000 يۈەنلىك ئائىلىلەر قاتارىغا كىرىدۇ . ئۇلارنىڭ قولىغا نەقپۇل تېگىپ ، تۇرمۇشىنىڭ ھۇزۇرىنى تېتىدى . خۇدا خالىسا ، بۇ يىل تېپىخىمۇ كۆپ مول ـ ھوسۇلدىن ئۈمىد بار ، دېھقانلار تۆككەن تەرگە ، تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق راھىتىنى كۆرىدىغان بولدى !

ئىلاھىم شۇنداق بولغاي ! جاپاكەش دېھقانمۇ ئۆز ئەجرىگە يارىشا راھەت كۆرسۇن ! ئۆز مېھنەت شارابىدىن يۈرىكى چىلاشقۇدەك ئىچىپ باقسۇن ! ...

بىز ئابدۇرېھىم شۇجى بىلەن كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ چۈشتىن كېيىن ، 5 ـ كەنتنىڭ « زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش قوماندانلىق شتابى »غا يېتىپ كەلدۇق . ئەگەر بۇ يەرگە « زىيانداش ھاشاراتلارنى يو- قىتىش قوماندانلىق شتابى » دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئاشۇ قىزىل لوزۇنكا ئېسىلمىغان بولسا ، بۇ يەر ئادەتتىكى چەللە ـ باراڭغا ، قوغۇنلۇقتىكى شاخ كەپىگىلا ئوخشايتتى . لېكىن ئۇنىڭ قوغۇنلۇقتىكى كەپىدىن پەرقى شۇكى ، ئۇنىڭدا جىددىي « ھەربىي ھالەت » شەكىللەنگەن : كەپىنىڭ شاخلىرىغا بىر مۇنچە قىزىل ، كۆك ، سېرىق بايراقچىلار سانجىلغان ، بىر تەرەپتىكى ئۇزۇن بادرىغا ھەر خىل دورىلار تەگشەلگەن 30 دەك بوتۇلكا

ئېسىلغان، ئۇنىڭ يېنىغا دورا سۈركەش ئۈچۈن بىر مۇنچە پىلتىكۇچىلەر تەييارلاپ قويۇلغان ...

دېمەك، قەيەردىكى كېۋەزلىكتە زىيانداش ھاشاراتلار كۆرۈلىدىكەن، شۇ يەرگە ئالدى بىلەن سېرىق بايراق قادىلىدۇ، شۇنىڭ ئۆزى جىددىي سىگنال، ئاۋازسىز بۇيرۇق ! بۇنى كۆرگەن دېھقانلار بوتۇلكىلار بىلەن پىلتىكۇچلەرنى كۆتۈرۈپ، شۇ يەردە پەيدا بولىدۇ !

مەن «قومانداندىق شتابى» نىڭ ئالدىدىكى تۆت ئەتراپى ئېھاتە ئورمانلىرى بىلەن قورشالغان كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئېتىزدىكى كېۋەزلەر ئادەمنىڭ مەيلىكى كەلگۈدەك بولۇق ئۆسكەن ئىدى، ئېتىزدا بىر تالمۇ ئوت - چۆپ كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭ قىزىقىشمنى كۆرۈپ ئايدۇرېھم شۇجى بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي، مۇنداق دېدى :

— بۇرۇن بۇنداق چاغلاردا دېھقانلار ئېتىزدا ئۆمىلەپ ئوت - چۆپ ئوتايتتى، بۇنىڭ دەردىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، دېھقانلارنىڭ تامبىلى يىرتىلىپ، تىزى يېغىر بولاتتى. لېكىن، بۇ يىل دېھقانلار بۇ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى. شۇڭا، ئېتىزلار ئازادە، دېھقانلارمۇ باشقا ئىشلار بىلەن بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۈچ يىل سىناق قىلىش ئارقىلىق، بۇ يىل يېزا بويىچە 40 مىڭ مو كېۋەزگە «فۇلۇلىك» ناملىق ئوت - چۆپ ئۆلتۈرۈش دورىسىنى بەردۇق. مانا قارىسلا، دورا بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوت - چۆپ چىقمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچلىرىنى تېجەپ قالدۇق، دېھقانلارنىڭ ئېتىزدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئوت ئوتاش جاپاسى تۈگىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئوت - چۆپنىڭ كېۋەزدىن ئوزۇقلۇق تالىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. شۇڭا، ماۋۇ كېۋەزلەر مانا شۇنداق جانلىق، قارامتۇل ئۆسۈۋاتىدۇ !

شۇ چاغدا يېنىمىزغا 5 - كەنت ( ئارا مەھەللە ) نىڭ شۇجىسى جېلىل كېرىم كەلدى. ئوتتۇرا بوي، قارىمۇتۇق بۇ ئادەم قارىماققا ياۋاش، تارتىنچاق كۆرۈنەتتى. جىيەكلىرى مايلىشىپ كەتكەن نېمكەش بادام دوپپىسىنى باستۇرۇپ كىيىپ، تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپىنىنىڭ

تۇگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ يۇرگىنىگە قارىغاندا، ئىشقا پۇختا ھەم ئېدىتلىق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مەن ئېتىزلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— بۇ يىل كەنت بويىچە قانچىلىك كېۋەز تېرىدىڭلار؟

— پىلان 1900 مو ئىدى، ئەمەلىيەتتە تېرىلغىنى 2030 موغا يەتتى.

— بۇ سانغا ماۋۇ قىرغا تېرىلغان كېۋەزلەرمۇ كىرەمدۇ؟ — مەن ساناپ كۆرسەم، قىرلارنىڭ ھەممىسىگە تۆت قۇردىن كېۋەز تېرىلغان ئىكەن.

— شۇنداق، ئۇنىمۇ ھېسابلىدۇق، — دېدى جېلىل كېرىم، — بۇرۇن قىرلارغا تېرىلمايتتى، ھازىر ئالقانچىلىك يەرنىمۇ ئاق قالدۇرمىدۇق، بۇ ئىشنى دېھقانلار ئۆزلىرى تېپىپ چىقتى، رەھبەرلەر رىغبەتلەندۈردى.

— شۇنداق، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئابدۇرېھىم شۇجى، — ئۆتكەن يىلى 2 - كەنتتىكى ئىسمائىل غېرىب دېگەن دېھقان ئۈچ يېرىم مو يەرنىڭ قىرىدىن 417 يۈەنلىك كېۋەز ساتقان، 7 - كەنتتىكى مۇھەممەت رېھىم دېگەن دېھقان بەش مو ئۈچ پۇڭ يەرنىڭ قىرىغا تىرىلغان كېۋەزدىن 514 يۈەنلىك ھوسۇل ئالغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرھات شۇجى (شۇ چاغدا چارباغدا نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرھات سەئىدى) بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقتى، ئۆزى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئاخىر بۇنى پۈتۈن يېزىغا، كېيىن قوشنا يېزىلارغىچە تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتتى. بۇ يىل دېھقانلار ئالقانچىلىك يەرنىمۇ ئاق قويماي تېرىدى. ھېسابلاپ باقساق، پۈتۈن يېزا بويىچە قىرغا تېرىلغان كېۋەزدىن چىققان مەھسۇلات 1800 مو يەرگە تېرىلغان كېۋەز مەھسۇلاتىغا باراۋەر كەپتۇ.

مانا بۇ سىناق، تەجرىبە ئەمەلىيەتتە بىر ئىجادىيەت! رەھبەرلىكنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى بايقاپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى باشلامچىلىق بىلەن قېزىشى دېگەن شۇ-دە! بولمىسا ئۇ، ئاسماندىن چۈشەمدۇ!؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جېلىل كېرىم بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇم بار ئىدى ، لېكىن بۇ كەمسۆز ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، ماڭا تۇتۇق بەرمىدى . بەلكىم ، بۇ هال ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە قىزىقمايدىغان ، ئاددىي ـ ساددا خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك . دېمىسمۇ ، تۇرمۇشتا ، بولۇپمۇ مىللىي خاراكتېرنىڭ ساپ ۋە تۇغۇندا خۇسۇسىيەتلىرى ساقلىنىپ قالغان يېزىلاردا ، مانا شۇنداق ئىشلەشنىلا بىلىپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ، ۋالاقتەككۇرلۇك قىلىشنى خالىمايدىغان ساددا ، سەمىمىي ئادەملەر كۆپ . جېلىل كېرىمنى دېهقانلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ قىلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى . ماڭا بىر نەچچە دېهقان ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى :

« بىزنىڭ بۇ جېلىل شۇجى ئىشلەشنىلا بىلىدۇ ، دېهقاننىڭ غېمىدىن باشقا غېمى يوق . شۇڭا ، بىز ئۇنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلدۇق ! ... »

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، جېلىل شۇجى ئۆتكەن يىلى پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قىپتىكەن . يېزىلىق پارتكوم مۇزاكىرىلىشىپ ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىماقچى بوپتۇ . لېكىن ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دېهقانلار يېزىلىق پارتكومدىن جېلىل كېرىمنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىماسلىقنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ .

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا ، دەسلەپ باشقىچىرەك خىيالدا بولدۇم . بۇرۇن بەزى كەنت ، مەهەللىلەردە كادىر ئالماشتۇرماقچى بولغاندا ، دېهقانلار كونىلارنى چۇشۇرۇپ ، يېڭىلارنى چىقىرىشقا زادىلا ئۇنىمايدىكەن ، چۈنكى ئۇلار : « نەچچە يىلدىن بېرى كونىلارنى ئاران تويغۇزدۇق ، ئەمدى تويغانلار چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىلار چىقسا ، بىز ئۇلارنى تويغۇزۇپ بولغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرىمىز ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، كونىسى تۇرۇۋەرسۇن ! » دېيىشىدىكەن .

لەتىپە تۇسىنى ئالغان بۇ گەپلەردە بەلكىم مەلۇم ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىن . لېكىن جېلىل كېرىمنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن . دېهقانلار يېزا رەهبەرلىرىگە : « بىزنىڭ بۇ شۇجىنىڭ قورسىقىدا

تـەكـچىسى يوق ، ئىچى ـ تېشى ئوخشاش ، ئۇ سەممىي ، جاپادا ئالدىدا ، راھەتتە كەينىدە تۇرىدۇ ، دېھقانىنى قاقتى ـ سوقتى قىلمايدۇ ، ئىنساپلىق ، دىيانەتلىك ! ... » دېگەندەك يۈرەك سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ .

ـــ شـۇنـداق قـىلـىپ ، بىز ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسىنى تـەسـتىقلاشقا ئامالسىز قالدۇق ، ـــ دېدى ئابدۇرېھىم شۇجى ئەھۋالنى چۈ- شـەنـدۈرۈپ ، ئۇ ھازىـرمۇ ئىشـلـەۋاتـىدۇ ، مۇشۇنداق ئىشلەپ بۇ نامرات كـەنـتـنـى نـاھـىـيـە بويىچە پاختىچىلىقتىكى چولپان كەنتكە ئايلاندۇردى . ئەسـلـىـدە بۇ كەنتنىڭ 80% يېـرى بىنـەم ئـىـدى . بۇ كەنت 1989 ـ يىلى 19 ـ دادۈي ( دۆڭـمـەھەلـلە ) دىن بۆلۈنۈپ چىققان . شۇ چاغدا ، جېلىل كـېـرىـم مـازار تـاغـىـنـىڭ بويىدىكى مۇشۇ بىنەم يەرلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغان ، مۇنبەت يەرلەر دۆڭمەھەللىگە قالغان . ھازىر بۇ كەنت يەنە ھەمـمـىـدىـن ئـىـلـگـىـرىـلـەپ كـەتـتى . بۇ، جېلىل كېرىمنىڭ دېھقانلارنى تـەشـكـىـلـلـىـشى ، يېتەكلىشىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن ، جاپالىق ئىشلەپ ئۆلگە كۆرسەتكەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ . ھازىر بۇ كەنتنىڭ پاختىدىن ئادەم بـېـشـىـغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 1030 يۈەندىن ئاشتى . كەنت بويىچە بـىـرمـۇ قـەرزدار ئائىـلە قالمىدى . ئۆتكەن يىلى ناھىيىدىن 1995 ـ يىللىق پـاخـتـا مـۇكـاپـاتـى ئۈچـۈن جېلىل كېرىمگە 5000 يۈەن نەقپۇل بەرگەن ئـىـدى . لېكىن ئۇ بۇ پۇلنى ئالماي : « جاپانى مەنلا تارتمىدىم ، يالغۇز ئات- نـىـڭ چـېـگـى چـىـقـقـان نـەدە بار ؟ بۇ شان ـ شەرەپ كەنتتىكى باشقا كـادىرلارغىمۇ تەئەللۇق ! » دەپ ، 4000 يۈەننى كەنت ۋە مەھەللىدىكى كا- دىرلارغا تارقىتىپ بەردى .

بـۇ سـۆزلـەر مـېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى . قارىماققا ، ئاددىي ـ سـاددا ، تـارتـىـنـچـاق كـۆرۈنـىـدىغان جېلىل كېرىمنىڭ پاك ۋە ئالىيجاناب قـەلـبـى مـەنـدە چـوڭـقـۇر ھۆرمـەت تـۇيغۇسى پەيدا قىلدى . ھازىر بەزى يـەرلـەردە يۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان ، قاقشىتىدىغان ، ھەممىلا ئـىـشـتـا ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىدىغان چوڭ ـ كىچىك « ئەمەلدار » لار يـوق ئەمـەس ! ئۇلارنـىـڭ نامۇۋاپىق قىلمىشلىرى ئالدى بىلەن دېھقانلارنى

قاقشتىپ ، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكىنى ئېغىرلىتىدۇ . بۇنداق ئادەملەرگە جېلىل شۇجىنى سېلىشتۇرساق ، پەرق نېمە دېگەن زور ـ ھە ! ؟

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ، ھايات يولىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئەقىدە بولىدۇ ! سىز مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇنىڭ ئاددىي ، خالىس خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپمۇ ، تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئېسىل خىسلىتى ، جاسارىتى ۋە كۈچلۈك ئەقىدىسى بىلەن نۇرلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە ھاياجانلانماي ، تەسىرلەنمەي تۇرالمايسىز ! دۇنيادا ھايات مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەنلا گۈزەللىككە ۋە ياخشىلىققا تولىدۇ .

قىيىنچىلىقتىن قاچمايدىغان ، جاپادىن قورقمايدىغان ، ئىستىقبالغا ئىنتىلىدىغان ئىرادىلىك ، سەممىي ئادەملەر ھامان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . جېلىل كېرىم ئاساسىي قاتلامدىكى ئاشۇنداق كادىرلارنىڭ بىرى . ئۇ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ھۆرمەت ، ئىشەنچىسىنى ئۆزىگە تۈرتكە قىلىپ ، تۇرمۇشنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ھازىرغىچە مېڭىپ كەلگەن ، ئۇنىڭ قەدىمى بىكار كەتمىگەن ، ئۇنىڭ قەدىمى كەنتكە گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن ، ئۇنىڭ ئىزلىرى يۇقىرىلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ قالغان . بىر ئادەمنىڭ نامىنىڭ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشى ، خەلق قەلبىدە ئابىدە بولۇپ تىكلىنىشى چوڭ ئىش . چۈنكى ، قەلبتىكى ئوبرازنى يوقاتقىلى بولمايدۇ ، ئۇ ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىپ قالىدۇ ! ...

بىز چۈشتىن كېيىن ، كەنتنىڭ 5 ـ مەھەللىسىدىكى ياش دېھقان ئىسمائىل قادىر بىلەن كۆرۈشتۇق . ئىسمايىل قادىر 1987 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، 26 ياشلار ئەتراپىدىكى تېتىك ، بېجىرىم يىگىت ئىدى . ئۇ دەسلەپ دېھقانچىلىقتا كۆڭۈل توختىتالماي ، بىر مەزگىل ھۈنەر قىلغان . كېيىن بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ قاتارلىق

جايلارغا بىرىپ سودىگەرچىلىكمۇ قىلغان .

1989 - يىلى ئۇ 700 يۈەن قەرزنى گەردىنىگە ئارتىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، « ئەل قوينى ئالتۇن بۆشۈك » دېگەندەك ، ئىستىقبالىنى يۇرتتىن ، ئەمگەكتىن تاپقان . 1990 - يىلى ئۇ مەمتىمىن ئىسمايىل دېگەن دېھقان بىلەن شېرىكلىشىپ ، 85 مو يەرنى ھۆددە ئېلىپ كېۋەز تېرىغان ۋە شۇ يىلىلا 11 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالغان .

— 1992 - يىلى ئۆز ئالدىمغا 30 مو كېۋەز تېرىدىم ، — دېدى ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ، — ئەسلىدە ، پاختىنىڭ باھاسى تۆۋەن ، كۆپ تېرىسمۇ پايدا چاغلىق دەپ قاراپ ئاز تېرىغان ئىدىم . لېكىن ، شۇ يىلى ھۆكۈمەت پاختىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى . شۇڭا ، 30 مو يەردىن يەنىلا 12 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدىم . شۇنىڭ بىلەن 1993 - يىلى بىراقلا كۆلەمنى كېڭەيتىپ ، 95 مو يەر ھۆددە ئېلىپ كېۋەز تېرىدىم . 1995 - يىلغا كەلگەندە ، كېۋەز كۆلىمىنى 135 موغا يەتكۈزدۈم . يەرگە سېلىنغان مەبلەغنى كۆپەيتتىم ، ئەڭ مۇھىمى ، ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز ئۆستۈرۈشكە تىرىشتىم . ئالدى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاچقان «قىش پەسلىلىك پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى » غا قاتناشتىم ، ئاندىن ئۆزۈم « شىنجاڭ يېزا پەن - تېخنىكىسى » ، « كېۋەز باشقۇرۇش تېخنىكىسى » قاتارلىق كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇپ ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىدىم . 1995 - يىلى يەرگە 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان ئىدىم ، يىل ئاخىرىدا ، 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساپ كىرىم قىلدىم . مو بېشى مەھسۇلاتىنى 240 جىڭغا يەتكۈزدۈم . بىر نەچچە يىل قاتتىق ئىشلەش ، تىرىشىش ئارقىلىق ، مەخسۇس پاختىچىلىقتىن كەلگەن كىرىم بىلەن 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ قالدىم . ھازىر « بەشتە بىر تۇتاش بولۇش » نىڭ خاسىيىتى بىلەن ، پاختىچىلىقنىڭ ئىنچىكە ، جاپالىق ئىشلىرى يەڭگىللەپ ، دېھقانلارنىڭ قولىنى بوشاتتى . ھازىر بىزنى ئالدىرىتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەقەت ئىككى چوڭ ئىشلا قالدى : بىرى ، دەسلەپكى پەرۋىش مەزگىلىدىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ؛ يەنە بىرى ، پىششاقاندا دەرىجىگە ئايرىپ ، سۈپەتلىك يىغىۋېلىش . 1995 - يىلى كۈزدە ، مېنىڭ 135 مو يېرىمدىكى كېۋەزلەر تەڭلا پىشىپ تەييار بولدى . بىزنىڭ بۇ يەردىن ئەمگەك كۈچى تاپالماي ، كەلپىندىن 46 ئەمگەكچىنى ياللاپ ئەكېلىپ ، 20 كۈندەك ئىشلەتتىم . ئۇلارغا تاماق ، ياتاق ، كىرادىن باشقا ، 18 مىڭ يۈەن ھەق بەردىم . ئەگەر ، — دېدى ئىسمائىل قادىر سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ، — كېۋەزلەرگە 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باش سۈيىنى قويالىسام ، بۇ يىل مو بېشى مەھسۇلاتنى 350 جىڭغا يەتكۈزەلەيمەن . لېكىن ، بىز كېۋەزنىڭ باش سۈيىنى ئاران 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قويالايمىز . بۇ ، دەل كېۋەزلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن پېرىجەك تاشلىۋەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات خېلى كۆپ كېمىيىپ كېتىدۇ !

راست ، ئىسمايىل قادىر توغرا دەيدۇ ، كېۋەزلەرگە ۋاقتىدا سۇ ئېچىش - ئاچالماسلىق كېۋەزنىڭ ھاياتى ، مەھسۇلاتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ! بۇ ئىسمائىل قادىرنىڭلا ئەمەس ، بەلكى مەن ئۇچراتقان بارلىق دېھقانلارنىڭ ئورتاق تەلپى ۋە ئارزۇسى !

ئەگەر ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى يەنە بىر غەيرەتكە كېلىپ ، بۇ مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلالىسا ، پاختا مەھسۇلاتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى ئۆرلەشنىڭ بولۇشىدا شەك يوق ، دېھقانلارنىڭ بۇنىڭغا ئاللىقاچان كۆزى يەتكەن !

كۈن قايرىلغاندا ، 15 - كەنت ( شەيتانكۆل ) بىرىنچى مەھەللىدىكى پېششەدەم دېھقان ئىبراھىم قۇدرەتنىڭ ئۆيىگە باردىم.ئۇنىڭ ھويلا - ئارامى كەڭتاشا ، ئۆيلىرى ئازادە ئىدى . ھويلىدا بىر چوڭ تراكتور ، ئات ھارۋا ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار ئىدى . 51 ياشقا كىرگەن ، دوغىلاق ، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزارغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بېسىپ

ئۆتكەن يوللىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

—— پاختىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا ئون يىل بولدى، بۇ جەرياندا، تۆت يىل ئاپەتكە ئۇچراپ زىيان تارتتىم، ئالتە يىل پايدا ئالدىم. ئۆتكەن يىلى ئەڭ كۆپ پايدا ئېلىپ، 60 مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا ئىگە بولدۇم. بۇنداق ئامەت ئەلۋەتتە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، جاپالىق ئىشلەش كېرەك. جاپا چېكىپ يەرگە ئەجىر قىلمىساق، يەرمۇ بىزنى رازى قىلمايدۇ. ھەمىشە كېۋەزگە دورا بېرىش، پەرۋىش قىلىش، يېغىش مەزگىلىدە قاتتىق ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن، تىرناقلىرىم يېرىلىپ، كالپۇكلىرىم گەز باغلاپ قاناپ كەتتى. ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن بىر نەچچە قېتىم ئېتىزدا ھوشۇمدىن كەتتىم. شۇنىڭغا يارىشا، مانا ھازىر راھەت كۆرۈپ، ئوبدان تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتىمەن. ئۈچ بالامنى پۇل تۆلەپ ئوقۇتۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇم. ھازىر يەنە ئۈچىنى ئوقۇتۇۋاتىمەن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتمىسەم، بۇ بالىلارنى چەت ئەلگىچە چىقىرىپ ئوقۇتۇش نىيىتىم بار. ئەگەر مەن جاپا چېكىپ پۇل تاپمىغان بولسام، بالىلىرىمنى ئوقۇتۇپ خىزمەتكە چىقىرالمىغان بولاتتىم. بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىز راھەتتىن كۆرە، جاپانى كۆپ چېكىپتىكەن، دېھقانچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپتىكەن. بۈگۈنكى تەرەققىياتلارغا، قولايلىقلارغا قاراپ، كۆپرەك ياشاشنى، ئاللا نېسىپ قىلسا، 100 ياشقا كىرىشنى ئويلاپ قالىمەن!

قاراڭ، بۇ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ قەلبى نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟! ئۇ خۇددى ئۆزى تېرىغان ئاشۇ پاختىدەك ئاق ۋە يۇمشاق. بۇ قەلب يەرگە ئەزەلدىن ساختىلىق قىلغان ئەمەس. شۇڭا، يەرمۇ ئۇلارنى ئالدىمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ پاك قەلبى، ھالال ئەجرىگە يارىشا، مول نېمەتلىرىنى ئاتا قىلغان!

مەن ئىبراھىم قۇدرەتنىڭ ھويلىسىدا، ئۇنىڭ نۇرغۇن تېخنىكا سايمانلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئاستاغىنا سورىدىم:

— دېھقانلار سىلىنى «چوڭ تېخنىك» دەپ ئاتايدىكەن، بىرەر ھۈنەرلىرى بارمۇ - يوق؟

— ئىشلەپچىقىرىشنى پەن - تېخنىكا تەلىپى بويىچە قىلغاندا، غەلىبە قىلغىلى بولىدىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئىبراھىم قۇدرەت، — مەن 1984 - يىلىلا كېۋەزگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان. ئۇ چاغدا، دېھقانلار بۇنداق قىلىشنى زادىلا خالىمايتتى. لېكىن، مەن تەشكىلنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە، 30 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىدىم. شۇ يىلى كېۋەزلىرىم راسا ئوخشىدى. مەھسۇلات چىققاندا ھېسابلاپ كۆرسەك، سۇلياۋ يوپۇق ياپمىغانلار بىر مو يەردىن 300 يۈەن كىرىم قىلدى، مەن 600 يۈەن كىرىم قىلدىم. كۆزىتىشىمچە، سۇلياۋ يوپۇق ياپقان كېۋەزلەر نەملىكنى ساقلاپ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولىدىكەن، تېز يېتىلىدىكەن، شۇڭا مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ ئەمەلىيەت دېھقانلارنى تەربىيىلىدى، كېيىن ئۇلارمۇ ئاستا - ئاستا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىيدىغان بولدى.

دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىمۇ، كەنتىمىزدە مەن باشلامچى بولدۇم. لېكىن بەزىلەر: «تۈكۈرۈكتەك كىچىككىنە سۇيۇقلۇقنى بەرگەنگە كېۋەز ئاينىيدىغان، ھوسۇل ئاشىدىغان ئىش نەدە بار؟! يەنىلا يەرنىڭ قۇۋۋىتىگە تايىنىش كېرەك!...» دەپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن گۇمانلاندى. لېكىن، مەن ئىلىم - پەننىڭ خاسىيىتىگە ئىشەندىم. دەرۋەقە، مەھسۇلات راستىنلا ئاشتى. بۇنى كۆرگەن دېھقانلار ئاخىر بۇ خىل دورىلارنىمۇ تالىشىپ ئىشلىتىدىغان بولدى. بىر قېتىم كەنتىمىزگە بىر تېخنىك كېلىپ، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بۇنداق تېخنىكا يىغىنلىرىغا دېھقانلار پۇل تۆلەپ قاتنىشىدۇ، لېكىن سىلەر بىكارغا بىلىم بېرىۋاتسىمۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمايسىلەر، شۇڭا بىز روناق تاپالمايمىز!» بۇ گەپ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ ماڭىدىغان، تېخنىكلار نەدە

ئۇچىرىسا ، مەسلىھەت سورايدىغان بولدۇم ، مەن بۇنىڭ پايدىسىنى كۆر-
دۇم . بۇرۇن مەن تېخنىكلاردىن سورايتتىم ھەم شۇ بويىچە ئىشلەيتتىم .
ھازىر دېھقانلار مەندىن سورايدىغان ، مەن نېمىنى تېرىسام ، شۇنى تېرىي-
دىغان ، مەن قانداق ئۇرۇق ، ئوغۇت ئىشلەتسەم ، شۇنداق ئۇرۇق ، ئوغۇت
ئىشلىتىدىغان بولدى . مەن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر تراكتور ئېلىپ ،
بىنەم ئاچتىم ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتتىم . لېكىن بەزىلەر بۇنى كۆرۈپ:
« بۇ ئادەم ئازراق پۇل تېپىپلا ، ھەدەپ تراكتورنى ۋارقىرىتىپ يەر ئېچىۋا-
تىدۇ ، بىر جېنىغا نېمانچە قىلىدىغاندۇ ، ئۆلمەمدىغاندۇ !؟ » دەپ مەسخىرە
قىلىشتى . لېكىن ، مەن ئۇلارغا : « ئەجدادلىرىمىز بىز گە يەر ئېچىپ ،
مۇشۇنداق مۇنبەت يەرلەرنى قالدۇرغان ، مەن ئۆلسەم ، بۇ يەرلەر ئەۋلادلى-
رىمىزغا قالىدۇ ، يەر ئېچىش ھەرمەڭگە بارغانىڭ ساۋابىغا ئوخشاش
ساۋابلىق !» دېدىم ھەم 40 مو بىنەم ئېچىپ ، قوغۇن تېرىدىم . شۇ يىلىلا
13 مىڭ يۈەن كىرىم بولدى . بۇنىڭ 7000 يۈەنىگە بىر قول تراكتورى
سېتىۋېلىپ ، پاختا زاۋۇتى ، كوپېراتىپ قاتارلىق جايلارنىڭ ھاجەتخانى-
سىدىن گەندە توشۇپ كېۋەز تېرىدىم . كىشىلەر بىر چىرايلىق
تراكتورنىڭ گەندە ، سۈيدۈك بىلەن بۇلغانغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەپسۇسلى-
نىشتى ، لېكىن مەن ئىشمنى قىلىۋەردىم ، ئۇنىڭ ھېسابىغا كىرىمىمۇ
يىلدىن - يىلغا ئاشتى . ھازىر مەندە 245 مو يەر ، 200 چارۋا ، بىر تراك-
تور ، بىر ئات ، ئۈچ كالا ، 50 توخو ، 500 كەپتەر ، سەككىز ئېغىز ئۆي ،
10 مىڭ تۈپ تېرەك بار . مەن ھەمىشە شۇنداق ئويلايمەن : پارتىيە ، ھۆ-
كۈمەت نېمىنى كۆرسەتسە شۇنى قىلساق ، پايدا ئالىدىكەنمىز ، ئەگەر
پارتىيىنىڭ ياخشى سىياسىتى ، ھۆكۈمەتنىڭ يار - يۆلىكى ، ئىلىم -
پەننىڭ خاسىيىتى بولمىغان بولسا ، بىزگە بۇ بايلىق نەدىن كەلسۇن !؟

ئاددىي دېھقانىنىڭ بۇ سۆزلىرىدە ، ئاجايىپ سەممىيلىك ،
قىزغىنلىق ۋە تولۇپ تاشقان ئۈمىد بار ئىدى . بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا بى-
رەرسى دەرس قىلىپ ئۆتكىنى ، لېكسىيە قىلىپ سۆزلىگىنى يوق ، بۇ
سۆزلەرنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىدىن ، ئاچچىق ئەمەلىيىتىدىن ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

هالال ئەجرىدىن تاپقان. شۇڭا، بۇ سۆزلەر كىشلەرگە ئاددىي بولسىمۇ يېقىملىق، قوپال بولسىمۇ سەمىمىي تۇيۇلىدۇ!

## 3

«ئاقساقمارال» دېگەن ئىسىم ئۆتمۈشنىڭ بىر يالدامىسى. بۇ يەرنى سىز هازىرمۇ «ئاقساق» ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. هازىر بۇ يەر تۆت پۇتى بىجىرىم، ھەيۋەتلىك مارالغا ئوخشايدۇ! شۇڭا، ئۇ 1995 ـ يىلى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا، ۋىلايەت بويىچە 100 مىڭ دەنلىك ئىلغار يېزا بولۇپ باھالانغان!

مەن ئاقساقمارال يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى گۇڭ ياۋنەن بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىلا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئوتتۇرا ياشلىق، ئاددىي ـ ساددا كىيىنگەن بۇ كىشى ئۇيغۇرچىنى ناھايىتى ئېنىق ھەم راۋان سۆزلەيتتى، بېشىغىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يازلىق ئاق شلەپە كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ مەن بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى ئۇققاندىن كېيىن:

— قارشى ئالىمىز، يېزىمىزغا كەلگەنلىكىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن، — پاختىچىلىق توغرىسىدا يېزىشنى ئويلاپ ناھايىتى ياخشى قىپسىز. دېھقانلار بىلەن سۆزلىشىڭ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى كۆرۈڭ. يېزىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر چىقىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ چىقىش يولى، بېيىش يولى ھەقىقەتەن پاختىچىلىقتا. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرايلى دېسەك، بۇ يەردە توك يوق. تېخىچە قەشقەرنىڭ سىم تارتىپ، توك بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز، قاتناش راۋان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە بېيىشنىڭ بىردىنبىر يولى پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

بۇ ئادەمنىڭ سۆزى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. كونىلاردا: «قايسى تاغدا بولساڭ، شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيت!» دېگەن گەپ بار. گۇڭ ياۋنەن بۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى — ئەۋزەللىكىنى، ئاجىزلىقىنى، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى، ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى خېلى پىششىق چۈشەنگەن، بىلگەن. شۇڭا، سۆزلىرىمۇ ئەمەلىيەتكە، رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىۋاتىدۇ، بىر خىل بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. خەلقىمىز ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئاساسىي قاتلامغا چۆككەن، جاپاكەش دېھقانلار بىلەن بىۋاسىتە سىردىشىپ، ھېسسىيات ئالماشتۇرالايدىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، تەقدىرى ئۈستىدە غەرەزسىز باش قاتۇرىدىغان كىبىرسىز كادىرلارغا موھتاج!

مەن گۇڭ شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ بەزى تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرگە شۇجى بولۇپ كېلىپلا، ئىشنى «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدىن باشلاپ، يېزا مىقياسىدىكى پېنسىيىگە چىققان 43 نەپەر كەنت كادىرلىرىنى تونجى قېتىم بىر يەرگە يىغىپ، ھال سوراش يىغىنى ئاچقان، بىر نەچچە پېشقەدەم كەنت كادىرلىرى ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «پارتىيە، تەشكىل بىزدەك سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى تېخى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، سىلەرگە رەھمەت!» دېگەندە، گۇڭ ياۋنەن: «رەھمەتنى سىلەرگە ئېيتساق بولىدۇ، يولنىڭ مۇشكۈلىنى سىلەر ماڭغان، يۈكنىڭ ئېغىرىنى سىلەر كۆتۈرگەن. سىلەرنىڭ شۇ جاپالىق ئەجىرىڭلار بەدىلىگە يېزىمىزنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى بارلىققا كەلگەن. پارتىيە، ھۆكۈمەت سىلەرنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ!» دەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان. ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ھال سوراش يىغىنلىرى قۇرۇق - قۇرۇق ئېچىلماستىن، بەلكى پېشقەدەم كەنت كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان. مەسىلەن، 1993 - يىلى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە 200 يۈەندىن، 1994 - يىلى 300 يۈەندىن، 1995 -

يىلى 400 يۈەندىن نەقپۇل تارقىتىپ بېرىلگەن. بۇلاردىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ يەر، سۇ، دەل - دەرەخ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، يىللىق مەجبۇريي ئەمگەك كۈنىنىمۇ كەچۈرۈۋەم قىلىنغانىكەن.

ئادەمنىڭ قەلبىگە ھۇزۇر، تېنىگە ھارارەت بەخش ئېتىدىغان بۇنداق قىزغىن، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلغان، ياشىنىپ قالغان پېشقەدەم شۇجى ۋە كەنت باشلىقلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قايتا ھېس قىلىشقان، يېڭىدىن كۈچ - قۇۋۋەت، ئۈمىد - ئىشەنچكە تولغان. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا تىكلىگەن ئىناۋىتى، نوپۇزى بىلەن دېھقانلارغا، ياش كادىرلارغا يەنىلا ياخشى مەسلىھەتچى، ياخشى باشلامچى بولغان.

مەن گۇڭ شۇجى بىلەن خوشلىشىپ، ناھىيە بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا «10مىڭ دەنلىك كەنت »بولۇپ باھالانغان 11 - كەنت — ئۆتەگگە كەلدىم. بۇ كەنتنىڭ ياش شۇجىسى تۇرغۇنجان ماگا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىر نەچچە يىلدىن بېرى، كەنتىمىزدە پاختىچىلىق بىلەن بېيىغان دېھقانلار خېلى كۆپەيدى. ھازىر بىزدە 500 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن ئىككىسى، 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 30 ى بار. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە قەرزدار ئائىلە يوق. 1995 - يىلى كەنت بويىچە 4800 مو كېۋەز تېرىپ، 10 مىڭ 548 دەن پاختا ئالدۇق. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1339 يۈەن بولدى.

كەنتىمىزدە ئالدىن بېيىغان دېھقانلار پاختا بىلەن بېيىشنىڭ ئەمەلىي ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى كېۋەز كىرىمى ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىنى قىزارتىۋەتتى. شۇڭا، دېھقانلار يەرنى كۆپرەك بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ، ئۇلار يەرلا بولسا، كېۋەز تېرىپ بېيىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. بۇرۇن دېھقانلار يەرنى ئاق تاشلاپ، يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن، ئۇ چاغدا تارتقان جاپاغا تۇشلۇق

راھەت ، ئىشلىگەنگە تۈشلۈق دارامەت يوق ئىدى . ئەمدى ئۇلار يەرنىڭ قەدرىگە يەتتى ، يەرمۇ ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى . كەنت بويىچە 1995 ـ ۋە 1996 ـ يىللىرى ئېچىلىپ تېرىلغان بىنەم يەر 600 موغا يەتتى . لېكىن، ئەمدى كېڭىيىشنىڭ ئامالى يوق . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، سۇ يوق ، ئىككىنچىدىن ، بىنەملىرىمىز توغراقلىققا تاقىلىپ قالدى ...

مەن تۇرغۇنجان بىلەن سۆزلەشكەچ ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئارىلاپ ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى كەسپىي ئائىلە سايىم سابىرنىڭ ئۆيىگە كەلدىم . بېشىغا نىمكەش ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان ، كەكە ساقال ، بۇغداي ئۆڭ ، ئوتتۇرا بوي ، 57 ـــ 58 ياشلاردىكى بۇ ساددا دېھقان بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى . ئۇنىڭ كەڭ ھويلىسىدا بىر چوڭ ، بىر كىچىك تراكتور ، سېيالكا ، بۇقۇسا ۋە ھەر خىل رېمونت سايمانلىرى تۇراتتى . بىر چەتتىكى قوتاندا قويلارنىڭ مەرىشىپ ، كالىلارنىڭ ھۆركىرىشىپ ، بىر چەتتىكى ئۆيدە توخۇلارنىڭ ۋاقىلداپ ، كەپتەرلەرنىڭ ئۈنلەپ تۇرۇشى چوڭ ھويلىنى يېزىغا خاس ھىد ـ پۇراق ، دېھقانغا خاس تۇس ـ قىياپەت بىلەن جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى .

سايىم سابىر ھازىر قولىدىكى 300 مو يەرنىڭ 250 موسىغا كېۋەز تېرىيدىكەن . ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ جېمى ئىشلىرىنى ماشىنا بىلەن ئۆزى قىلىدىكەن . پەقەت كېۋەز پىشقاندا ، يىغىش ئۈچۈنلا 100 دەك ئادەم ياللايدىكەن . ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە كۈنلۈك ھەققى ئۈچۈن تاماقتىن باشقا 15 يۈەندىن 20 يۈەنگىچە پۇل بېرىدىكەن . ئۇ 1995 ـ يىلى 260 مىڭ يۈەنلىك پاختا سېتىپ ، 120 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئاپتۇ ...

ـــ ئۆزۈم بېيىغاندىن كېيىن ، تېخى بېيىيالمىغان دېھقانلارغا ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدىم ، ـــ دېدى ئۇ تارتىنچاقلىق بىلەن سۆزلەپ ، ـــ بۇ يىل ئەتىيازدا يېرىنى ھەيدىيەلمىگەن ھوشۇر ئەرەقۇل قاتارلىق دېھقانلارنىڭ 50 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردىم . 1993 ـ يىلى مامۇت قادىر ئاغرىپ قالغاندا ، داۋالىنىش ئۈچۈن 1000 يۈەن ، 1994 ـ يىلى يەنە 700 يۈەن بەردىم . لېكىن ئۇ ياخشى بولالماي ، بۇ يىل ئەتىيازدا قازا قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى ، 500 يۈەن پۇل ۋە بىر قوي بىلەن ئاخىرەتلىكنى ئۇزاتتىم، نەزىردىن كېيىن ، باللىرىنىڭ بېقىۋېلىشى ئۈچۈن بىر قوزىلىق قوي بەر-دىم . ھازىر دېھقانلارنىڭ ھەممىسى : ھۆكۈمەت كېۋەز تېرىشقا دەۋەت قىلىپ ، ناھايىتى بەلەن ئىش قىلدى ، بىزنىڭ بېيىش يولىمىزنى كۆر-سەتتى دەپ خۇشال بولۇشتى . لېكىن ، ھازىر بىزدە مۇنداق ئىككى خىل غەم ـ ئەندىشە بار : بىرى ،پاختا ھەمىشە مۇشۇنداق بولامدۇياكى3 ــ 4 يىلدىن كېيىن باھاسى چۈشۈپ ، كاسات بولۇپ ، بىزنى ئوڭدا قويامدۇ ؟! يەنە بىرى ، پاختىنىڭ باھاسى ئاسان ئۆرلىمەيدۇ ، بىكىتىلگەن ، لېكىن پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا كېتەرلىك سۇلياۋ ، ئوغۇت ، كۆنجۈرە قاتارلىقلار-نىڭ باھاسى خالىغانچە ئۆرلەۋېرىدۇ . ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، يەنىلا دېھقاننىڭ كىرىمىدىن چىقىمى كۆپىيىپ ، بېيىشى قىيىنلىشامدۇ ؟!...

سايىم سابىر ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئىككى مەسىلە ھەقىقەتەن ئەمەلىي مەسىلە . بۇ توغرىدا دېھقانلارنىڭ باش قاتۇرۇشى ، غەم ـ ئەن-دىشە قىلىشىمۇ يوللۇق . لېكىن مېنىڭچە ، بۇلار يەنىلا ئالغا بېسىش ، تەرەققىي قىلىش يولىدىكى قىسمەنلىك ۋە قىيىنچىلىقلار . ئۇ ھامان ھەل بولىدۇ ، بەزىدە ، يۇقىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە سىياسەت قوللىنىشى بىلەن ئوڭشىلىدۇ . بەزىدە ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى بويىچە تەڭشىلىپ ، بىر تەرەپ بولىدۇ . ئەمما ، پاختىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز . جەمئىيەت ، ھاياتلىق مەۋجۇت ئىكەن ، ئۇمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ، ھېچ بولمىغاندا ، يېقىنقى 10 ــ 15 يىلغىچە ئۇمۇ جەمئىيەتنىڭ ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىللە ئۈزلۈكسىز تە-رەققىي قىلىدۇ ، يۈكسىلىدۇ ! سايىم سابىر ئاخىرىدا مۇنداق دېدى :

ــ مەن ھازىر كەنتىمىزدىكى 500 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم . لېكىن مەن قارا كۆچۈمگىلا تايىنىپ بېيىغىنىم يوق . مېنىڭ بۇنداق تېز بېيىشىم ، بىرىنچىدىن ، پارتىيىنىڭ ئوبدان سىياستى-دىن ؛ ئىككىنچىدىن ، يەن ـ تېخنىكىغا تايانغانلىقىمدىن ؛ ئۈچىنچىدىن ، پاختىنى چىڭ تۇتقانلىقىمدىن بولدى . مەن 1994 ـ يىلى ناھىيە بو-

يـىـچـە « پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى چولپان ئائىلە » دەپ باھالىنىپ ، 1000 يـۈەن مـۇكـاپـات ئالـدىـم ، ئۆتـكـەن يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىغا قاتناشتىم .

سـايىم سابىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم . كۆز ئالـدىمدا ، نەچچە كۈندىن بېرى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى .

دەرۋەقـە ، هازىـر يـېـزا - كەنتلىرىمىزدە سايىم سابىر ، ئىبراھىم قـۇدرەتكە ئوخشاش 500 مىڭ يۈەنلىك ، 300 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەر تېخى ھەقىقەتەن ئاز . كۆپ قىسىم ئائىلىلەر تېخىچە سېرىقتال ھالىتىدە تۇرماقتا . لېكىن ، بېيىشنىڭ يولى ئېچىلدى ، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر بۇ يولنى ئاچـقـان ئـىـكـەن ، بۇ يولدىن ماڭىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ، 200 مـىـڭ يـۈەنـلـىـك ، 100 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مـەيـدانـغـا كـېـلـىـشى مۇقەررەر . چۈنكى ، سايىم سابىر ئېيتقاندەك ، توغرا سـىـيـاسەت ئۇلارغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ ، پەن - تېخنىكايار - يۆلـەك بـولـۇۋاتـىـدۇ ، پـاخـتـىـچـىـلـىقنىڭ ئىستىقبالى كىشلەرنى ئۈمىدكە چۆمدۈرۈۋاتىدۇ !

دېـھـقـانلار ئـەمـەلـىـيـەتـچان كېلىدۇ . ئۇلار ئاڭلىغىنىدىن كۆزە ، كـۆرگـىـنىگە بەكرەك ئىشىنىدۇ ، ئۆز يېرىدە ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ زور ئىشەنچكە ئىگە قىلدى ، ئـىـشـەنـچ ئۇلارغا جاسارەت ئاتا قىلدى ، جاسارەت ئۇلارنى يەرگە ، پاختىغا تېخىمۇ مەھكەم باغلىۋەتتى !

مـۇشـۇ قـۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا بىردىنلا خىيالىمغا ناھىيە ھاكىمى مەتتىمىن توختى بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى بەزى گەپلەر كېلىپ قالدى:

مـەن يـېـزا - كەنتلەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ، ناھىيە ھاكىمى بىـلـەن كۆرۈشۈپ ، ناھىيىنىڭ پاختىچىلىق ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەشكەن ئـىـدىـم . بۇنىڭدىكى مەقسىتىم ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھىيە دەرىجىلىك رەھبـىـرىـي كادىردىن بىرەرسىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ، ئوچۇقراقى ، مۇشۇ

هاكىمنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا ئۆز - تولا يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش ئىدى. كۆتمىگەن يەردىن مەتىمىن هاكىم مۇنداق دېدى: «پاختىچىلىقنى تۇتۇش، يۇكسەلدۈرۈش ناهىيىلىك پارتكوم ۋە ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى. بىز پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىلا قىلدۇق، سىياسەتنى تۇتتۇق، يول كۆرسەتتۇق، ئىشنى دېھقانلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قىلدى. يېزىشقا، مەدھىيىلەشكە توغرا كەلسە، شۇلارنى يازايلى، شۇلارنى مەدھىيىلەيلى!...»

مەن دەسلەپتە بۇ سۆزلەرنى هاكىمنىڭ كەمتەرلىك ياكى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، تۆۋەنگە چۈشۈپ دېھقانلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، سىردىشىپ، ئەمەلىي ئىشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، هاكىم ئېيتقان سۆزلەرنىڭ راستلىقىنى، ئۇنىڭ قانداقتۇ تەكەللۇپ سۆزلەر بولماستىن، بەلكى يۈرەكتىن چىققان سەممىي، ئاقىلانە سۆزلەر ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. توغرا، ناھىيە رەهبەرلىرى سىياسەتنى تۇتقان، ئىجرا قىلغان، يول كۆرسەتكەن، خۇددى پىششىق هەربىي قوماندانلاردەك ئۇلۇغۋار پىلاننى تۈزگەن. جەڭنى بولسا ئاشۇ ساددا، مۇلايىم، لېكىن غەيرەت، ئىرادىسى تاغنى تالقان قىلالايدىغان دېھقانلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قىلغان. ئۇلار يۈزمۈيۈز ئېلىشقان، هېسابسىز قان - تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ، چوقۇقىغا يامىشىپ، غەلىبە بايرىقىنى تىككەن! شەرەپ، مەدھىيە ھەقىقەتەن ئاشۇلارغا مەنسۇپ! ئۇلار ناهىيىنىڭ، ناهىيە رەهبەرلىرىنىڭ يۈزىنى يورۇق، گېپىنى پۈتۈن قىلغان! ئۇلارغا رەهمەت، ئاپىرىن!...

## 4

«پەلەكنىڭ هېكمىتى كۆپ، گاهى يىغلىتىدۇ، گاهى كۈلدۇ-

رىدۇ ؛ تەلەيىنىڭ تىنىچى يوق ، گاھى تۆرگە سۆرەيدۇ ، گاھى گۆرگە . »
تەبىئەت دۇنياسىدا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . مانا شۇ ئىشلار ئا-
دەمنى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ، غەيرىتى ۋە تۇرمۇشقا بولغان
پوزىتسىيىسىنى سىنايدۇ !

ناھىيە بازىرىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭقۇرچاق يېزىسى
1995 - يىلى باش كۈزدە ، تەبىئەتنىڭ جىددىي سىنىقىغا دۇچ كەلدى . بۇ
كۈنلەردە ، دېھقانلار مول ھوسۇل خۇشاللىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى ، سالا
ئېتىزلاردىكى تەكشى ئېچىلغان كېۋەزلەر خۇددى كۈمۈش غۇنچىلاردەك
يالتىراپ ، ئۇلارغا بەختتىن ، ئامەتتىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى .
مەزمۇت ئۆسكەن قوناقلارمۇ يوغان - يوغان باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ،
كىشىلەرگە ئالتۇن كۈزنىڭ ساخاۋىتىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.
قىسقىسى ، دېھقانلار بىر يىللىق ھالال ئەجرىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈش ،
ھالاۋىتىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇراتتى . دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ،
يەنى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەچ سائەت ئالتە ئەتراپىدا تۇيۇقسىز ياغقان
شىددەتلىك مۆلدۈر چوڭقۇرچاق يېزىسىنىڭ 15 كەنت ، 62 مەھەللىسىگە
ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ، 21
مىڭ مو يەردىكى كېۋەز خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك يەرگە تۆكۈ-
لۈپ ، لاي - لاتقا ئاستىدا قالدى ، 9360 مو يەردىكى قوناق ئىتتىك پىچاقتا
شىلىنىۋەتكەندەك سوتا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، 800 مو يەردىكى
بېدە ، 670 مو يەردىكى باغ - ۋاران ، 475 مو يەردىكى قوغۇن - تا-
ۋۇزلارمۇ مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن خانىۋەيران بولۇپ كەتتى !

كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ قارا مۆلدۈربار -
يوقى ئون مىنۇت چۈشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ، شۇنچە كۆپ دېھقاننىڭ
ئون ئايدىن بېرى تۆككەن ھېسابسىز قان - تەرىنى ، مول - ھوسۇلغا
باغلىغان ئۈمىد - ئارزۇسىنى خۇددى كەچكۈزدە چىققان شامالدەك
ئۇچۇرۇپ كەتتى . شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ، دېھقانلارغا بولغان بىۋا-
سىتە زىيان 20 مىليون يۈەن ، ئومۇمىي زىيان 34 مىليون يۈەن بولدى .

بۇنى كىشى بېشىغا سۇندۇرغاندا ، 1000 يۇەندىن ئېشىپ كەتتى دېگەن گەپ ئىدى .

بۇ تۇيۇقسىز ئاپەت بىلەن دېھقانلار ھەقىقەتەن داغدا قالدى ، ئېتىز ئۈستى يىغا ـ زارە ، داد ـ پەرياد بىلەن تولدى . ئۇلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئامەتنىڭ ، قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بايلىقنىڭ بىرلا مۆلدۈر بىلەن غەلدى ـ غەشكە ئايلىنىپ ، ھەممە نەرسىسىدىن بىراقلا مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقلىرىغا چىدىمىدى ، يۈرىكى دەرد بىلەن ، كۆزلىرى ھەسرەتلىك ياش بىلەن تولدى .

ئاپەت خەۋىرى ناھىيىگە يېتىپ كەلگەندە ، يېرىم كېچىدىن ئاشقان ئىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ، ئاپەت رايونىغا ( 9 ـ كەنتكە ) بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرھات سەئىدى ماشىنىسىدىن چۈشۈشكە ، ئەتراپىنى كېچىچە ئۇخلىماي ، ئېتىز بېشىدا گاڭگىراپ يۈرگەن دېھقانلار ئورىۋالدى ، ئۇلارنىڭ چىراي سولغۇن ئىدى . ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ پەرھات شۇجىغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى :

« دېھقانچىلىق بەزىدە چىلىق ـ چىلىق ، بەزىدە قۇرۇق پىلىك دېگەن شۇ ! بىز ئەمدى قۇرۇق ئېرىق ، قۇرۇق پىلىك ، قۇرۇق ئىسكىلىت بولۇپ قالدۇق ! »

بۇ گەپلەرگە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك ۋە ھەسرەت — نادامەت سىڭىپ كەتكەن ئىدى ، بۇ ، ئازابلىنىۋاتقان روھنىڭ ئاچچىق نالىسى ئىدى !

— بالام ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟! — دەيتتى قېرىلار ساقاللىرىنى تىترىتىپ ، — خۇدا بىزنى نېمىشقا بۇنداق جازالايدىغاندۇ ...

— پەرھات شۇجى ، ئەمدى بىزگە كىم ئىگە بولىدۇ ؟ — دەيتتى بىر قىسىم دېھقانلار ئۈمىدسىزلىكتىن گاڭگىراپ ، — كېلەر يىلى ئورمىغىچە بىز نېمە يەيمىز ، بالىلىرىمىزنى كىم باقىدۇ ؟ ...

پەرھات سەئىدىنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرلەپ ، كۆز چانىقىدا ياش لە-

غىرلاپ قالغان ئىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئاپەتنىڭ مۇدھىش مەنزىرىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. نابۇت بولغان كېۋەزلەر تېرىلىپ، غۇنچە بولۇپ ئېچىلغۇچە ئارىلىقتا، ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە تالاي قەدەم ئىزلىرى قالغان ئىدى، ئۇ خۇددى ئۆز پەرزەنتىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، پەپىلىگەندەك ھەر بىر تۈپ كېۋەز، ھەر بىر تۈپ قو-ناقنىڭ ئۆسۈش، ئاينىش ئەھۋالىنى كۆزەتكەن، تەكشۈرگەن، يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. بۇ يەرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىشتا، ئۇنىڭمۇ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ يېزىدا نۇقتىدا تۇرغان، دېھقانلار، كادىرلار بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا، يازلىق يىغىمغا قاتناشقان، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۇمۇ كۈزلۈك مول ھوسۇلدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەن! شۇڭا، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ مۇدھىش ئا-پەتنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بولغان زەربىسى دېھقانلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر بىر رەھبەرگە خاس جاسارەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەم-قايغۇنى، ئۈمىدسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ئاپەتكە قارشى جەڭگە ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك!

— قېرىنداشلار، كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلار! — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇختىتىپ، — تۇرمۇشۇڭلاردىن غەم يېمەڭلار، پارتىيە بار، تەشكىل بار، ھېچكىم ئاچ-يالىڭاچ قالمايدۇ. تەبىئەت بىزگە جەڭ ئېلان قىلغان ئىكەن، بىزمۇ بۇ جەڭگە ئاتلانمىساق بولمايدۇ!

توغرا، ئادەم يىقىلغان ۋاقىتتا ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، زارلانماسلىقى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قەتئىي ئالغا چامداپ مېڭىۋېرىشى كېرەك! چۈنكى، ئىشەنچىنىڭ ئۆزى ئالتۇن ئاچقۇچ!

ناھىيە رەھبەرلىرى ئاپەت ئېغىر بولغان ئىككى كەنتتە نەقمەيدان يىغىنى ئېچىپ، چاقماق تېزلىكىدە ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنى باش-لىۋەتتى. پۈتۈن ناھىيە، پۈتۈن يېزا قوزغالدى. «خەلق پۈۋ دېسە، بوران چىقىدۇ» دېگەن مانا شۇ! ئەتىسى، 16 مىڭ ئەمگەك كۈچى تەش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىلىنىپ ، ئاپەتكە قارشى جەڭگە ئاتلاندى . 8000 دەن پاختا لاي ـ پاتقاق ئارىسىدىن تېرىۋېلىندى . ناھىيىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن 150 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىنىپ ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى ، ناھىيە ئۆزى 250 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنى قۇتقۇلدۇردى . ناھىيىلىك سۇغۇرتا شىركىتى دېھقانلارنىڭ سۇغۇرتا قىلىنغان يەرلىرى ئۈچۈن 680 مىڭ يۈەن نەقپۇل تارقاتتى . ئەسلىدە ، بىر مو يەر تۆت يۈەن بىلەن سۇغۇرتا قىلىنغان ئىدى ، لېكىن ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانىنىڭ ھەر بىر مو يېرىگە 90 يۈەندىن سۇغۇرتا ياردەم پۇلى بېرىلدى ...

مانا شۇنداق جىددىي كۈرەش ، ۋاقتىدا قىلىنغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر نەتىجىسىدە ، دېھقانلار بىلەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى غەم ـ قايغۇنى كۈچ ۋە غەيرەتكە ئايلاندۇرۇپ ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى . ئاپەت بولغان كەنت ، مەھەللىلەر شۇنچە زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن يىل ئاخىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى يەنە 880 يۈەنگە يەتتى ، ھېچقانداق دېھقان قەرزگە بوغۇلماي ، قىشتىن ياخشى چىقتى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ يىلقى ئەتيازلىق تېرىلغۇنى تېز ، سۈپەتلىك ئورۇنداپ ، ناھىيە بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1 ـ بولدى . بۇ يىل ئۇلار كېۋەز كۆلىمىنى 52 مىڭ 100 موغا يەتكۈزۈپ ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 3000 مو ئاشۇردى !

مانا بۇ دېھقانلارغا خاس باتۇرلۇق روھى ؛ تەبىئەتكە ، ئاپەتكە قارشى ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان پىداكارلىق روھى ! مانا شۇ روھ 3000 يىلدىن بېرى بۇ زېمىننى بويسۇندۇرۇپ ، گۈللەندۈرۈپ ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كەلگەن ؛ مانا بۇ روھ تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى قاقاسلىقنى بىپايان يېشىل دالىغا ئايلاندۇرغان ! بۇ روھ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بىلەن بۇ زېمىننى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ ، ئالتۇن ۋادىغا ، كۈمۈش پاياندازغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ !

# 5

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ئۈزلۈكسىز يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش، كونا ئادەت - ئۇسۇللارنى شاللاش، ئۆزگەرتىش ھېسابىغا تەرەققىي قىلىدۇ. مارالبېشىنىڭ پاختىچىلىقىدا ئۇرۇق، سورت يېڭىلاش، كونىسىنى شاللاپ، يېڭىنى تاللاش ئارقىلىق يىلدىن يىلغا مەھسۇلات ئاشۇرۇلغان، سۈپەت ئۆستۈرۈلگەن.

ئۇلار 1953 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ « 3173 — C »، « 3173 — CZ » كېۋەز سورتلىرىنى تېرىغان. بۇنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 50.2 جىڭ ۋە 92 . 33 جىڭ بولغان. كېيىن ئۇلار « 3173 — CZ » بىلەن « 108 — Ф » كېۋەز سورتىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىغان. نەتىجىدە، كېۋەز سورتىنىڭ ساپلىقى بۇزۇلۇپ بىرلىك مەھسۇلات 28.5 جىڭغا چۈشۈپ قالغان. ئۇلار بۇ ساۋاقنى يەكۈنلەپ، 1980 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېۋەز سورتلىرىنى تاللاپ، « چوڭ غوزىلىق كېۋەز » سورتىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، بىرلىك مەھسۇلات 115.7 جىڭغا يەتكەن. 1991 - يىلى ئۇلار جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتىشتۈرگەن « جۇڭگو قۇرۇقلۇق كېۋىزى 12 - نومۇر »نى كىرگۈزگەن ۋە دەسلەپ بىر يېزىدا؛ ئىككىنچى قېتىم ئىككى يېزا، ئۈچ مەيداندا، ئۈچىنچى قېتىم كەڭ دائىرىدە سىناق قىلىپ، 1995 - يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە كېڭەيتىپ تېرىغان. بۇنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 206.5 جىڭغا يېتىپ، مەھسۇلاتى بۇرۇنقى سورتلاردىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ئەڭ مۇھىمى، بۇ سورتنىڭ كۆپ غوزىلايدىغان، ساپ پاختا نىسبىتى يۇقىرى، تالاسىدا قەنت تەركىبى تۆۋەن بولغاچقا، خەلقئارا بازارغا ماس كېلىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى ئىسپاتلانغان.

ھازىر ئۇلار يەنە « جۇڭگو قۇرۇقلۇق كېۋىزى 19 - نومۇر »،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

« بۇخارا 6 ـ نومۇر » ، « جۇڭگو كېۋىزى 99 » قاتارلىق 15 خىل كېۋەز سورتىنى ھەر خىل كۆلەم ، ھەر خىل مۇھىتتا تەجرىبە ۋە سىناق قىلىشقا تىرىشتى .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ خىل تەجرىبە ، سىناقلار ئارقىلىق ، مارالبېشىنىڭ كىلىماتىغا ، تۇپرىقىغا ، سۇيىگە ۋە مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان ئەلا سورتلار مەيدانغا كېلىپ ، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىندى .

ياخشى تەجرىبىلەر ، ئۈنۈملۈك سىناقلار كىشىگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ ، ئۇنىڭدىن كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ بەزى سىرلىرىنى بىلەلەيدۇ ، ئاچالايدۇ . بۇرۇن بۇ يەردە ، كېۋەزلىككە ئومۇميۈزلۈك دورا چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان . بۇنىڭ بىلەن كېۋەز پىتى ، كۆك پىت ، غوزا قۇرتى ، قىزىل ئۆمۈچۈك ، يەر يولۋىسى قاتارلىق ئەڭ يامان زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىلغان بولسىمۇ ، زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كۈشەندىسى بولغان خانقىز ، ئالتۇنكۆز ، قىزىل كۆزلۈك ھەرە قاتارلىقلارمۇ يوقاپ ، تەبىئىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان .

دېمىسىمۇ ، تەبىئەت مۇكەممەل بىر سىستېما . ئۇ ئۆز قوينىدا ياشاۋاتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىق تەقدىرىنى قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان . كېۋەزلىكتە پەيدا بولىدىغان زىيانداش ھاشاراتلار بىلەن بىللە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان كۈشەندىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ سىرى . بىز بۇ سىرنى ئىگىلىگەندىلا ، ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقالايمىز . كادىرلار ۋە دېھقانلار مانا شۇنداق ئەمەلىي بىلىش جەريانى ئارقىلىق ، كېۋەزلىكنى ئومۇميۈزلۈك دورىلاش ئۇسۇلىنى تاشلاپ ، قەيەردە ، قانداق زىيانداش ھاشارات پەيدا بولسا ، شۇ يەرگە شۇ خىلدىكى دورىنى ئىشلىتىپ ، دەرھال شۇ دائىرىدە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى تاللىغان . بۇ ئۇسۇل بىلەن كېۋەزلىكنىڭ تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقى ساقلاپ قېلىنغان .

يوقىرىقىلاردىن بىز شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ــ ئىنسانلار بۇ دۇن-

يادا يېڭى - يېڭى يوللارنى ئېچىش ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، بۇنداق يول ئېچىش مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

مەن مارالبېشىدا بىر نەچچە يېزىنى، ئون نەچچە كەنت، مەھەللىنى زىيارەت قىلدىم. سالا ئېتىزلاردىكى بولۇق، تەكشى ئۆسكەن كېۋەزلىكلەرگە قاراپ، دېھقان ئەجرىدىن كۆڭلۈم سۆيۈندى، بۇ يىلمۇ ئۇلارنىڭ پاختىدىن تېخىمۇ چوڭ مول ھوسۇل ئالىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. كۆز ئالدىمدا ئۇپۇقىچە تۇتاشقان كۈمۈش پايانداز لارغا ئوخشايدىغان كېۋەزلىك، كېۋەز تېرىش ۋاقتىدىكى ئالدىراش، خۇشال مەنزىرىلەر، دۆۋىلەنگەن پاختا بارىخانلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن پاختىلارغا يىراقتىن قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنى پاختا ئەمەس، يەرگە يېقىنلاشقان ئاق بۇلۇت دەپ قالىسىز! راست، ئۇ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە چوقۇم شۇنداق تەسىر قالدۇرىدۇ، لېكىن ئۇ ئاق بۇلۇت ئەمەس، بەلكى بۇلۇتنى سۆيگەن ئاق پاختا. ئۇنى ئاشۇ جاپاكەش دېھقانلار يېرىنىڭ، قاداق قوللىرى بىلەن بىر تال - بىر تالدىن تېرىپ ئۆستۈرۈپ، يەنە بىردانە - بىردانىدىن يىغىپ دۆۋىلەپ ئاسمانغا تۇتاشتۇرغان. ئۇنىڭغا سىڭگەن قان - تەرنى ھازىرقى ھېسابلاش ماشىنىلىرى بىلەن ھېسابلاش تەس! ئۇنى پەقەت ئاشۇ ئىشنى سۆيگەن، ئاشۇ يەرگە ئىشق باغلىغان دېھقانىنىڭ پاك قەلبى بىلەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىلا ھېسابلىيالايدۇ!

مەن قەلەمنى توختىتىشتىن بۇرۇن، مارالبېشىدىكى بارلىق ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان خەلققە، خەلقنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان بارلىق سەممىي، جۇشقۇن كادىرلارغا تەنتەنە بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ:

ئالتۇن ۋادىنىڭ ھۆسنىگە ياراشقان بۇ كۈمۈش پايياندازنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئۇزۇن سالايلى! ئۇ يۇرتىمىزنى جاھانغا تۇتاشتۇرسۇن، ئۇ خۇددى ئەجدادلىرىمىزنى جاھانغا تونۇتقان «يىپەك يولى» دەك، بۈگۈنكى مارالبېشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ جاھانغا تۇتاشتۇرىدىغان ئاق يولغا ئايلاندۇرسۇن! ئىستىقبال مارالبېشىغا ئىللىق

چىراي ئېچىپ تۇرۇپتۇ ، بۇ خاسىيەتلىك زېمىنغا تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ۋە ئامەت ياغقۇسى !

1996 ـ يىل ئىيۇن ، مارالبېشى



# بىر ئەۋلىيا ھەققىدە قىسسە

ئۇ ئادەتتە، سىز، بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ھەم نورمال ئادەم. لېكىن ئۇنىڭ كۆز باغلاشقا، سېھىرگەرلىككە ياتمايدىغان، تاماشىبىنلار بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ، نەقمەيداندا كۆرسىتىدىغان كارامىتىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم دەرھال ياقىسىنى تۇتۇپ: «تۇۋا، نېمە كارامەت بۇ؟ ئۇ ئادەم ئەمەس، ئەۋلىياكەنغۇ!» دېمەي قالمايدۇ. «ئەۋلىياكەنغۇ!» دېگەن سۆز بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كارامەتلەرگە ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. راست، مەنمۇ بۇ ئاددىي يىگىتنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنەر - كارامەتلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، بۇ ئاجايىپ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرگەنلەرنىڭ بىرى!

ئىككى مەڭزىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان، ئاق سېرىق، قوڭۇر چاچ، كۆك كۆز، دولان دەرياسى بويىدا ئۆسكەن سۇۋادانلاردەك بەستلىك، پۈتۈن تۇرقىدىن تېخىچە يېزا كادىرلىرىغا خاس ئاددىي - ساددىلىق بىلەن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى شەرىپى قۇربانجان تۇرەك، بۇ يىل 42 ياشقا كىردى، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1 مېتىر 80 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 107 كىلوگرام. سۆزلىگەندە ئانچە - مۇنچە دولان شېۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ مە-

كىتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ھەممە ئادەم پەملىيەلەيدۇ .

ئۇنى ئويۇن كۆرسەتتى دېگەندىن كۆرە ، كارامەت كۆرسەتتى دېگەن تۈزۈك . چۈنكى ، ئۇ بارلىق ئويۇنلىرىنى ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ قادىلىپ تۇرغان كۆزى ئالدىدا ، ھېچقانداق غەيرىي نەرسىلەرنىڭ ياردىمىسىز ، پەقەت ئىككى قولى ، ئىككى كۆزى ، ئاغزى ، ياڭراق ئاۋازى ... قىسقىسى ، كىشىلەر بىر - ئىككى مېتىر ئارىلىقتا كۆرۈپ تۇرغان جىسمى ۋە روھى بىلەنلا كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، بەزىلەرنىڭ ئۇنى : « ئەۋلىياكەنغۇ بۇ ! » دېيىشى بىكار ئەمەس . ئەۋليا دېگەن زادى كىم ؟ ئەۋلىيا دېگەن قەدىمدىن ھازىرغىچە مۆجىزە - كارامەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەر ، مەسىلەن ، يوق نەرسىلەرنى بار قىلىدىغان ، بار نەرسىلەرنى يوق قىلىدىغان ئادەم . بۇرۇن بۇنداق گەپلەر رىۋايەت ، ئەپسانە دەپ قارىلاتتى . ھالبۇكى ، ھازىر كىشىلەر ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئىشىنىدىغان بولدى .

دەرۋەقە ، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش خېلى مۈشكۈل ئىش . چۈنكى ، ئۇ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىسى ۋە ئېڭىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن سەزگۈسى ۋە ئېڭىغا سىغمايدۇ . شۇڭا ، ھەر قانداق ئالاھىدە ئىقتىدارغا تەئەللۇق تەجرىبىگە پەقەت شۇ مەيداندا بار بولغان ۋە بىۋاسىتە كۆزەتكەن ئادەملەرلا ئىشىنىدۇ .

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، ئەمدى مەن سىزگە ئاشۇنداق كارامەتلەرنىڭ نەقمەيداندىكى ئەھۋالىدىن بىر نەچچىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەي . سۆزلەيدىغانلىرىم كونكرېت زامان ھەم ماكانغا ئىگە بولغان ، بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ گۇۋاھ - ئىسپاتلىشىدىن ئۆتكەن پاكىتلىق ، رېئال ئىشلار .

**1 . ۋاقتى : 1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ، كەچ سائەت 8 دىن 11 غىچە . ئورنى : شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەتنىڭ ئۆيى . قاتناشقانلار : ئۆي ئىگىسى ،**

سەنئەت ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئابلىز ئىسمائىل، ئىنستىتۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇقىيىت مۆمىن، ئىنستىتۇت كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابباس ياقۇپ، دوتسېنت ئابابەكرى يۈسۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت، ئەخەت تۇردى (مۇئەللىپ) قاتارلىق 11 ئادەم.

مېھمانلار غازى ئەمەتنىڭ كىچىك مېھمانخانىسىدا تام بويلىتىپ سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە قۇربانجاننى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. قۇربانجان ئويۇننى دەسلەپ قارتىدىن باشلىدى، بۇ قارتا ئۆي ئىگىسى بازاردىن يېڭىلا سېتىۋالغان پېچەت قارتا ئىدى.

A: قۇربانجان قارتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز يېنىدا قاتار ئولتۇرغان ئالتە يەلەنگە خالىغانچە بىردىن قارتا ئېلىشنى ۋە شۇ قارتىنىڭ مەلۇم يېرىگە ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئەڭ دەسلەپ مەن قول سوزۇپ، 52 دانە قارتىنىڭ ئىچىدىن بىرنى سۇغاردىم. ئالغىنىم ئونلۇق تاپان بولۇپ چىقتى، بۇنى قۇربانجان كۆرمىدى. مەندىن كېيىن يېنىمدا ئولتۇرغان بەشەيلەنمۇ نۆۋەت بىلەن بىردىن قارتا ئالدى ۋە ھەممىمىز ئۆزىمىز ئالغان قارتىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىمىزنى يېزىپ قويدۇق، بۇنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى. كېيىن، بۇ قارتىلارنى غازى ئەمەت يەردىكى قارتىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا - قايتا شىيلىدى ۋە ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا قۇربانجان قارتىلارغا زادى يېقىن يولىمىدى. كېيىن ئۇ، ئىككى مېتر ئارىلىقتا تۇرۇپ، قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق گويا ئىشلەشكە باشلىدى، بۇ چاغدا غازى ئەمەت: «ۋاي، بۇ قارتىلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك مىدىرلاۋاتىدىيا!» دەپ، 52 دانە قارتىنى تېخىمۇ مەھكەم تۇتتى. بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن قۇربانجان بايا بىزنىڭ كۆزىمىزدىلا گىلەمنىڭ ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قۇرۇق تەخسىنى بىر پاي بەتىنكىسى بىلەن: «ھايت!» دەپ ئۇرۇۋىدى، تەخسە چۆل - چۆل بولۇپ، ئاستىدىن ئالتە دانە قارتا چىقتى. قۇربانجان بىر قارتىنى ئېلىپ ئۆرۈپلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

« مانا سېلىنىڭ ئونلۇق تاپان » دەپ ماگا بەردى . قولۇمدىكى قارتا ھەقىقەتەن بايا ئۆزۈمنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئونلۇق تاپان ئىدى . ئارقىدىنلا يېنىمدىكى كىشىگە : « مانا سىلىنىڭ غىشىنىڭ تۈزى ! » دەپ ئىككىنچى قارتىنى بەردى ، ئۇ كىشىمۇ ھەيرانلىقتا نېمىدېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى . شۇنداق قىلىپ ، بايا قارتا ئالغان تەرتىپ بويىچە ئالتىمىزگە ئالتە دانە قارتىنى تارقىتىپ بەردى ، ھەممەيلەننىڭ قولىدىكى قارتا بايا ئۆزىمىز ئېلىپ ئىسمىمىزنى يېزىپ قويغان قارتىلارنىڭ نەق ئۆزى ئىدى .

ھەممەيلەن كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ كارامەتنىڭ تېگىگە يېتەلـمەي ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى . راست ئەمەسمۇ ، بۇ ئالتە دانە قارتا قانداق قىلىپ غازى ئەمەتنىڭ قولىدىكى قار- تىلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى مېتىر يىراقلىقتىكى تەخسىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولۇپ قالدى ؟ بۇ قارتىلار غازى ئەمەتنىڭ قولىدىن قانداق چىقتى ؟ ئاس- ماندىن چۈشتىمۇ ، يەردىن ئۈندىمۇ ؟ يەنە كېلىپ ، باشقا قارتىلار ئەمەس ، دەل ئالتە ئادەم مەخپىي ئېلىپ ئۆز قوللىرى بىلەن ئىسمىلىرىنى يازغان قارتا ! ؟

B : قۇربانجان غازى ئەمەتكە قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن خالىغان بىر قارتىنى ئېلىشنى ئېيتتى . غازى ئەمەت 52 دانە قارتىنىڭ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى . ئۇ ئونلۇق قاغا بولۇپ چىقتى . قۇربانجان ئۇنى يىرتىپ ، ئۇششاقلاپ ، ئۆز ئاغزىغا سېلىپ قويۇشنى ئېيتتى . غازى ئەمەت ئۇنىڭ تەلپى بويىچە بايىقى ئونلۇق قاغىنى يىرتىپ ، ئۇششاقلاپ ، بەئەينى كۆممىقوناق چوڭلۇقىدا تىتىپ ، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن قۇربانجاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى . قۇربانجان ئۇنى ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاغزىدا ئۇيان - بۇيانغا ئايلاندۇرۇپ چاينىدى . ھەتتا ئالدىدىكى پىيالىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم چاي ئوتلاپ تۇرۇپ چاينىدى ، كېيىن ئاستا - ئاستا ئېغىز ۋە بويۇنلىرىنى رىتىملىك ھەرىكەتلەندۈردى ، بۇ چاغدا قۇربانجاننىڭ باش قىسمى قىزىرىپ ، تەرلەپ ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى . تەخمىنەن بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ ئىككى قولىنىڭ

باشبارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاپىرىپ ، ئاغزىدىكى قارتىنىڭ ئىككى يېنىدىن يېنىككىنە تۇتۇپ تارتىۋىدى ، بايا تىتىلىپ ، چاينىلىپ كەتكەن ئونلۇق قاغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتى ، ھەتتا ھۆل بولماي ، ساپساق چىقتى ، قارتىنىڭ بىرەر تال گۈلى ياكى خەت سىزىقلىرىمۇ ئېگىز - پەس ، نېرى - بېرى بولمىغان ئىدى . ھەممەيلەن ئۇنى بىر - بىردىن قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ھەيران قالدى ، قارتىنىڭ يۈزىدە بىرەر داغ ياكى ئۆلانغان يەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . بۇ زادى نېمە كارامەت ؟ ! قۇربانجاننىڭ ئاغزىدا ناھايىتى زامانىۋىلاشقان ياساش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مىكرو ماشىنىسى بارمۇ نېمە ؟ ! باشقا بىر ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئۈششاق تىتىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان ۋە يەنە چاي بىلەن ھۆللىنىپ چاينالغان بىر دانە قارتىنىڭ بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنقى پېتىدە ساپساق چىقىشى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلمامدۇ ؟ !

ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئەقلى بىلەن ھېس قىلىپ ، كالللىسى بىلەن تەسىنقلاپ ئولتۇرغان بۇ ئىشنىڭ سىرى زادى نەدە ؟ !

C : قۇربانجان مېھمانلاردىن خالىغانچە بىر پۇلنى چىقىرىشنى ئېيتتى . غازى ئەمەت دەرھال كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن بىر دانە ئونيۈەنلىك پۇل ئالدى . بۇ پۇلنىڭ نومۇرى : 30444044 CT ئىدى . قۇربانجان بۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ ھەممىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ يىرتىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرگەن غازى ئەمەت چاقچاقچا يۇلەپ :«ئاپلا،ئونيۈەن بىكار كەتتىغۇ ! » دېۋىدى ، قۇربانجان : « قورقمىسىلا ، بىكار كەتمەيدۇ ، ھېلىلا كۆرىلا ! » دەپ تۆت پارچە قىلىنغان پۇلنى يەنە چىرايلىق قاتلاپ يىمىرىپ ، ئىككى قولىنىڭ باشبارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىسىغا ئېلىپ بىر نەچچە قېتىم سىيرىپ ، ئاندىن پۇلنى ئاستا ئاچتى ، ئون يۈەنلىك پۇل ئۇنىڭ قولىدا بۇرۇنقى پېتى ، ساپساق تۇراتتى . ھەممىمىز پۇلنى قولىمىزغا ئېلىپ ، پۇلغا ئارقا - ئارقىدىن سىنچىلاپ قاراپ

چىقتۇق . پولدا ھېچقانداق غەيرىي ئىزنا يوق ئىدى ، پولنىڭ نومۇرنىمۇ بورۇنقىغا ئوخشاش ئىدى .

D : قۇربانجان ئالدىدىكى كېزەك تەخسىسىدىن بىر تال گۈلنى ئېلىپ يېدى ۋە ئۆچكىسىنى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا تۇتۇپ ، ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ : « مەن بۇنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىرىمەن » دەپ ، ئۆچكە بار ئالقىنىنى يۇمۇپ بىر دەم تۇردى ـ دە ، كېيىن : « مانا كەتتى ! » دەپلا ئالقىنىنى ئاچتى ، ئالقىنىدا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى . ئاندىن ئۇ ئولتۇرغانلارنى بىر باشتىن سانىدى ، ئونىنچى ئادەم ئابلىز ئىسمائىل بولۇپ چىقتى . ئۇ ئادەم قۇربانجاننىڭ سول يېنىدا ، ئۇنىڭدىن ئىككى مېتىر نېرىدا ئولتۇرغان ئىدى . قۇربانجان ئابلىز ئىسمائىلغا قاراپ : « ئابلىز ئاكا ، قېنى ئۆزلىرى كاستۇملىرىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ باقسىلا » دېدى . ئابلىز ئىسمائىل مەيدە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ، دەسلەپ قەلەم ۋە كىنىشكىلىرىنى چىقاردى ، كېيىن يەنە قولىنى سېلىپ ، بايىقى ئۆچكىنى ئالدى ، ئۇنى ھەممەيلەن قولىمىزغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقتۇق ، بۇ ئۆچكە يېڭىلا ئېغىزدىن چىققاچقا ، ھۆل ۋە شىلىمشىق تۇراتتى !

**2 . ۋاقتى : 1994 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ، كەچ سائەت ئالتىدىن توققۇزغىچە . ئورنى : ئەخەت تۇردى ( مۇئەللىپ ) نىڭ ئۆيى .**

قاتناشقانلار : « شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مىركامىل ياقۇپبى ، شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ، ئالىي مۇھەررىر ئابلىمىت سادىق ، يازغۇچى ئابدۇراھمان قاھار ، قەشقەردىن كەلگەن داۋۇت ھاجىم قاتارلىق يەتتە كىشى .

A : قۇربانجان يېڭىلا پېچىتى بۇزۇلغان ( مۇئەللىپ دۇكاندىن سېتىۋېلىپ ئەكىرگەن ) قارتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مىركامىل ياقۇپبىغا ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال قارتىنى ئېلىشنى ئېيتتى . مىركامىل ياقۇپبى قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن ئونلۇق چىللىكنى سوغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنىڭ بىر

چېتىگە ئىسمىنى يېزىپ، ئۇنى قايتىدىن قارتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇردى. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن قارتىلارنى بىر نەچچە قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ شىيلاپ، قوربانجاننىڭ قولىغا بەردى. قۇربانجان بىر دانە قۇرۇق لىگەننى ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا — گىلەم ئۈستىگە كۆمتۈرگەندىن كېيىن، قولىدىكى 52 دانە قارتىنى لىگەننىڭ ئۈستىگە: «ھايت!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كۈچ بىلەن ئۇرۇۋىدى، قارتىلار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر خىل سالماق ھەرىكەت بىلەن لىگەننى كۆتۈردى، لىگەننىڭ ئاستىدا ھېلىقى — مىركامىل ياقۇپنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئونلۇق چىللىك تۇراتتى. دېمەك، قۇربانجان بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئونلۇق چىللىكنى لىگەننىڭ ئاستىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىدى.

B : مىركامىل ياقۇپى قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن سەككىزلىك تاپاننى ئېلىپ، قۇربانجاندىن باشقا ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ، ئۇنى يەنە قارتىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ شىيلىغاندىن كېيىن، 52 دانە قارتىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا مەھكەم قىسىپ تۇردى. قۇربانجان ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئۈچ مېتىر ئارىلىقتىن كۈچەپ گۈمپا ئىشلىتىۋىدى، ھايال ئۆتمەي ھېلىقى سەككىزلىك تاپان قۇربانجاننىڭ ئالقىنىدىن چىقتى. دېمەك، قۇربانجان ئۆز بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ كۈچى بىلەن مىركامىل ياقۇپنىڭ قولىدىكى قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى نىشانلىق سەككىزلىك تاپاننى يىراقتا تۇرۇپ سۇغۇرۇپ ئالغان ئىدى.

C : قۇربانجان مېھمانلاردىن بىر تال پۇل بېرىشنى ئېيتتى. ئابلىمىت سادىق يانچۇقىغا قول سېلىپلا بىر تال ئون يۈەنلىك پۇلنى ئېلىپ بەردى. بۇ پۇلنىڭ نومۇرى: PF 10272487 ئىدى. «سىلىگە ئازراق زىيان بولىدىغان بولدى، — دېدى قۇربانجان ئابلىمىت سادىققا قاراپ كۈلۈپ، — ئون يۈەن پۇللىرىنى نەقمەيداندا يوقىتىۋېتىدىغان بولدۇم، خاپا بولماسلا؟» ئابلىمىت سادىق دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتتى: «ھېچقىسى يوق، يوقىتىپ باقسىلا، كارامەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ گەپلەردىن كېيىن قۇربانجان سول قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ئۇن يۇەن پۇلنى شۇ قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئالقىنىنى يۇمۇپ، بىر دەم بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى ـ دە، ئارقىدىنلا: «سۇف» دەپ قولىنى ئاچتى، قولىدا پۇل يوق، قۇپقۇرۇق ئىدى. بۇ پۇل نەگە كەتتى؟ بۇنىڭغا ھازىر ھېچكىم قايناتئەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيتتى.

D: قۇربانجان يىراقتىن كونترول قىلىش ئىقتىدارى بىلەن نورمال مېڭىۋاتقان سائەتنى توختىتىپ قويىدى. ئۇ، مىر كامىل ياقۇپنىڭ «سىتىزىن» ماركىلىق 21 تاشلىق چەت ئەل سائىتىنى بىلىكىدىن يەشتۈرۈپ، قولىغا ئېلىپ كۆردى، ئاندىن ھەممەيلەننىڭ تەكشۈرۈپ بېقىشىمىزنى ئېيتتى. سائەت چىكىلداپ ناھايىتى نورمال مېڭىۋاتاتتى. كېيىن قۇربانجان سائەتنى ئابلىمىت سادىققا بېرىپ، يېرىم مېتر يىراقلىقتا تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتتى ۋە ئۆزى قولىنى سائەتكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ گۇمپا ئىشلىدى ھەم بىر چاغدا:«قاراپ بېقىڭلار، سائەتمېڭىشتىن توختىدى!» دەپ ۋارقىرىدى. بىز گۇرۇرىدە ئولىشىپ سائەتكە قارىدۇق. دېگەندەك، سائەتنىڭ سېكۇنت ملى توختاپ قالغان ئىدى. قۇربانجان تېخىچە گۇمپا ئىشلەش ھالىتىدە كۆچىنىپ تۇراتتى. سائەت توپتوغرا تۆت مىنۇت مېڭىشتىن توختىدى. قۇربانجاننىڭ گۇمپىسى تۈگىشى بىلەن تەڭ سائەتمۇ ماڭدى.

كېيىن، مىر كامىل ياقۇپنىڭ ئېيتىشىچە، ناھايىتى توغرا ماڭىدىغان بۇ سائەت شۇ ئىشتىن كېيىن نورماللىقىنى يوقىتىپ، بەزىدە كېيىن قالىدىغان، بەزىدە ئىلگىرى كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دېمەك، قۇربانجاننىڭ يىراقتىن ئىشلەتكەن گۇمپىسى بىلەن سائەتنىڭ بىرەر زاپچىسى زەخىملەنگەن چېغى.

E: ئابلىمىت سادىق قۇربانجاننىڭ تەلىپى بويىچە، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ مەلۇم بىر قارتىغا ئۆزى خالىغان بىر نەچچە سۆز بىلەن بىر نەچچە رەقەمنى يېزىپ كىردى، نېمە يازغانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم

بىلمەيتتى . كېيىن قولىدىكى ئاشۇ قارتىنى باشقا قارتىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، قايتا - قايتا شىلاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پەتنۇسنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويدى ، ئۇنىڭغا ھېچكىم يېقىن كەلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن قۇربانجان ئورنىدىن تۇرۇپ ، بايا ئابلىمىت سادىق مەخپىي خەت يازغان ئۆيگە چىقىپ ئايالىدى ۋە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قولىدىكى قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يازدى ، ئاندىن مېھمانلاربار ئۆيگە كىرىپ : « بىر ئاز مۇرەككەپرەك نەرسىلەر يېزىلىپتۇ ، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ئەينەن تېپىشقا تىرىشتىم ، سىلەر ئەمدى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار » دەپ قولىدىكى قەغەزنى بىزگە بەردى . ئابلىمىت سادىق پەتنۇسنىڭ ئاستىدىكى قارتىلارنى ئېلىپ ، بايا ئۆزى يوشۇرۇپ قويغان ھېلىقى قارتىنى ئىزدەپ تاپتى . بىز ھەممەيلەن ئولىشىپ ، قارتىغا يېزىلغان خەت بىلەن قەغەزدىكى خەتلەرنى سېلىشتۇردۇق . ئابلىمىت سادىق تاپانىنىڭ تۈزىغا : « ترالىبۇس ، كىنىيە ، لوگبازىفما » دېگەن ئۈچ ئىسىم بىلەن « 1600000 ، 4815795 ، 2866174 » قاتارلىق رەقەملەرنى يازغان ئىكەن . قۇربانجان بۇ ئىسىملار بىلەن رەقەملەرنى توپتوغرا تېپىپ چىقىپتۇ .

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ، ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ئادەمنىڭ ئۆز سەۋىيىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن بۇنداق قىيىن ۋە مۇرەككەپ ئىسىملارنى تېپىپ چىققانلىقىدىن ناھايىتى ئەجەبلەندۇق ھەم ھاياجانلاندۇق . بىزنىڭ قۇربانجاننى « ئەۋلىيا » دېيىشىمىزدىكى سەۋەبمۇ مانا شۇ يەردە ! ئۇ زادى باشقا ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداق بىلىۋالدى ؟ ئابلىمىت سادىقنىڭ يوشۇرۇنچە يازغان مەخپىي خەتلىرىنى بىرەر پەرىشتە ياكى « جىن - شەيتان » ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىمۇ قانداق ؟ بۇ يەردىكى سىر - ھېكمەت زادى نېمە ؟ !

مەن ئابلىمىت سادىق خەت يازغان تاپاننىڭ تۈزى بىلەن قۇربانجان ئىشلەتكەن ھېلىقى بىر ۋاراق قەغەزنى خاتىرە سۈپىتىدە ساقلاپ قويدۇم ، كىشىلەر بۇلارنى كۆرۈشنى خالىسا ئىشىكىم ھەر قاچان ئوچۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**3 . ۋاقتى : 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ، كەچ سائەت ئالتىدىن سەككىزگىچە . ئورنى : يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيى .**
قاتناشقانلار : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ، گېرمانىيىلىك مېھمان توماس ، چېخ - سلوۋاكىيىلىك قىز مېھمان مارىيا ، تۈركىيىلىك مېھمان ئابدۇرەزاق ھاجىم قاتارلىق توققۇز كىشى .

بۇ سورۇندا كۆرسىتىلگەن ھۈنەر - كارامەتلەرنىڭ بەزىسى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولغاچقا ، مۇئەللىپ ئۇنى تەكرارلىماي ، پەقەت باشقىلاردىن پەرقلىق بولغان ئىككىلا كارامەتنى يېزىشنى لايىق تاپتى . بولارنىڭ جەريانى مۇنداق :

A : قۇربانجان پۇل ئۆزگەرتىش ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، مېھمانلاردىن خالىغان بىر پۇلنى چىقىرىشنى ئىيتتۇبدى ، گېرمانىيىلىك توماس ئەپەندى يانچۇقىدىن 20 دوللارلىق ئامېرىكا پۇلىدىن بىرنى ئالدى . قۇربانجان بۇ پۇلنى ھەممەيلەنگە كۆرسەتتى ۋە پۇل ئىگىسى توماس ئەپەندىگە پۇلنىڭ نومۇرىنى يازدۇردى ، ئۇنىڭ نومۇرى : G18814593C ئىدى . ئاندىن 20 دوللارنى ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ پۈرلىدى ، كېيىن قولىنى يۇمۇپ ، بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى ۋە بىردىنلا قولىدىكى پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ : « قېنى ئۆزۈڭلار ئېلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ! » دېدى . بىز دەرھال پۇلنى قولىمىزغا ئېلىپ قارىدۇق ، بايىقى 20 دوللارلىق پۇل بىردەمدە ئون دوللارغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ نومۇرىمۇ بايىقىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە ھالدا B 27592979C غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ . توماس ئەپەندى ھەيرانلىق ئىچىدە قىزىقچىلىق بىلەن خەنزۇچە قىلىپ : « ئاپلا ، ئون دوللار زىيان تارتتىمغۇ ! » دەپ قۇربانجانغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . چېخ - سلوۋاكىيىلىك قىز مارىيا ھاياجىنىنى باسالماي ، قۇربانجاننىڭ قولىغا ھۆرمەت ۋە قايىللىق بىلەن بىرنى سۆيۈپ قويدى .

B : قۇربانجان مېھمانلارغا قولىدىكى قارتىنى سوزۇپ : « مۇشۇ قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن خالىغان ئىككى قارتىنى ئېلىپ ، ئىسمىڭلارنى يېزىپ ، ئۇنى يەنە قارتىلارنىڭ ئارىسىغا سېلىپ شىيلاپ بېرىڭلار ! » دېدى . ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللا قۇربانجاننىڭ قولىدىكى قارتىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن ئىككى قارتىنى سۇغۇرۇپ ئالدى . بۇ قارتىلارنىڭ بىرى غىشنىڭ سولدىتى ، يەنە بىرى قاغىنىڭ بەشلىكى ئىدى . غوپۇر ئابدۇللا بۇ قارتىلارنىڭ ئاق يېرىگە ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى يېزىپ قويدى ، ئاندىن ئۇنى باشقا قارتىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، ئىككى - ئۈچ قېتىم شىيلاپ قۇربانجانغا بەردى . قۇربانجان ئۇنى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دانە قۇرۇق تەخسىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ ، بىر خىل يەڭگىل قول ھەرىكىتى بىلەن ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى - دە ، كېيىن يېنىدىكى بىر پاي بەتىنكىسىنىقولىغائېلىپ: « ھايت ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە تەخسىنىڭ ئۈستىگە زەرىپ بىلەن ئۇردى، تەخسە چۇل - چۇل بولۇپ ، ئاستىدىكى قارتىلار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى . قۇربانجان قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ : « قېنى ئەمدى چېچىلغان قارتىلارنى يىغىپ ، ھېلىقى ئىككى قارتىنى تېپىپ بېقىڭلار ! » دېدى . ئۆيدىكىلەر قولمۇ قول قارتىلارنى يىغىپ ، بايا غوپۇر ئابدۇللا بەلگە سېلىپ قويغان ئىككى قارتىنى ئىزدىدى . لېكىن ئۇ قارتا تېپىلمىدى ، قالغان 50 دانە قارتا ساپساق تۇراتتى . شۇ چاغدا قۇربانجان مۇلايىمغىنا كۈلۈپ قويۇپ : « ئۇ ئىككى قارتا گىلەمنىڭ ئاستىدا ، سىلەر گىلەمنى قايرىپ قاراپ بېقىڭلار ! » دېدى . مېھمانلار ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ، قېلىن مويلۇق يۇڭ گىلەمنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ ، قۇربانجان قارتىلارنى قويۇپ ئۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىن ھېلىقى ئىككى قارتىنى — غىشنىڭ سولدىتى بىلەن قاغىنىڭ بەشلىكىنى تاپتى . بۇ قارتىلارنىڭ قانداق قىلىپ گىلەمنىڭ ئاستىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى . شۇنچە سىنچىلاپ قاراپمۇ ھېچكىم گىلەمنىڭ بىرەر يېرىدىن كۆيگەن يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياكى تۆشۈك تاپالمىدى !

قۇربانجاننىڭ باشقا سورۇنلاردىمۇ ئەنە شۇنداق بەلگە سېلىنغان قارتىلارنى بىرلا ئۇرۇپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكى، هاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇپ، كىچىككىنە ئېغىزدىن يوغان قارتىنى شۇ پېتى كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى، قارتىنى بۇ تامغا ئۇرۇپ، ئۇ تامدىكى تەكچىدە تۇرغان لوڭقىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى، ھەتتا ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ، ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى نەقمەيدان خەۋەرلىرى تېخىمۇ كۆپ !

**4. ۋاقتى: 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، كەچ سائەت بەشتىن توققۇزغىچە. ئورنى: ئەخەت تۇردى ( مۇئەللىپ )نىڭ ئۆيى. قاتناشقانلار:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم راخمان، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھېمىت مەخسۇت، تۈركىيىلىك مېھمان ئەنۋەر ئەپەندى، ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر، غۇلجىدىن كەلگەن مېھمان مىجىت قاتارلىق ئون ئادەم.

مېھمانلار قۇربانجاننىڭ كارامەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، سافادا ئولتۇرۇشماستىن، گىلەم ئۈستىدە قۇربانجاننى چۆرىدەپ يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇردى.

A: مىجىت ناسىر قۇربانجاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە ئۇنى قۇربانجاندىن باشقا ھەممىمىزگە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكىسى ئۈچلۈك غىش ئىدى. قۇربانجان ئۇنىڭغا: « ئاشۇ قارتىنىڭ بىر يېرىگە ئىسمىڭىزنى يېزىپ، ئاندىن ئارىلاشتۇرۇۋەتسىلە ! » دېدى. مىجىت ناسىر قولىدىكى قارتىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىسمىنى يازدى ۋە يەردىكى قارتىلارنىڭ ئارىسىغا

سېلىپ ، بىر قانچە قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ شىيلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربانجان قارتىلارنى قولىغا ئېلىپ ، ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قارتىنى ئېچىپ : « بايىقى قارتا مۇشۇمۇ ! » دەپ كۆرسەتتى . بۇ ئالتىلىك قاغا ئىدى . ھەممەيلەن : « ئەمەس » دېدى . قۇربانجان بۇ ئالتىلىك قاغىنى مىجىت ناسىرغا بېرىپ : « ئەمىسە ، سىلى بۇ ئەمەس قارتىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ چىڭ تۇتۇپ تۇرسىلا » دېدى – دە ، قولىدىكى قالغان قارتىلارنى : « ھايت ! » دەپ قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ ، مىجىت ناسىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامغا كۈچ بىلەن ئۇردى . قارتىلار تامغا تېگىپ تەرەپ – تەرەپكە چېچىلدى، شۇ چاغدا قۇربانجان : « ئەمدى قوللىرىنى ئېچىپ قاراپ باقسىلا » دېدى . مىجىت ناسىر قولىنى ئاچتى ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا قارىۋىدۇق ، ئۇنىڭ قولىدا بايىقى ئالتىلىك قاغا يوق ، ئۇنىڭ ئورنىدا بايا ئۆزى ئىسمىنى يېزىپ قويغان ئۈچلىك غىش تۇراتتى ...

بۇ كارامەتكە ئەقلى يەتمىگەن سورۇن ئەھلى بىر – بىرىگە قارىشىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

B : قۇربانجان قولىدىكى قارتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى : « بىرەيلەن مۇشۇ قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن ئوخشاش تۆت قارتىنى ئايرىپ ، ئاندىن شىيلاپ قولۇڭلاردا تۇتۇپ تۇرۇڭلار ، مەن بىر ھۈنەر قىلاي » دېدى . بىز يەنە مىجىت ناسىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردۇق . ئۇ ، قارتىلارنىڭ ئارىسىدىن تۆت دانە ماتكىنى ئايرىپ چىقتى . ئاندىن تۆت دانە ماتكىنى يەنە قارتىلارنىڭ ئىچىگە سېلىپ شىيلىدى ۋە قۇربانجاننىڭ تەلىپى بويىچە ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ، مەھكەم تۇتۇپ تۇردى . قۇربانجان ئۆزىنى رۇسلاپ ئىككى مېتىر ئارىلىقتىن گۇمپا ئىشلىتىشكە باشلىدى ، ئۇ دەسلەپ ئوڭ قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ، ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ ، مىجىت ناسىرنىڭ قولىدىكى قارتىلارغا چەنلەپ تۇرۇپ قولىنى ھەرىكەتلەندۈردى ، ئاستا – ئاستا ئۇنىڭ يۈز – كۆزى قىزىرىپ ، تەرلەپ ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ ، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق زورۇققۇش ھالىتىگە كەلدى . شۇ چاغدا مىجىت ناسىرمۇ : « ۋاي – ۋاي ! ... قولۇمنىڭ ئالقىنى قىزىۋاتىدىغۇ ! »

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ ھەيرانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى . ئارىدىن بەش ـ ئالتە مىنۇت ئۆتكەندە ، قۇربانجان ئالدىغا سوزغان ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى قارتىغا قارىتىپ يەنە بىر قېتىم قاتتىق شىلتىدى ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىمۇ تىترەپ كەتتى ، شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە سۈس كۆيۈك ھىدى پۇرىغاندەك بولدى ، قۇربانجان گۇمپا ئىشلەشتىن ئاستا توختاپ : « ئەمدى بولدى ، ھېلىقى تۆت قارتىنى تېپىپ قاراپ بېقىڭلار ! » دەپ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى . ھەممىمىز دەرھال مىجىت ناسىرنىڭ قولىدىكى قارتىلارغا تىكىلدۇق ، ئۇ قارتىلارنى بىرمۇ بىر ئۆرۈپ يۆرۈپ ، ئاخىر ھېلىقى تۆت دانە ماتكىنى بىر يەردىن تاپتى ؛ قارىساق تۆت دانە ماتكىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ( قۇربانجاننىڭ ئۈچ بارمىقىغا تەگ كېلىدىغان يېرى ) كۆيۈپ تۆشۈك بولۇپ قاپتۇ ، چۆرىسى بولسا ساق ، يەنە كېلىپ ، بۇ تۆت قارتا تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىكى قارتىدىمۇ ، ئۈستىدىكى قارتىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئالامىتى يوق ئىدى . بۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز ھاڭ ـ تاڭ قالدۇق . ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى ، بۇ تۆت دانە ماتكا دەسلەپتە بىر يەردە بولسىمۇ ، لېكىن قارتىلارنى قايتا ـ قايتا شىلىغان ۋاقىتتا ، بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ ئارىلىشىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى . ئۇلار يەنە قانداق قىلىپ بىر يەرگە يىغىلىپ قالدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىر ـ بىرىدىن قىلچە پەرقى يوق ئوخشاش شەكىلدىكى قارتىلارنىڭ باشقا بىرەرسى كۆيمەي ، دەل ئاشۇ تۆت دانە ماتكىنىڭ ـــ مىجىت ناسىر ئالاھىدە ئايرىپ ئېلىپ ھەممىمىزگە كۆرسەتكەن ئاشۇ نىشانلىق تۆت دانە ماتكىنىڭ كۆيۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ ؟ ! بۇ يەردە زادى قانداق كۈچ رول ئويناۋاتقاندۇ ؟ ! بۇنى كۆيدۈرگەن ھارارەت، ئېنېرگىيە نەدىن كەلدى ؟...

كۆيدۈرۈلگەن تۆت دانە ماتكىنىڭ ئىككىسىنى مەن ئېلىپ ساقلاپ قويدۇم ، بىرسىنى مىجىت ناسىر ئالدى ، يەنە بىرسىنى تۇركىيىلىك ئەنۋەر ئەپەندى ئالدى . ئەگەر كۆرۈشنى خالايدىغانلار بولسا ، مەن بۇ مۆجىزىلىك خاتىرىنى خالىغان ۋاقىتتا كۆرسىتىشكە تەييارمەن .

C : قۇربانجان شىرەدىكى گېزەك تەخسىسىدىن بىر تال بادامنى ئېلىپ، تىرنىقى بىلەن ئۇنىڭ پوستىنى پۇچۇلاپ، ئازراق بەلگە سالدى، ئاندىن سول قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ بولۇپ، ئالىقىنىنى يۇمدى - دە: « مانا كەتتى! » دەپلا قولىنى ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى بادام يوقالدى. ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ، ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ مېتىر يىراقلىقتا ئولتۇرغان ئابدۇكېرىم راھمانغا: « ئۆزلىرى كاستۇملىرىنىڭ يانچۇقلىغا قاراپ باقسىلا » دېدى. ئابدۇكېرىم راھمان كاستۇمىنىڭ سول يانچۇقىدىن ھېلىقى بەلگە سېلىنغان بادامنى ئېلىپ ھەممەيلەنگە كۆرسىتىپ ھەيرانلىقتا: « بۇ... بۇ... قانداق قىلىپ مېنىڭ يانچۇقۇمغا كىرىپ قالدى! » دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

D : قۇربانجان يەنە بىر كارامەت كۆرسىتىش ئۈچۈن مېھمانلاردىن پۇل چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەممەيلەن غۇلجىدىن كەلگەن سودىگەر يىگىت مىجىتقا قارىدى. ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن 100 يۈەنلىك يېڭى پۇلدىن بىرنى ئېلىپ قۇربانجانغا بەردى. مەن شۇ چاغدا بۇ پۇلنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالدىم. ئۇنىڭ نومۇرى QC 30788115 ئىدى.

قۇربانجان بۇ پۇلنى ھەممىزنىڭ كۆز ئالدىدا دەسلەپ ئىككى پارچە قىلدى، كېيىن تۆت پارچە قىلدى ( يىرتىلغان ئاۋازنى ھەممىز ئاڭلىدۇق ) ، ئاندىن ئۇنى قالايمىقان ئارىلاشتۇرۇپ، پىلتە قىلىپ ئېشىپ، سورۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان پەتنۇسنىڭ ئاستىغا باسۇردى - دە، بىر خىل گۇمپا بىلەن پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە بىرنى ئۇرۇپ پەتنۇسنى ئېچىۋىدى، ھېلىقى تۆت پارچە بولغان 100 يۈەنلىك پۇل پۈتۈن پېتى — بۇرۇنقى ئەسلى بويىچە چىقتى.

قۇربانجان ئەمدى بۇ 100 يۈەن پۇلنى پۈرلەپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ مۇشتىنى تۈگدى، ئاندىن پۇل ئىگىسى مىجىتقا قولىنى سۆيگۈزدى ( مىجىتنى پۇلى بىلەن خوشلاشتۇردى ) ، شۇنىڭدىن كېيىن گۇمپا بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ قولىنى ئېچىۋىدى،

www.uyghurkitap.com

بايىقى QC30788115 نومۇرلۇق 100 يۈەن پۇل ئون يۈەنگە، يەنى RC 54150929 نومۇرلۇق ئون يۈەنگە ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مىجىت ھەيرانلىقتا:

— بۇ گۇنكى ئويۇن ماڭا 90 سومغا توختىدىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

— قورقماڭ، — دېدى قۇربانجان خاتىرجەم ھالدا، — خۇدا خالىسا، توقسان كۈندىن كېيىن ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ، يەنى 100 يۈەنگە ئۆزگىرىدۇ. ئەمما سىز بۇ جەرياندا ناشايان ئىش قىلماسلىقىڭىز كېرەك!

قۇربانجاننىڭ 100 يۈەنلىك پۇلنى ئون يۈەنگە ئۆزگەرتىۋېتىشى بۇنداق بىر سورۇندىلا ئەمەس، بىر نەچچە سورۇنلاردا قايتا - قايتا بولغان ئىش. بەلكىم بەزىلەر: «بۇ كىشى چوڭ پۇلنىغۇ كىچىكلىتىدىكەن، كىچىك پۇلنى چوڭايتالامدىكەن؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، كىچىك پۇلنى چوڭايتىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. گەرچە مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولساممۇ، ئۇ بىر نەچچە مۇھىم سورۇنلاردا كىچىك پۇلنى چوڭايتىش، خەلق پۇلىنى ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەن. شۇ چاغدا ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا بۇنداق ئويۇننى خالىغان يەردە ئوينىماسلىقنى ئالاھىدە جېكىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پەقەت چوڭ پۇلنى كىچىكلىتىش ھۈنىرىنىلا كۆرسەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئەلۋەتتە ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىشى، بازاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن!

**5. ۋاقتى: 1994 - يىل 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كەچ سائەت ئالتىدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە. ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئۆيى. قاتناشقانلار: ئۆي ئىگىسى،** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇقادىر نەسرىددىن، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاغلىق رەسسام ئابدۇكېرىم

نەسىرىدىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كا-
دىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەمەتجان مەمتىلى ، مەكىت ناھىيىلىك
مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىق يەتتە كىشى .

قۇربانجان بۇ سورۇندا ھەممەيلەننى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ ، ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلىك بىر كارامەتنى كۆرسەتكەن . بۇنىڭ ئەينەن تەسۋىرى مۇنداق :

« مەن بۈگۈن ھەر بىرلىرىگە تۇپراقتىن جانلىق چىقىرىدىغان بىر ھۈنىرىمنى كۆرسىتەي . بۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن بىرەيلەن ماڭا سىرتتىن ئازراق توپا ئەكىرىپ بەرسۇن . »

قۇربانجاننىڭ شۇ ئىلتىماسى بىلەن مۇھەممەت زۇنۇننىڭ شوپۇرى قادىر مەخسۇت ھويلىغا چىقىپ ، ئۇ يەردىكى گۈللۈكتىن بىر ئوچۇم توپىنى ئەكىرىپ ، داستىخان ئۈستىدىكى بوش تەخسىگە تۆكتى . قۇربانجان ئانچە ساپ بولمىغان توپىنى بارمىقى بىلەن مالتىلاپ تۇرۇپ ھەممىمىزگە كۆرسەتتى ، قارامتۇل توپىغا ئۇششاق شېغىل تاشلارمۇ ئارىلاشقان ئىدى . قۇربانجان تەخسىنى ئالدىغا قويۇپ ، قولىنى ھەملە قىلىپ تۇرۇپ ، ئەپسۇنغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى ۋە بىرئازدىن كېيىن: « مانا قاراڭلار ، توپىدا جانلىق پەيدا بولدى » دەپ ، تەخسىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىتتىرىپ ، بارمىقى بىلەن مالتىلىدى . راست دېگەندەك ، توپا ئىچىدىن كىچىككىنە بىر ئۈزۈنچاق قۇرت مىدىرلاپ چىقىشقا باشلىدى . بىز ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇردۇق . بۇ چاغدا قۇربانجان بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ : « ئەمدى مەن بۇ توپىدىن بىر دانە پاقا چىقىرىمەن ، سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار ! » دېدى - دە ، ھېلىقى تەخسىدىكى توپىنى قۇرت بىلەن بىللە قولياغلىقىغا تۆكتى ، قولياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ ، سەرەڭگە قېپى چوڭلۇقىدىكى تۈگۈنچەككە ئايلاندۇردى . ئاندىن ئۇنى گىلەمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، ھېلىقى تەخسە بىلەن باسۇردى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ ، جىددىي ھالەتتە غەلىتە بىر نېمىنى ئوقۇغاندەك ئوقۇشقا باشلىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ، پېشانىسىدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، تەخسىگە «سۇف» دەپ يېنىككىنە بىرنى ئۇردى - دە، ئاندىن تەخسىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھېلىقى تۇگۈنچەكلەنگەن ياغلىقنى ئالدىرىماي ئاچتى. بىز كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق، ياغلىقتىكى ھېلىقى توپىدىن بىرەر تال ئۇۋاقمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئاق قۇشقاشنىڭ قىزىل گۆش بالىسىدەك چوگلۇقتىكى بىر پاقا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ بىزگە قاراپ تۇراتتى. قۇربانجان مېھمانلارغا: «بۇ پاقىنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىڭلار، راستمۇ - يالغانمۇ؟» دەپ قولىنى سوزۇۋىدى، شۇ ئارىلىقتا پاقا دىككىدە سەكرەپ گىلەم ئۈستىگە چۈشتى ۋە پۇتلىرىنى سوزۇپ تاقلىغىنىچە سافانىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت زۇنۇن ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى پاتەم روزى خانىم قورقىنىدىن ۋارقىراپ: «ئۇنى تۇتۇپ سىرتقا تاشلىۋېتىڭلار، قورقىمەن!» دەپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىز قولىمىزغا چوكىلارنى ئېلىپ، سافانىڭ ئاستىغا تىقىپ پاقىنى چىقارماقچى بولدۇق، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى: يەنىلا قۇربانجان ئۆزى سافانى يۆتكىدى، قارىساق، ھېلىقى پاقا تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. قۇربانجان ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئالىقىنىغا دەسسەتتى، بىر نەچچىمىز ئۇنى تۇتۇپ باقتۇق، ئۇ مۇزدەك سوغۇق ئىدى، بەدىنى لىپىلدايتتى. قۇربانجان ئۇنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىغا باسۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەسلىدە مەن بۇ پاقىنى يەنە بىر ئوقۇپ لاچىنغا ئۆزگەرتمەكچى ئىدىم، لاچىن ئۆينى بىر ئايلىنىپ، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتى، لېكىن خانىم بۇنىڭدىن قورقىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ لاچىنغا ئايلانسا، ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن ئۇنى ئۆز جايىدىلا يوق قىلىۋېتەي!»، ئۇ شۇنداق دەپلا قولىدىكى پاقىغا يەنە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ

ھۆرۈۋېدى ، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى پاقا غايىپ بولدى !
بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ كارامەتلەرگە قاراپ ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ نىمە ئۇچۇندۇر دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار نېمىدېيىشىنى ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە جىمىدە ئولتۇرۇشاتتى.
بۇ كارامەت 1996 - يىل 2 - ئايدا ، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىلدى. بۇ كۈندىكى سورۇندا ھەر خىل كەسىپ ، ھەر خىل تەبىقىدىن بولۇپ ، ئونغا يېقىن مېھمان بار ئىدى. قۇربانجان سىرتتىن بىر - ئىككى تال تاش ئەكىرىشنى تەلەپ قىلدى. زوردۇن سابىر بىلەن ئابلىمىت سادىقنىڭ ئوغلى پەسكە چۈشۈپ ، ھويلىدىكى گۈللۈكتىن بىر نەچچە تال تاش ئېلىپ چىقتى. قۇربانجان بۇنىڭ ئىچىدىن ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تال تاشنى ئېلىپ ، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ ، ھەممىمىزگە ئوچۇق كۆرسەتتى. ئاندىن قولىنى يۇمۇپ ، ئوڭ قولى بىلەن گۇمپا ئىشلەشكە باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ھەقىقەتەن كۈچىدى ، زورۇقتى ، چىشلىرى كىرىشىپ ، بەدەنلىرى تىترىدى. چېكە ۋە بۇرۇن تومۇرلىرى باشبارماقتەك كۆپۈپ ، پۈتۈن بەدىنىدىن بۇ-ژۇلداپ تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. شۇ يوسۇندا ئالتە - يەتتە مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ : « بۇ قېتىم ئەجەب تەستە ئۆزگەردى ! » دەپلا ، سول قولىنى ئاچتى. بىز كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق ، ئەقلىمىز كېسىلگەنلىكتىن دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈ-شۈپ ، پۈتۈن ئۆي ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قالدى. چۈنكى ، ئۇنىڭ ئالقىنىدا چىرايلىق بىر تاشپاقا تۇراتتى. ئۆي ئىگىسى قۇربانجاننىڭ بۇيـ-رۇشى بىلەن بىر داسقا سۇ ئېلىپ كىردى. قۇربانجان داسنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ، قولىدىكى ھېلىقى تاشپاقىنى ئاستا سۇغا سالدى. ھەممىمىز گۇررىدە داسقا ئېڭىشتۇق. تاشپاقا سۇغا كىرىپلا بوينىنى سوزۇپ ، شۇنداق چىرايلىق ، رىتىملىك ئۈزۈپ ئويناشقا باشلىدى. ئەگەر بىز داسنى سەللا مىدىرلاتساق ، ئۇ دەرھاللا ئۈزۈشتىن توختاپ ، بېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىگە تىقىۋالاتتى. بىز ئەمدى تاشپاقىنى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراشقا باشلىدۇق. ئۇنىڭ دۈمبىسى بىلەن قورسىقىنىڭ رەڭگى ئوخشاشمايتتى، دۈمبىسى قارامتۇل تۆمۈر رەڭدە، قورسىقى ئاقۇش ھال رەڭدە ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك ئوماق، چىرايلىق ھەم سەبىي ئىدى.

— مەن بۇنى بېقىپ قوياي، — دېدى زوردۇن سابىر تاشپاقىغا ئامراقلىقى كېلىپ، — مۇشۇنداق ئۆزۈپ ئويناپ بەرسە، ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى ئالىدىكەن!

— سىلى بۇنى باقالمايلا، — دېدى قۇربانجان ئىستىھزا ئاھاڭدا، — قانداق بېقىشنىمۇ بىلمەيلا، ئۆلۈپ قالسا، ئۇۋال بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مەن سىلىگە بۇنى ساقلاش قىممىتى بار بىر نەرسىگە ئۆزگەر-تىپ بېرەي، شۇنى خاتىرە قىلىپ قويسىلا.

ئۇ شۇنداق دېدى — دە، تاشپاقىنى يەنە سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن باسۇرۇپ گۇمپا ئىشلەتتى ۋە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك ئۇنىڭغا ھۈردى. بىر ھازادىن كېيىن، قولىنى ئېچىۋىدى، قولىدا بايىقى تاشپاقىنىڭ ئورنىدا 15 گرام چوڭلۇقتا بىر دانە ئەرەنچە ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى. بۇ كارامەتتىن ھەممەيلەن چۆرقىرىشىپ داڭ قېتىپ قالدى!

ئەمدى سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ زادى قانداق مۆجىزە؟!

ئادەم بەدىنىدىكى بۇنداق مۆجىزىلىك ئالاھىدە ئىقتىدارنى سەمە-مىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ كۆرگىنىمىز، بېشىمىزدىن ئۆت-كۈزگىنىمىز ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىك بىر پاكىت، بۇ بولسىمۇ، قۇربانجان تۇرەكنىڭ بىر ئوچۇم توپىدىن دىكىلداپ سەكرىيەلەيدىغان جانلىق بىر پاقىنى، بىر دانە تاشتىن سۇ ئۈستىدە ئۈزەلەيدىغان چىرايلىق بىر تاشپاقىنى پەيدا قىلىپ، ئارقىدىن يوق قىلىۋەتكەنلىكى!

پەۋقۇلئاددە بىر كۈچ، ئالاھىدە بىر ئىقتىدار بولمىسا، بۇگۈنكى

جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندا، بۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا كارامەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ئونلىغان، يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر بۇ سىرلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ: «بۇ پۈتۈنلەي سېھرىي - جادۇ» دەپ قارىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، سېھرىي - جادۇلۇقمۇ بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزدىكى مۇھىم بىر تەرەپ..ئەگەر بىز بۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېچىپ بېرەلىسەك، ئۇ چاغدا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنىمۇ ئاچقان بولىمىز.

بۇ ھادىسىلەردىن شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلار ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى، تەپەككۇرىنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ بېقىشى لازىم. ئەگەر بىز ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا چوقۇم تەپەككۇرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

كونىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بۇ سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ھادىسىلەرنى چۈشىنىش بىزنىڭ ئالەمنى، ئاڭنى، ئېنېرگىيىنى تونۇشىمىزغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ئادەملەردە ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئىقتىدار مەۋجۇت، ئۇنى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بارلىق ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ زامان، ماكان مەنتىقىمىزدىن ھالقىغان بولىدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدا ئاڭلىغان، كۆرگەن ھەم ئويلىغانلىرىم خېلى كۆپ بولدى. مەن قۇربانجاننى دەۋر قىلغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش، سىردىشىشتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقتىم. شۇ نەرسە ماڭا ئايان بولدىكى، قۇربانجان ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە ھالدا تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان «سىرلىق ئادەم» بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ھەمراھلىرى بار بولغان تارىخىي ھەم ئىجتىمائىي شەخس. ئۇ ئىنسانلار سىرىك ۋە سېھرىگەرلىك سەنئىتىنىڭ ئانا بۆشۈكى

دەپ تەرپلەنگەن تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى !

بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدىلا ئادەمنى ئىككى پارچە قىلىپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن يوق نەرسىنى بار قىلىش، بار نەرسىنى يوق قىلىۋېتىش، ئاغزىدىن سۇ پۈركۈپ بوران چىقىرىش، ئالقىنىدىن بۇلۇت ۋە تۇمان پەيدا قىلىش، قۇلىقىدىن ئەجدىھا، يولۋاس چىقىرىش قاتارلىق ئىنتايىن سىرلىق، مۇرەككەپ تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى خېلى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن شاگىرتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار ئۇچۇن بىر تۈركۈم سېرك ۋە سېھىرگەرلىك ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە قارايدىغان بولساق، ئىچكى ئۆلكىلەردە بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان نەپەس گۈمپا ئۇستىلىرى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ شۆھرەت قازىنىپ، ئاجايىپ مۆجىزە، كارامەتلەرنى يارىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودىكى ھازىرقى ئەڭ ئاتاقلىق ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى بولغان لياۋنىڭلىق جاڭ باۋشىڭنىڭ ھۈنىرى ھەققەتەنمۇ ھەيران قالارلىق. ئۇنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھەتتا يۇقىرى قاتلام رەھبەرلەردىن تارتىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەر ساھە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزىرىدە مۇتلەق ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىتقا ئايلانغان. ئۇنىڭ ھۈنىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ ئاغزى پېچەتلەنگەن شىشە قۇتىدىكى دورىلارنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا ئالقانغا چىقىرالايدۇ ( شىشە قۇتا بۇرۇنقىدەك پېچەتلەنگەن پېتى تۇرۇۋېرىدۇ ) ؛ ئۇ يولدا سىز بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ، باققالنىڭ ئالدىدىكى مېۋىلەرنى، دۇكانلاردىكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى خېلى يىراق ئارىلىقتىن قولىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؛ ھەتتا جوزا - بەندىڭلارنىمۇ

بىرلا گۇمپا بىلەن يىراق - يىراقتىن يۆتكەپ كېلەلەيدۇ؛ بىخەتەرلىك ئىشكاپىدىكى ھۆججەتلەرنى ئىشكاپقا تەگمەي تۇرۇپ، خالىغانچە چىقىرالايدۇ؛ ھەتتا ئۆزى ھەيدەپ كېتىۋاتقان پىكاپنى توختاتمايلا، ماي تۈگىگەندە بېنزىنلارنى قاچىلىيالايدۇ؛ ناۋادا بىرەر قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تارتىۋالسا، ئۇ خاتىرجەم ھالدا پىكاپنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، خېلى بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قولىنى بىرلا سوزۇپ، ھېلىقى كىنىشكىسىنى ئېلىۋالالايدۇ؛ ئۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتنى كونۋېرتنى بۇزماي تۇرۇپ چىقىرالايدۇ ۋە يەنە ھەممە يېرى يەملەنگەن كونۋېرتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ قۇرۇق قول بىلەن بوشلۇقتىن چېكەتكىلەرنى تۇتالايدۇ، سىزگە قانچىسى لازىم بولسا شۇنچىسىنى تۇتۇپ بېرەلەيدۇ، ۋەھالەنكى، سىز ئەتراپىڭىزدىن ھەر قانچە ئىزدەپمۇ بىرەر چېكەتكە تاپالمايسىز؛ ئۇ نورمال مېڭىۋاتقان مېخانىكىلىق سائەتنى توختىتالايدۇ، ھەتتا ۋاقىتنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ؛ ئۇ قولى بىلەن چاپىنىڭىزنى بىر - ئىككى ئۆۋۈلاپلا، چاپانغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئاغزى بىلەن پۈۋلەپمۇ ئوت تۇتاشتۇرىدۇ؛ ئۇ قولىڭىزدىكى ئاپېلسىننى ياكى ئالمىنى بىر - ئىككى قېتىم پۈۋلەپ، ئەسلىدىكىدىن بەش - ئالتە ھەسسە يوغىنىتىۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ يىرتىلىپ، چايىنىلىپ پارچە - پارچە قىلىنغان نام - ئەمەل كارتوچكىسىنى قولى بىلەن ئۆۋۈلاپ، پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؛ ئاشخانىدىكى قازاندا قايناۋاتقان لەگمەننى يېنىڭىزدا، يەنى مېھمانخانىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، بىرلا قول ئىشارىتى بىلەن ئالدىڭىزدىكى تەخسىگە ئەپچىقىپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا، قورسىقىڭىزغا كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ؛ ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ، يەنى ئۆت ۋە بۆرەكتىكى تاشلارنى بەدەننىڭ سىرتىدىن ئۆۋۈلاپ تۇرۇپ يوقىتىۋېتەلەيدۇ. كېسەللەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قول ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۆت بىلەن بۆرەكتىكى تاشلارنى يۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك سېزىم بولىدىكەن. ئۇنىڭدا يەنە غايىب بولۇش، يەنى خۇددى سۇلايمان قالپىقىنى كىيىۋالغاندەك كىشىلەرنىڭ كۆزىگە

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنمەيدىغان كارامەت بار . ئۇ مۇشۇ كارامىتى بىلەن شىنياڭدا قاراۋۇلنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ، مۇستەھكەم تاقالغان بىر ئۆيگە كىرگەن ، بېيجىڭدا بىر يەر ئاستى ئوردىغا كىرگەن . دېمەك ، ئۇ قېلىن - قېلىن پېتون تاملاردىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ .

1980 - يىل 8 - ئايدا ، شاڭخەيدىكى « جۇڭگو ئادەم بەدىنى ئىلمي جەمئىيىتى » بىر نەچچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، جاڭ باۋشىڭنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىغا قارىتا ئىلمي تەتقىقات ئېلىپ بارغان . ئۇلار تەتقىقات دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازغان : « ... ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىشىنىشكە بولىدۇ . جاڭ باۋشىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىنى سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ . ئۇنىڭ بىلەن ماشىنىنى سېلىشتۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ ، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئادەم » .

ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن تەقدىرى جۇڭگودىكى ئادەم بەدىنى ئىلمى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، مەلۇم بىر غەرب دۆلىتى ئۇنى 24 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن سېتىۋالماقچى بولغان . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر بايلىق .

جاڭ باۋشىڭدىكى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدار زادى قانداق پەيدا بولغان ؟ بۇ توغرىسىدا سورالغاندا ، ئۇنىڭ ئۆزى كۆپ نەرسە دېمەيدۇ . پەقەت كىچىك ۋاقتىمدىلا بار ئىدى دېگەن قىسقىلا جاۋابنى بېرىدۇ . ئېھتىمال ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدە ئىقتىدار تۇغما بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ ئىككى - ئۈچ ياش چېغىدىلا ئۇنىڭدا غەلىتە ھادىسىلەر كۆرۈلگەن ، كېيىن ئۇ چوڭ بولغانسېرى بۇنداق سىرلىق ئىشلار تېخىمۇ كۆپەيگەن . مەسىلەن ، ئۇ بازارغا چىقسا ، گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئاللىقانداق يەرلەردىن قولىدىكى سېۋەتكە كەلتۈرەلەيدىكەن ، ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئاتا - ئانىسى بولسا بۇ ھادىسىلەرنى چۈشەنمەي ، ئۇنى ئوغرىلاپ كەلدى دەپ گۇمانلىنىدىكەن . ئۇ ئۆزى بىر نەچچە قېتىم ئاپئاقساقاللىق بىر بوۋاينىڭ ھەمىشە ئۆزىگە ئەگىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى ، بۇ ھال كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بارلىقىنى

ئېيتقان . بىر نەچچە يەردە ، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدارنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن : « ئۇستازىمدىن سوراپ باقاي » دېگەن گەپنى قىلغان . ئۇ يەنە : « ئۇستازىم ئاپئاقساقاللىق بىر بوۋاي ، ئۇ قىلالايسەن دېسە ، ئاندىن قىلالايمەن » دېگەن . بۇ ئىش ئەلۋەتتە كىشلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ . بۇ يەردە ئىككى ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن : بىرى ، بۇ ئاپئاقساقاللىق بوۋاي جاڭ باۋشىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئاڭسىز ھالدا كاللىسىدا پەيدا قىلىنىۋالغان ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئىلاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇنداق يوشۇرۇن ئاڭ ھەممە ئادەمدە بولىدۇ ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان « يوشۇرۇن ئاڭ » ھازىرقى پسىخولوگىيە ئىلمى تەبىر بېرىۋاتقان ئۇقۇمدىن ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە . يەنە بىرى، ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بىرەر نەپەس گومپا ئۇستىسىنىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بېقىندى بولۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن .

ۋۇخەنلىك مەشھۇر ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى سۇن چۇلىن دېگەن ئايال ھازىر جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادەم بەدىنى ئىلمي تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى . ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئون ياش ۋاقتىدا مەلۇم بولغان . ئۇ بىر كۈنى بىر نەچچە تەڭتۇشلىرى بىلەن ئېتىزلىقتا ياۋا كۆكتات تېرىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا بىر ئاق نۇر پەيدا بولۇپ بېشى قايغاندەك بىئارام بولغان ، كېيىن ئەسلىگە كېلىپ يەرگە قارىسا ، ئۆزى تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدا بىر خۇمرا مىس تەڭگە تۇرغانلىقنى ئېنىق كۆرگەن . بۇ ئەھۋالنى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ئېيتقان ، لېكىن ئۇلار ئىشەنمىگەن ، كېيىن سىناپ بېقىش مەقسىتىدە كەتمەن ، گۈرجەكلىرىنى ئەكىلىپ ھېلىقى يەرنى بىر مېتردىن چوڭقۇرراق كولىغان ، ئۇ يەردىن راستتىنلا بىر خۇمرا مىس تەڭگە چىققان . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ سىنىپىدا ئولتۇرۇپ ، يەنە بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقنى كۆرەلەيدىغان ، مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنىڭ قورسىقىغا قاراپلا ھامىلىنىڭ بار - يوقلۇقنى ، ئوغۇل ياكى قىزلىقنى بىلەلەيدىغان ئالاھىدە كۆرۈش ئىقتىدارى پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بولغان ...

سۈن چۈلىنمۇ ئالاھىدە ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇستازى پەيدا بولىدىكەن . ئۇمۇ ھەر قانداق ئىشنى ئۇستازىدىن سوراپ قىلىدىكەن . لېكىن ئەجەبلىنەرلىكى ، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۇستازى قەدىمكى پاسونىدا ياسانغان ، ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن بىر ئايال ئىكەن . كېيىن بېشىدا چېچى يوق ، ياش ، بويى ناھايىتى ئېگىز ، گەپ قىلسا تەلەپپۇزىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ، بەش ئەزايى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشمايدىغان تاشقى پلانېتا ئادەملىرىدەك بىر ئەركىشى بولۇپ قالغان .

سۈن چۈلىن 1993 ـ يىل 6 ـ ئايدا ، ئورۇنداش خېلى مۇشكۈل بولغان بىر ئالاھىدە ئىقتىدار تەجرىبىسىنى ئېلىپ بارغان . يەنى ، گۇمپا ئارقىلىق بىر بوتۇلكا سۇنى بېنزىنغا ئايلاندۇرغان . ئۇ كىشىلەر نەقمەيداندا تۇرۇۋېتىپ قاچىلاپ بەرگەن بىر بوتۇلكا سۇنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ، كۆز ئالدىدا سۇنى مايغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان . ئەمما بىرىنچى قېتىمدا سۇنى ھەم مايغا ، ھەم ئىسپىرتقا ئايلاندۇرسام ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىغان . نەتىجىدە شۇ قېتىم بىر بوتۇلكا سۇنى ھەم مايغا ، ھەم ئىسپىرتقا ئايلاندۇرغان . يەنى ، بىر بوتۇلكا سۇ ئۈچ قاتلام بولۇپ ، بىرىنچى قاتلىمى بېنزىن ، ئىككىنچى قاتلىمى ئىسپىرت ، ئۈچىنچى قاتلىمى سۇ بولغان . نەقمەيداندا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرگەندە ، دەل ئاشۇنداق چىققان . ئىككىنچى قېتىمدا ، سۇنى پۈتۈنلەي بېنزىنغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ ، لىق سۇ قاچىلانغان ، ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن بوتۇلكىنى ئىككى قولىدا سىقىمداپ تۇتقان . ئاشۇنداق تۇتۇش ، يەنە تۇتۇش ئارقىلىق بوتۇلكىنىڭ ئاستىدىن سۇنىڭ مايغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن . دەسلەپتە خۇددى قازان قايناۋاتقاندەك « ۋاراق ـ ۋاراق » قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغان ، ئاندىن نۇرغۇن ئۇششاق كۆپۈكچىلەر كۆتۈرۈلۈپ چىققان ، ئەڭ ئاخىرىدا ، سۇ ئاستا ـ ئاستا بېنزىنغا ئايلانغان . لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتە ، تەركىبىمۇ ، پۇرىقىمۇ نەق بېنزىننىڭ ئۆزى بولۇپ چىققان .

بۇ زادى قانداق ھادىسە ؟ !

راستىنى ئېيتقاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن سۇنى بېنزىنغا ئايلاندۇرۇشنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، سۇ ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېننىڭ خىمىيىلىك بىرىكىشىدىن پەيدا بولىدۇ؛ بېنزىن بولسا، كاربون بىلەن ئوكسىگېننىڭ خىمىيىلىك بىرىكىشىدىن پەيدا بولىدۇ. سۇدا ھەرگىزمۇ كاربون ئېلېمېنتى بولمايدۇ، شۇڭا ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق. ۋەھالەنكى، بۇ ئۆزگىرىش پاكىت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلانغان. شۇڭا، بۇنى بىر مۆجىزە دېيىش كېرەك!

بۇ يەردە بىز نەزىرىمىزنى تېخىمۇ يىراققا — قەدىمكى ئەجدادلارغا يۆتكەپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل ئالاھىدە ھادىسىلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. رىۋايەت قىلىنىشىچە ئەيسا پەيغەمبەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلار ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كارامەت كۆرسەتكۈچىلەردىن ئىكەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىكى ئالاھىدە يۈكسەك ئىقتىدار بىلەن ھەر خىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىش، مۆجىزە يارىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى لەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇ زات ئاسماندىكى ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسىتىپتىكەن، ئەيسا پەيغەمبەرمۇ گاس - گاچا، قارىغۇ، بەرەس كېسەللىكىنى قولى بىلەن بىرلا سىيلاپ قويسا ئوڭشىلىپ، ھەر قانداق كېسەللىك ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپقان ئىكەن. ئۇنىڭدا يەنە دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پىشكەللىككە يولۇقىدىغانلىقىنى، 12 مۇرىتىنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن. ئۇ يەنە سۇ ئۈستىدە خۇددى يەردە ماڭغاندەك ماڭالايدىكەن. «ئىنجىل» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا يەنە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش، يىراق يەرلەردىن بىر نەرسىلەرنى يۆتكەپ كېلىش ئىقتىدارى بولغان. بىر قېتىم ئۇ قامال ئىچىدە

قالغان 5000 مۇرىتىنى ئىككى بولكا ، بەش بېلىق بىلەن تويغۇزغان . مانا بۇ
ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن نامايان بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئىقـ
تىدار . بۇنىڭدا ئىككى ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن : بىرى ، ئۇ بىۋاسىتە
هالدا بۇ ئاز نەرسىنى ئۆزگەرتىپ كۆپەيتكەن بولۇشى مۇمكىن ؛ يەنە
بىرى ، يىراق يەرلەردىن نۇرغۇن يېمەك - ئىچمەكنى « يۆتكەش »
ماهارىتى ئارقىلىق يۆتكەپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . « يوهاننا بايان قىلـ
غان مۇقەددەس خۇش خەۋەر » دېگەن كىتابتا ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ
سۇنى شارابقا ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭغا بەزىلەر
ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن . لېكىن بىر مۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈشتىن ، ھەر
خىل گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن ئەمەلىي پاكىتتىن ، ۋۇخەنلىك سۇن چۈلىن
دېگەن ئايالنىڭ بىر بوتۇلكا سۇنى بېنزىنغا ئۆزگەرتكەنلىكى
ئىسپاتلاندىغۇ ! قۇربانجانمۇ بىر نەچچە سورۇندا — كىشىلەرنىڭ كۆز ئالـ
دىدا بوتۇلكىدىكى ئاق هاراقنى سۇغا ئۆزگەرتىۋەتتىغۇ ! ھەتتا بىر ئوچۇم
توپىنى قۇرتقا ، تاشنى تاشپاقىغا ئايلاندۇردىغۇ!دېمەك، هازىرقى ئادەملەر —
ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى شۇنداق قىلالىغان ئىكەن ، بۇندىن 2000 يىل
بۇرۇن ياشىغان ئەيسا پەيغەمبەرمۇ چوقۇم شۇنداق قىلغان ، بۇ، شەك -
شۈبھىسىز !

دۇنيادا ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ سىرلىق هادىسىلەر بار .
بۇنىڭدىكى يادرو يەنىلا هاياتلىقتىكى ئالاھىدە هادىسىلەر . بۇ خىل ئالاھىدە
هادىسىلەرنىڭ ئەڭ جانلىق ، ئەڭ تىپىك ئىپادىسى نەپەس گۇمپىسىدىكى
يۇقىرى ماهارەت بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار . ئادەم
بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ سىرىنى ئېچىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتـ
قاندا ، ئالەم بىلەن هاياتلىقنىڭ شەكىللىنىش سىرىنى ئاچقانلىقتۇر. ئالەم
قانداق شەكىللەنگەن ؟ هاياتلىق قانداق شەكىللەنگەن ؟ ئىنسانلاردا هازىر
بىر مۇنچە قىلىپلاشقان تەپەككۇر شەكىللىرى بار . ۋەهالەنكى ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە . سۇ شارابقا ، بېنزىنغا ئايلىنامدۇ ؟
بۇ هازىرقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ، پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش .

لېكىن بۇ بىر پاكىت ، بۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەجرىبە ۋە نەزەرىيىسىدىن مۇتلەق ھالقىپ كەتكەن بىر پاكىت . بۇنى يالغۇز قەدىمكى زاماندىكى ئەيسا پەيغەمبەر ئەمەس ، بەلكى ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭلىق قۇربانجان تۇرەك ، ۋۇخەنلىك سۇن چۇلىنلار ئىشلەپ ، ئەمەلىيەتتىن ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن . بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ، كىشىلەرنىڭ ھازىرقى تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر مۆجىزە !

يىراق مەدەنىيەت تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق ، خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئەپسانە ، چۆچەكلەرنىڭ بارلىقىنى ، شۇنداقلا بىر مۇنچە دىنىي رىۋايەتلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىمىز . بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ناھايىتى نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەر بايان قىلىنغان . مەسىلەن ، ھەممىگە مەلۇملۇق « سۇلايمان قالپاق » ، « خاسىيەتلىك ھاسا » ، « ئېچىلىڭ داستىخان »، « ئۇر توقماق »؛ ئۇنىڭدىن باشقا ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ...

بۇ رىۋايەت ، چۆچەكلەرنى ئىنسانلار ھېچقانداق سەۋەبسىز ، ئاساسسىز توقۇپ چىقارغانمىدۇ ؟ ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىقتىدار ، ھادىسىلەرنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز خۇددى « تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەن » دەك ، قۇرۇق خىيال بىلەن ئويدۇرۇپ تاپقانمىدۇ ؟ ! يەنە بىز ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ، « ئىنجىل » دىكى ئەيسا پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن بايانلارغا قاراپ باقايلى ، ئۇلارمۇ پۈتۈنلەي مۆجىزە بىلەن تولغان . بۇ ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئاق كۆڭۈل ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقلەرنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەسەبىيلەرچە دىنىي خام ـ خىيالىمىدۇ ؟ ! ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! بۇ رىۋايەت ، ئەپسانە ، چۆچەكلەر ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ چېچەن تىلى ، ماھىر قولى بىلەن بىزگە قالدۇرغان جانلىق خاتىرىسى ! بىز بۇ خاتىرىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق ، ھازىرقى زامان پەن ـ

تېخنىكا ۋاستىلىرىنىڭ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ماددىيلاشتۇرۇلۇشى، يەنى ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئادەملەردىكى يىراقتىن سېزىش ئىقتىدارى ھازىرقى زاماندىكى رادار ۋە سىمسىز تېلېگراف بولۇپ ئىپادىلەندىغۇ؟ ئادەملەردىكى چوڭقۇر كۆرۈش (يەر ئاستىدىكىنى، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىنى كۆرۈش) ئىقتىدارى ھازىرقى زاماندىكى رېنتگېن، يىراقنى كۆرۈش ئىقتىدارى دۇربۇن؛ يىراقتىن ئاڭلاش ئىقتىدارى مەخپىي ئاڭلاش ئاپپاراتى بولۇپ شەكىللەندىغۇ؟ ئادەملەردىكى ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى ئاسترونومىيە، ھاۋارايى قاتارلىق ئىلىملەردىكى ئالدىن مۆلچەرلەش سايمانلىرى بولۇپ ئىپادىلەندىغۇ؟ ساكيامونى مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىلا: «بىر تامچە سۇدا 84 مىڭ قۇرت بار» دەپ ئېيتقان. بۇ ھال ساكياموندا كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرەلەيدىغان ئالاھىدە كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلاردىكى مانا شۇنداق چوڭايتىپ كۆرۈش ئىقتىدارى كېيىنكى چاغلاردا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مىكروسكوپنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ھەقىقەتەن مىكروسكوپ ئارقىلىق بىر تامچە سۇغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا سانسىز جانلىقلارنىڭ، مىكروبلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئەگەر پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى مىكروسكوپنى ئىجاد قىلمىغان بولسا، ئېھتىمال ساكيامونىنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ھازىرغىچە خۇراپات ياكى رىۋايەت بولۇپ قالاتتى.

دېمەك، بىز بۇ يېڭى ئەسىردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن سىرلىق مەدەنىيەتنى، سىرلىق ھادىسىلەرنى ئەستايىدىل تونۇشىمىز ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

بۇ خىل سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا بۈگۈنكى ئادەملەر تېخى تونۇپ يەتمىگەن قانداقتۇ بىر ئالەم ۋە دۇنيا بار. ئۇنىڭ كەينىدە قانداقتۇ بىر خىل سىرلىق كۈچ رول ئوينايدۇ، بۇ خىل سىرلىق كۈچ ئادەم ئېڭىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدا مۇشۇنداق بىر سىرلىق كۈچ باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇن ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىرلىق كۈچ بىلەن باغلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆزى ھەققەتەن ناھايىتى مۇرەككەپ بىر سىستېما. ئەگەر بىز بۇنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان بولساق، ئىنسانلار تارىخىدىكى نۇرغۇن تېپىشماقلارغىمۇ جاۋاب تېپىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت ئۆزىنى جەزمەن ئېنىق تونۇشى، بولۇپمۇ تەن بىلەن روھتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىك تۈزۈلۈشنى ئېنىق تونۇشى لازىم.

ئەمدى بىز مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئەنئەنىۋى مېدىتسىنا ئىلمىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بىر مۆجىزىلىك ھادىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

بېيجىڭدىكى مەلۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دېڭ جىڭ ئىسىملىك بىر قىز ئوقۇغۇچىسى نەپەس گۇمپا ئۆستىسى يەن شىڭ ئەپەندىنىڭ بىر قېتىملىق دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن 1987 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ، تاماق يېمەي بەدەننى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت قەدىمكى مەشىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە 2000 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت بىر ۋاخمۇ تاماق يېمىگەن، پەقەت ئاندا - ساندا قايناق سۇ ئىچكەن، ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىرەر قېتىممۇ چوڭ تەرەت قىلمىغان، ھەتتا چوكا تۇتۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەن.

1990 - يىلى يازدا، جۇڭگو ھەربىي تىببىي ئاكادېمىيىسى ئۇنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرمەكچى بولۇپ، 30 كۈنگىچە مەخسۇس كۆزىتىپ سىناق قىلغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھېچ نەرسە يېمەي، يېمەك - ئىچمەكنى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەن ھالەتتە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان!

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ئادەم ئالتە يىل تاماق يېمەي، يەنە ئوخشاشلا ساغلام تۇرسا، ئادەتتىكىدەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى

داۋاملاشتۇرۇۋاتسا ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ؟ ! بۇ ، هاياتلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ ؟ بۇ قىز زادى نېمىگە تايىنىپ هايات يۈرۈۋاتىدۇ ؟ ئۇ هاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇقنى ، ئىسسىقلىقنى نەدىن ئالىدۇ ؟ هاۋادىن ، مۇهىتتىن ، ئۆسۈملۈكلەردىن ئالامدۇ ؟ بۇنىڭغا هازىر هېچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ ! بىز ئەزەلدىن ئادەم بىۋاسىتە ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق هاياتىنى ساقلايدۇ ، ئۇ هەرگىزمۇ ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش هاۋادىن ، سۇدىن كېرەكلىك تەركىبلەرنى ئېلىپ ئوزۇقلانمايدۇ دەپ قاراپ كەلگەن . لېكىن بېيجىڭلىق دېڭ جىڭ قىزنىڭ ئالتە يىل هېچ نەرسە يېمەي ، يەنە نورمال ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ خىل قاراشنىڭ تازا ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى .

خۇبېيلىق مەشهۇر نەپەس گۇمپا ئۇستىسى ، ئالاهىدە ئىقتىدار ئىگىسى ليۇ شىنيۇ سۇ ئاستىدا نەپەس ئالماي 70 مىنۇت تۇرالايدۇ هەم سۇ ئۈستىدە چۆكمەي چازا قورۇپ ئولتۇرالايدۇ . ئۇ سۇ ئاستىدا 70 مىنۇتقىچە نەپەس ئالماي نېمىگە تايىنىپ هايات تۇرالايدۇ ؟ ئۇنىڭ بەدىنىدە زادى قانداق سىر بار ؟ !

ئۇ يەنە گۇمپا بىلەن موي قەلەمنىڭ ئۇزۇنى قەغەز ئۈستىدە ماڭغۇزۇپ خەت يازغۇزالايدۇ . يەنى ، موي قەلەم ئادەم قولىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى هەرىكەتلىنىپ ، قەغەز ئۈستىگە بۇيرۇغان خەتنى يازىدۇ . بۇ ، گۇمپا ئارقىلىق يىراقتا تۇرۇپ بىر خىل ماددىنى كونترول قىلغانلىق بولۇپ ، بۇنىڭغا هەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ ! ئۇنىڭ نەقمەيدانىدا كۆرسەتكەن بۇ خىل ئالاهىدە ئىقتىدار ئويۇنى شياڭگاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئادەم بەدىنىدىكى ئالاهىدە ئىقتىدار توغرىسىدىكى كەسكىن مۇنازىرىدە يەكۈنلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتكەن ، ياپونىيىدىمۇ چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلغان !

جياڭسۇلۇق لى ليەنيۈەنمۇ 1994 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بېيجىڭ خەلقئارا مېهمانخانىنىڭ 1015 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە ماهارەت

كۆرسىتىپ، بىرەيلەننىڭ تەلپى بويىچە، بوشلۇقتىن نەرسە يۆتكەش گۇمپىسىنى ئىشلىتىپ، كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدا 1000 ئامېرىكا دوللىرىنى پەيدا قىلغان. 100 دوللارلىقتىن ئون دانە ئامېرىكا دوللىرى تېخى نومۇر رېتى بويىچە كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە يىراقتىن هاراق، تاماكا، تىرىك ئۆردەك، غاز، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى كەلتۈرگەن. لېكىن، ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن مەن ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، بۇ نەرسىلەر هامان بىر سىنىڭ خەزىنىسىدىن، دۇكىنىدىن، يانچۇقىدىن، ئۆيىدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا زىيان بولىدۇ، شۇڭا، باشقىلارغا زىيان سالىدىغان بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك!»

لىيۇلى ئىسىملىك چېچەكخارلىق ئايالنىڭ ئاي ۋە يۇلتۇزلاردىن دورا تەلەپ قىلىپ ئالالايدىغان ئاجايىپ كارامىتى بار. ئۇ بىر قېتىم 80 ئادەمنىڭ ئالدىدا بۇ كارامەتنى كۆرسەتكەن. دەسلەپ، ھەممە ئادەم بىردىن ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا قويغان، ئاندىن لىيۇلى گۇمپا ئىشلىتىپ، ئاسماندىن دورا تەلەپ قىلغان. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەي 80% ئادەمنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا دورا چۈشكەن، يەنە كېلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا چۈشكەن دورىلار بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيرانلىقتا چۇرقىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەن.

لىيۇ لىننىڭ ئېيتىشىچە، ناھايىتى كىچىك، قۇيرۇقلۇق، يورۇق بىر يۇلتۇز ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدىكەن. ئۇ نەگە بارسا، يۇلتۇزمۇ شۇ يەرگە بارىدىكەن، گويا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلگەندەك شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنىدىكەن، خۇددى بىر پارچە يورۇق نۇردەك ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ پىرقىرايدىكەن.

ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمى يوق، سۇئىي ھەمرانىڭ ياسىلىشى، قويۇپ بېرىلىشى توغرىسىدىمۇ ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئالاھىدە ئىقتىدارغا تايىنىپ، سۇئىي

ھەمرانىڭ قويۇپ بېرىلىشى توغرىسىدا شۇنداق ئېنىق ھەم تەپسىلىي مۆلچەرلىيەلىشى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە. بۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئالەم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىلمەيدىغان نەرسىسى بولمايدۇ. جياڭسۇلۇق چېن لىگېڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە ئالدىن بىلگۈچى شەخس.

ئېلىمىز 1992 - يىلى ئۇلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغدا، مۇناسىۋەتلىك خادىملار زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى چېن لىگېڭنى تەكلىپ قىلىپ، ھەر قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۈنئىي ھەمرانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئالغان. چېن لىگېڭ سۈنئىي ھەمرانىڭ مودېلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا بېرىش، راۋان ئۇچۇش - ئۇچالماسلىقى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى، قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قانداق مەسىلىلەرنىڭ سادىر بولىدىغانلىقى، قاچان قويۇپ بېرىش كېرەكلىكى ھەم ھاۋارايى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ مۆلچەرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. مەسىلەن، ئۇ 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قويۇپ بېرىلىدىغان « ئاۋشىڭ 1B » ناملىق سۈنئىي ھەمرا توغرىسىدا: « ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، چاتاق راكېتانىڭ باش تەرىپىدە، مۇشۇ پېتى قويۇپ بېرىلسە، پارتلاش يۈز بېرىدۇ » دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلغان. لېكىن باشقۇرغۇچى خادىملار بۇ گەپكە تازا ئىشەنمەي، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە راكېتانى ئوت ئالدۇرۇشنى بۇيرۇغان. نەتىجىدە، ئىش ھەقىقەتەنمۇ ئوڭۇشلۇق بولمىغان، راكېتانىڭ باش قىسمىدا راستتىنلا پارتلاش يۈز بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىش ئىشى دەرھال توختىتىلغان.

ئىككىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۈنئىي ھەمرا توغرىسىدا

ئۇ : « قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مەلۇم ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ھەم ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمەيدۇ » دەپ ھۆكۈم قىلغان . كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ ، ھەقىقەتەن ئاپپارات پىلىيونكىسى چاپلىشىپ قېلىپ ، ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ، سۇئىي ھەمرانىڭ قايتىش ۋاقتىمۇ ئەسلىدە بېكىتكەن 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن كېچىكىپ ، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قايتىپ كەلگەن .

بەشىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلىدىغان سۇئىي ھەمرا توغرىسىدا ئۇ : « قويۇپ بېرىش ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ ، لېكىن مەن ئىككى قېتىم تەپسىلىي كۆردۈم ، ھەر قېتىمدا ئاسماندا ئوت كۆرۈندى » دېگەن . نەتىجىدە ، سۇئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىپ 48 سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن ، بازىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوت پۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان راكېتانىڭ باش قىسمىدا تۇيۇقسىز ئوت لاۋۇسى پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن .

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، چېن لىڭپىڭ بۇنداق دانالارچە ئالدىن مۆلچەرلەشنى سۇئىي ھەمرا قويۇپ بېرىلىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن بېيجىڭدە سۇئىي ھەمرانىڭ ئاددىي مودېلىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئېلىپ بارغان . ۋەھالەنكى ، قويۇپ بېرىلىدىغان سۇئىي ھەمرا بىلەن راكېتالار بولسا بېيجىڭدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى شىچاڭ دېگەن بازىدا بولغان .

ئومۇمەن بەش قېتىملىق ئالدىن مۆلچەرلەشنىڭ ھەممىسى ئاساسەن چېن لىڭپىڭ ئەپەندىنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقىپ ، سۇئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش ئىشى بىر مۇنچە زىيان ۋە ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالغان . شۇڭا ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار چېن لىڭپىڭنىڭ بۇ مۆجىزىلىك تۆھپىسىنى تەقدىرلەپ ، 200 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەرگەن .

دۇنيانىڭ ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىنى ئېچىپ قارايدىغان بولساق ، بۇنداق دانىشمەن ، ئەۋلىيالار ھەقىقەتەن ياشاپ ، ئاجايىپ سىر ، مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز .

فرانسىيىدە 16 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر دانىشمەن ناستىرى دامىس ئەنە شۇنداق ئالدىن بىلگۈچى ئەۋلىيالارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ 12 قىسىملىق تەۋەررۇك كىتابى بولغان « ئەسىرلەر » پۈتۈن دۇنياغا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر قىسمىدا 100 كۇبلېتتىن جەمئىي 1200 پارچە شېئىر بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغان نۇرغۇن ئىشلار ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىغا قارىغاندا، ناستىرى دامىسنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ، ئۇنىڭ راستلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. شۇڭا، ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا فرانسىيە پادىشاھىنىڭ قاچان، قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى؛ ئىنسانلار تارىخىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىپ، گىتلېرنىڭ ياۋروپانى ئىگىلەيدىغانلىقىنى؛ ئاتوم بومبىسىدىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر يادرو قورالىنىڭ ياپونىيىنى ئەڭ ئاخىر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى؛ فرانكونىڭ ① گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى... شۇ ئىشلار يۈز بېرىشتىن بىرنەچچە يۈز يىل بۇرۇن دانىشمەنلىك بىلەن ئېيتقان. كېيىنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ چىققان، تارىختا يۈز بەرگەن. ئۇ پەقەت « گىتلىر » دېگەن ئىسىمنىڭ بىرلا ھەرپىنى خاتا ئېيتقان، فرانكونىڭ ئىسمىنى بولسا پۈتۈنلەي توغرا ئېيتقان (ئۇلار دۇنياغا كېلىشتىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن).

ناستىرى دامىس يەنە يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى (پارس قولتۇقى ئۇرۇشى)، مۇھەممەتنىڭ بولغىنىشى ۋە شۇ تۈپەيلى بىلىقلارنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، ئادەملەرنىڭ غەلىتە تۇغۇلىدىغانلىقى؛ ئايالاردىن ئالەم ئۇچقۇچىلىرى چىقىدىغانلىقىنىمۇ 400 يىل بۇرۇن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى نەتىجىسىدە، ناستىرى دامىسنىڭ دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىكى بولۇپ ئىسپاتلانغان.

---

① فرانكو ـ ئىسپانىيىنىڭ 1939 ـ يىلدىن كېيىنكى باش ۋەزىرى ھەم زۇڭتۇڭى.

ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈك ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم. ئۇ شەيئىلەرنى زامان ۋە ماكاندىن زور دەرىجىدە ھالقىغان ھالدا رادىئوسلۇق سېزىم ① ئارقىلىق بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ئۇنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن ئۆزگىچە ھايات سەرگۈزەشتىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدار ھالىتىگە كىرگەن ۋاقىتتا، ناھايىتى يىراقلاردىن ئۇ- چۇرلارغا ئىگە بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتى يوھاننانىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ناستىرى دامىس بىرەر نەرسىنى ئالدىن مۆلچەرلىمەكچى بولغاندا، ئۇ جەزمەن ئۆزى «كۆرگەن» سۈرەت ۋە مەنزىرىلەرنى ئاساس قىلىدۇ ۋە بۇنى بىۋاسىتە سېزىم شەكلىدىكى ئىدراك بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ!

ئالاھىدە ئىقتىدارى بار ئادەملەر ئالاھىدە ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، رېئاللىق تۇيغۇسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ھالەتتىكى ۋاقتى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تەپەككۇرى ئالاھىدە ھالەتتىكى تەپەككۇر، خۇددى ئادەم چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتىكى چۈشنىڭ تەپەككۇرىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئادەم چۈش كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا، چۈشىدە كۆرگەن ھەممە نەرسىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭدا رېئاللىق مەنتىقىسى بولمايدۇ. دەل ئاشۇنداق رېئاللىق مەنتىقىسى بولمىغانلىقى، ھەممىنى ئۇنتۇغانلىقى، قېلىپلاشتۇرۇلغان رېئاللىق مەنتىقىسىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالىدا ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ، ئاسماندا ئۇچالايدۇ، دېڭىزغا شۇڭغىيالايدۇ، ھەر قانداق توسقۇن - توساقلاردىن بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى توغرىسىدا ئانچە چوڭقۇر بىلمەيمىز. ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى چەكسىز مول بايلىقتا، چەكسىز كەڭلىككە ئىگە. يوشۇ-

---

① رادىئوسلۇق سېزىم — بەلگىلىك نۇقتىدىن چىقىپ، بەلگىلىك دائىرە ھاسىل قىلالايدىغان، خالىغانچە كېڭەيتىشكە بولىدىغان سېزىم.

رۇن ئاڭ تـوغـرىـسـىدا فىروئىد پەقەت ئەڭ دەسلەپكى بىر قاتلامنى ئېچىپ بـەردى ، بـۇ قـاتلامـدىـكـى يـوشـۇرۇن ئاڭـدا پـسـىخىكىلىق ئېنېرگىيلا هازىـرلانـغـان بولىدۇ . نەپەس گۇمپىسى بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئـقـتـىـدار تـوغـرىـسـىـدىـكـى تەتقىقات بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يـوشۇرۇن ئاڭنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتى . ئىنسانلاردىكى سىرلىق هادىسە- لـەرنـى ئېچىش توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردا مۇنداق كۆرستىلىدۇ : ئەگـەر فـىـروئـىـد تـەتـقـىق قىلغان يوشۇرۇن ئاڭغا « بىرىنچى قاتلامدىكى يـوشـۇرۇن ئاڭ »ئۆزىـدە پـسـىخىكىلىق ئېنېرگىيە هازىرلىغان بولىدۇ دەپ تـەبـىر بېرىلسە ، ئۇنداقتا ، « ئىككىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ » دا فـى- زىـكـىـلـىـق ئېنېرگىيە هازىرلانغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ بەزى نەرسىلەرنى جـايـىدىن يۆتكەپ قالماستىن ، بەلكى ماددىلاردا هەرخىل فىزىكىلىق ، خى- مـىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ ؛ ئەمدى « ئۈچىنچى قاتلامدىكى يـوشـۇرۇن ئاڭ » يۇقىرى دەرىجىدىكى فىزىكىلىق ئېنېرگىيە بولۇپ ئىپادى- لىنىدۇ . بۇنداق چاغدا بىز يىراقتىن گۇمپا ئىشلىتىپ ، ماددىلاردا كىشىنى هەيـران قـالـدۇرغـۇدەك ئۆزگـىـرىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز ، بۇ چاغدا ، هەتتا شامال چىقىرىپ ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان هادىسىلەر بـولىدۇ ؛ ئەمـدى « تـۆتـىـنـچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭ » غا بارغاندا ، ئۇ پۈتكۈل ئـىـنـسـانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ، ئىدىيىسى ۋە روهى بىلەن بىرلىشىپ كـەتـكـەن هالـەتـتـە ئـىـپـادىـلـىـنىدۇ . فىروئىد ئېچىپ بەرگەن « بىرىنچى قـاتلامـدىـكى يوشۇرۇن ئاڭ » ئۇيقۇلۇق هالەت ( چۈش كۆرۈش هالىتى ) تـىـكـى ، روهىي كونتروللۇقنى يوقاتقان ، ئەس - هوشى جايىدا بولمىغان هالـەتـتـىـكـى هەرىكەتلىنىش بولىدۇ . ئەمدى ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ۋە تۆ- تـىـنـچـى قـاتلامـدىـكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ هەرىكەتلىنىشى بولسا ، ئالاھىدە ئـقـتـىـدارغـا كىرىشىش هالىتى ، نەپەس گۇمپىسىغا كىرىشىش هالىتى بو- لىدۇ .

بـىـزدىـكـى يـوشـۇرۇن ئاڭ ئـىـدىيىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانـغان بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق ، ئۇ هەممە نەرسىنى خاتىر-

لىيەلەيدۇ، ھەممە نەرسىنى قىلالايدۇ. مەسىلە بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نورمال ئالاقە قىلىپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىمىزدا. ئادەملەردىكى يوشۇرۇن ئاڭ ناھايىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغاچقا، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ئېڭى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. لېكىن يوشۇرۇن ئاڭ مۇتلەق يوشۇرۇنغان ھالەتتىلا بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ھەرخىل قىياپەتتە ئاشكارىلىنىدىغان يولى ۋە شەكلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئادەتتە بوغۇلغان، چەكلەنگەن ھالەتتە تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇن كۈچ بىلەن ئاشكارا ئاڭغا تەسىر قىلىدۇ، قاچانىكى ئاشكارا ئاڭنىڭ كونترول كۈچى بوشىغان ۋە يىمىرىلگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە، ئوخشاشمىغان شەكىلدە ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ ...

ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ ئاڭغا بولغان بۇرۇنقى تەبىرى ۋە تونۇشى ناھايىتى يۈزە، ھەتتا خاتا بولغان. ئاڭدا بىز بىلىدىغان بەزى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا، يەنە ناھايىتى روشەن ھالدا فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت ۋە فىزىكىلىق ئېنېرگىيە بار. ئاڭ ماددىنىڭ بىر ساھەسى، بىر قىسمى، بەلكى ئالاھىدە بىر قىسمى، بۇنداق قاراش ئادەم بەدىنىدىكى ھەرخىل ئالاھىدە ئىقتىدارلارنى ئىلمىي سىناق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئىلمىي تەپەككۇرىمىز شۇنداق بىر نەرسىگە ئادەتلەنگەنكى، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەتنى، ئاڭ بىلەن ماددىنى، تەن بىلەن روھنى ئايرىپ قارايدۇ. لېكىن ئاڭ ئەسلىدىلا ماددىنىڭ ئالاھىدە تەركىبىي قىسمى؛ جەمئىيەتمۇ ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئارىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. بۇ خىل ئۇچۇرنىڭ مەنىسى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى تونۇپ يەتكەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا ناھايىتى مول ۋە ناھايىتى چوڭقۇر بولىدۇ. ئادەم بەدىنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر سىستېما. ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى، پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىنسانلار تېخى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىدى، ئىنسانلاردىكى ئەڭ زور بايلىق دەل ئۇنىڭ ئۆزىدە. بىز دۇنيانى ئاچقان ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىزنى ئېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالماسلىقىمىز لازىم .

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى ھازىر تېخى ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەن بوشلۇق دېيىشكە بولىدۇ . ئىنسانىيەت ئاي شارىغا چىقتى ، مارس توغرىسىدا ئىزدەندى ، لېكىن ئادەم بەدىنىنىڭ ئىقتىدارى توغرىسىدا ئانچە ئويلاشمىدى . بىز نۇرغۇن نەرسىلەردە پەقەت ھادىسىنى ، نەتىجىنى كۆرىمىز . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەراسە دەپ بېرەلمەيمىز . بىز پۈتكۈل ئالەمنى چوڭ بىر مېگە دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمىزدا ، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى چۈشەنمەك ئوڭاي بولىدۇ . ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى شۇنىڭ ئۈچۈن زامان ، ماكاندىن ھالقىغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىپ ئالەمنى ئىگىلىيەلەيدۇكى ، ئۇ ئالەمدىن ئىبارەت بۇ چوڭ مېڭىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ، خالاس . چوڭ مېگە شەكلىدىكى ھەرىكەت ئالەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ، ئەڭ ئىچكى ۋە ئەڭ يۇقىرى ھەرىكىتى بولىدۇ .

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئادەم روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بىر خىل سىرلىق كۈچ ۋە ئادەمنىڭ پسىخىك ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئالاھىدە روھىي ھادىسە . بىز بۇ خىل كۈچ بىلەن ئالاھىدە ھادىسىنى تونۇپ يەتمىگەن ۋاقىتتا ، ئۇ بىزنى قايمۇقتۇرىدۇ ، بىزگە سىرلىق نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭغا قارىتا بىزدە بىر خىل خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش پەيدا بولىدۇ . ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىشەنمەسلىك ، ھەتتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب ناھايىتى ئاددىي : ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق نامايان بولغان مۆجىزىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل زامان ۋە ماكان كۆز قارىشى ، پۈتكۈل تەپەككۇر مەنتىقىسى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا بولغان بولىدۇ . بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر مەنتىقىسى بىلەن زامان ، ماكان كۆز قارىشىدىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۈپ سىستېمىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ .

ئەگەر بىز ئۆزىمىزدە بۇرۇندىن بار بولغان كۆز قاراش ، نەزەرىيە ، تەجرىبە ، رامكا ، ئەمرىمەرۇپ ، ئەنئەنە ، مەنتىقە ، تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلاپ ، ئۆزىمىزنى ، قەلبىمىزنى ، مېڭىمىزنى ھەقىقىي قۇرۇق ھالەتتە ، ئەركىن ـ ئازادە ھالەتتە تۇتۇپ ، ئۇ نەرسىلەرنى تونۇساق ، بىلسەك ، ئۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بىر قەدەر توغرا ۋە ئىلمىي تونۇشتا بولغان بولىمىز .

شۇ مەقسەتتە ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ، جۈملىدىن ئېلىمىزدىمۇ بىر مۇنچە ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلار قىلىندى .

ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى خەلقئارادا « روھىي ھادىسە » ياكى پسىخولوگىيە ئىلمىدىن ھالقىپ كەتكەن ھادىسە دەپ ئاتايدۇ . بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىلەرنى بولسا « روھىي ھادىسە نەزەرىيىسى » دەيدۇ . 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ، بۇ خىل ھادىسىلەر توغرىسىدا خەلقئارادا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات باشلانغان . 1882 ـ يىلى لوندوندا روھىي تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى . كېيىن بۇ خىل ئىلمىي جەمئىيەتلەر ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى . ئۇ يەرلەردە بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ئۇلار يېتەرلىك پاكىتلار ئارقىلىق ، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ، راستلىقى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئىلمىي ئىشلارنى قىلدى .

ھازىر دۇنيادا « ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش كومىتېتى » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەلقئارالىق ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ تەشكىلاتى بار . بۇ تەشكىلات 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، ھازىر بۇ تەشكىلاتنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار . ئۇنىڭ ھەيئەت رىياستى ئەنگلىيە ، ئامېرىكا ، فرانسىيە ، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى 60 نەپەر تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ، پەيلاسوپلار ، ئىنژېنېرلار ۋە سېھىرگەرلىك ئۇستىلىرىدىن تەركىب تاپقان . بۇ تەشكىلات دۇنيادىكى

هەرقايسى ئەللەردە ئۇتتۇرىغا چىققان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى ۋە ئالاھىدە ھادىسىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرىدۇ. ئىنسانلار نۆۋەتتە ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان ۋاقىتقا يەتتى. ئىنسانلار تارىخى ئۆزلۈكسىز كەشپ قىلىش، ھەقىقەتنى ئۆزلۈكسىز بايقاش تارىخى. ئۆز ۋاقتىدا گالىلىي يەرنىڭ يۇملاقلىقىنى، يەر شارىنىڭ قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، نۇرغۇن ئالىملار، نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلالمىغان. ئەمدىچۇ؟ ئۇ بىر يىمىرىلمەس ھەقىقەتكە ئايلاندى. ھازىر ھېچكىممۇ يەر شارى يۇملاق ئەمەس، يەر شارى قۇياشنى دەۋر قىلىپ ھەرىكەتلەنمەيدۇ دېيەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىر فىزىكا، بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە ۋە مېدىتسىنا قاتارلىق پەنلەر چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ سىرلىق، مۆجىزىلىك پاكىتلارنى كىشىلەرنىڭ دەرھال قوبۇل قىلىپ كېتىشى ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇ خېلى جاپالىق ئىش. چۈنكى، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇ پاكىتلار بىزنىڭ ئەسلىدىكى تەجرىبە ۋە نەزەرىيىلىرىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن، ئۇ ھازىرقى بارلىق مەۋجۇت بىلىم ۋە كۆزقاراشلار بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. بۇ پاكىتلارنى قوبۇل قىلىش جەريانى مۇقەررەر ھالدا كونا تەپەككۇر، كونا تەجرىبە ۋە كونا بىلىملەردىن ۋاز كېچىش جەريانى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل ھادىسىلەرنى مەۋجۇت ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. ئىلىم - پەن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، يەنە 100 يىلدىن كېيىن، 1000 يىلدىن كېيىن قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا ناھايىتى گۆدەك ھالدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭا، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكى نورمال ئەھۋال، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىلىم ـ پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ بەزىسى تۇغما بولىدۇ؛ بەزىسى مەلۇم تاساددىپىي ئىشلارغا يولۇقۇش، مەسىلەن، كېسەللىك، يەر تەۋرەش، چاقماق تېگىش، مېتېئورىت تاشلىرىنىڭ يەرگە چۈشۈشى، تەقدىرىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇش قاتارلىق ھادىسىلەردىن كېيىنكى تەسىردىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزىسى بولسا، نەپەس گۇمپىسىنى مەشق قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ.

جىلىنڭ شەھەرلىك مۇزېيدا ئىشلەيدىغان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى ۋاڭ يۇچېڭنىڭ بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار 1976 ـ يىلى ئۇ ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، تۈرمىدە بىر خىل نارازىلىق بىلەن كۆڭلى بويىچە جىم ئولتۇرغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان. يەنى، بىر كۈنى ئۇ ئاشۇنداق جىم ئولتۇرغان پەيتتە، تۇيۇقسىز كاللىسى «ۋاڭڭىدە» يېرىلىپ چاچراپ چىقىپ، يەنە ھايال ئۆتمەي ئورنىغا قايتىپ كەلگەندەك بىر ھالەتنى ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى بىلىۋالىدىغان، بار نەرسىنى يوق قىلىدىغان، يوق نەرسىنى بار قىلىدىغان ... ئالاھىدە ئىقتىدار پەيدا بولغان. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ كاللىسى «پارتلىغان» ھېلىقى دەقىقە دەل ئاسماندىن بىر پارچە غايەت زور مېتېئورىت تېشىنىڭ جىلىنغا چۈشكەن ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. دۇنىياغا مەشھۇر بۇ چوڭ مېتېئورىت تاشنىڭ تۇيۇقسىز يەرگە چۈشۈشى ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ قۇربانجان تۇرەكتىكى ئالاھىدە ئىقتىدار زادى قانداق پەيدا بولغان؟ مەن ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئاشكارىلىدى. مەن شۇ چاغدا يېزىۋالغان ئەينەن خاتىرە مۇنداق:

«مەن مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزا ئوي بۇغداي كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. دادامنىڭ ۋە باشقا مويسىپىتلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچىنچى بوۋام موللانىيازغوجا ئانچە تەكشى ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئاندا ـ مۇندا كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ قويىدىكەن. بەزى چاغلاردا ئۇ دولان دەر-

ياسىدىن كېمىگە چۈشمەيلا، كېمىدىكىلەر دەريادىن ئۆتكۈچە ئۇ ئاللىقاچان ئۇ قاشقا ئۆتۈپ، كېمىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن؛ بەش ـ ئالتە ئادەم كۆتۈرەلمىگەن ياغاچنى ھاسىسى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، بىر قولى بىلەنلا يەلكىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭالايدىكەن؛ چىشى ئاغرىپ قالغانلارنىڭ ئاغزىغا بىرلا: «سۇف» دەپ، چىش ئاغرىقىنى توختىتىدىكەن...

بوۋام موللانىياز ئۆلەر ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەپتىكەن: «بىزنىڭ ئىچىمىزدە سىر بار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن بۇ سىر 3 ـ ئەۋلاد ئىچىدىكى قۇربان ھېيتتا تۇغۇلىدىغان بىرسىگە كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇربان قويۇڭلار!»

دېگەندەك، مەن 3 ـ ئەۋلاد ئىچىدە قۇربان ھېيتتا تۇغۇلۇپتىمەن، شۇڭا ئىسمىمنى قۇربان قويغان ئىكەن. مەن 12 ياش ۋاقتىمدا، ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇن يېرىۋاتسام، ھاشىم سىراج ئىسىملىك بىر تاغام يېنىمغا كېلىپ، ماڭا ئەتراپتىكى ئۆي ـ جاي، دەل ـ دەرەخ ۋە مەھەللىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ نام ـ ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ھەممىنى ئېيتىپ بەردىم. شۇ چاغدا تاغام مېنى ئولتۇرغۇزۇپ: «بالام، مەن بۈگۈن كېچىدە ئۇ دۇنياغا كېتىمەن، شۇڭا، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈۋالاي، دېدىم» دېدى. مەن بىر توپ يېلىملىق جىگدىنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدىم، بىر چاغدا بىرسى: ئارقاڭغا قارا دېگەندەك قىلدى، قارىسام ھېلىقى جىگدە سۆگەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى دېگەندەك تاغام تۈگەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەمىشە ئاشۇ جىگدىگە قارايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇ جىگدە مېنىڭ كۆزۈمگە سۆگەت كۆرۈنەتتى، لېكىن ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆزىگە بولسا يەنىلا جىگدە كۆرۈنىدىكەن. مەن ئۇنىڭ شېخىدىن سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىنى ئۈزۈپ بەرسەم، ئاتا ـ ئانام ھەيران بولۇپ: «بالام، سەن نېمانداق جىگدىدىن سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىنى ئالىسەن؟» دەيتتى. كېيىن، مەن كەچلىرى ھېلىقى جىگدىگە (ماڭا سۆگەت كۆرۈنىدىغان) قارىسام، ئۇنىڭ ئۈستىدىن

بىلەكتەك يوغانلىقتىكى بىر ئوت چىقىپ، بارا - بارا يوغىناپ، كېيىن يوقاپ كېتەتتى. ئاتا - ئانامنى ئەپچىقىپ كۆرسەتسەم، بۇ ئوت ئۇلارغا كۆرۈنمەيتتى.

13 ياش ۋاقتىمدا، 9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئادىتىم بويىچە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ قوي بېقىۋاتاتتىم. تۇرۇپلا مېنى قاتتىق ئۇيقۇ باستى. ھەر قانچە قىلسامۇ بولالماي، ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدىم. قويلار پىتىراپ زىرائەتلەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاڭغۇچە دادام مېنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ھېچقانداق يەردىن تاپالماي، ئاچچىقىدا قويلارنى ئۆيگە ھەيدەپ كېتىپتۇ. مەن شۇ كېچىسى ئۆيگە قايتماپتىمەن. ئەتىسى، ئۆگىنىمۇ يوق بوپتىمەن. ئاتا - ئانام ئەنسىرەپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپتۇ، ئاخىر ئون نەچچە كۈن بولغاندا مېنى ھېچ يەردىن تاپالماي، ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ قاراپ، يۇرتقا نەزىر - چىراغلىرىمنى بېرىپتۇ. لېكىن، مەن 17 - كۈنى يەنىلا ئاشۇ دۆڭدە ئويغىنىپ ئەسلىمگە كەلدىم، ئۆزۈمدە 17 كۈن ئەمەس، بەلكى 17 مىنۇتلا ئۇخلاپ قالغاندەك سېزىم بار ئىدى. شۇ كۈنى ئويغىنىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا قاتتىق كېسەل بولۇپ كەتتىم، كۈندۈزى ساق ئىدىم، ئەمما كېچىسى ئۇخلىيالماي، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، ئاغرىپ بىئارام بولاتتىم. بۇ كېسەل بىرەر ئاي داۋام قىلدى. ئۆيدىكىلەر دوختۇرغا ئاپاردى، تېۋىپقا كۆرسەتتى، داخانغا ئوقۇتتى، باخشىغا باقتۇردى. ئىشقىلىپ ھەممە سەۋەبلەرنى قىلىپ باقتى، لېكىن كېسىلىم تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. كېيىن كېسىلىم تۇيۇقسىزلا ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى بۇغداي تېرىۋاتقان ۋاقىتتا، كۈندۈزى مەھەللىنىڭ سىرتىدا قوي بېقىپ يۈرەتتىم. كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز ئاپئاقساقال،نۇرانە چىراي بىر ئادەم پەيدا بولۇپ: ‹ بالام، سەن خىسلەتلىك بالا، سەن ئۆمۈر بويى تاماكا چەكمە، ھاراق ئىچمە، ناشايان ئىشلارنى قىلما، يېقىندا ساڭا سىر كېلىدۇ، ئۇنى تۇتۇۋالساڭ، ئۆمۈر بويى ساڭا ئامەت يار بولىدۇ، تۇتۇۋالالمىساڭ، خەۋپكە ئۇچرايسەن، ئامىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللاھۇ ئەكبەر ... 〉 دەپلا يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەندە بىرەر ئىشقا قىزىقىش پەيدا بولدى، مەسىلەن، قولۇمغا بىرەر نەرسىنى ئېلىپ، بۇ نەرسە يوقامدۇ – يوق؟ دەپ ئويلايتتىم، تۇيۇقسىزلا قولۇمدىكى نەرسە يوقاپ كېتەتتى ياكى باشقا يەرلىرىمگە ئۆتۈپ قالاتتى ...

كېيىن ھەربىي سەپكە قاتناشتىم، ھەربىي سەپتە تۇرغان چاغلىرىمدىمۇ قولۇمدىن قارتا ۋە باشقا نەرسىلەر چۈشمەيتتى،بىرەرھۈنەر – كارامەتلەرنى قىلىپ باقاتتىم. كېيىن چاغانتوقايدىكى چېگرا توقۇنۇشىغا قاتناشتىم، ماڭا ئوق تەگدى، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. لېكىن بېقىنىمدىكى ئوق تەگكەن يەرگە توپا سۈركەپ قاننى توختاتتىم، ئۈچ يەرگە ئوق تېگىپتىكەن، بىر كېچە دەرەخنىڭ دالدىسىدا قان ئىچىدە ياتتىم، ئەتىسى مېنى يۆتكەپ كېتىپ داۋالاتتى، تېزلا ياخشى بولۇپ قالدىم. كېيىن ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالمىشىپ، خېلى يىللارغىچە مەكتەپ ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدا سۇ كادىرى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ قېتىم بەزى ھۈنەرلىرىمنى كۆرگەن رەھبەرلەر مېنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىگە يۆتكەپ ئەكەلدى ... »

قۇربانجان تۇرەكىنىڭ ئۆز تۇرمۇشى، تەقدىرى ۋە غەلىتە سەرگۈزەشتىسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئەنە شۇنچىلىك. ئەگەر ئۇنىڭدىن ھەرقايسى سورۇنلاردا ئۆزى كۆرسىتىۋاتقان كارامەتلەرنىڭ سىرى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ سورالسا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: « ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى بار » دەپلا قويىدۇ.

ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە بولغان 42 يىللىق ئۆمرىدە، ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ھالاللىققا ئوخشاش خىسلەتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تولۇق يېتىلدۈرگەن ۋە شۇنداق كۆچلۈك بىر ئەقىدە بىلەن ساپ ھەم سەممىي ياشاپ كەلگەن. ئۇنىڭ يىراق – يېقىندا نامى چىقىپ، كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى كىشلەرنىڭ دىققەت – ئېتىبارىنى تارتقان بىر ۋاقىتتا، مەلۇم بىر « خان جەمەتى » ئىشرەتخانىسى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ ھۈنەر – كارامەتلىرىنى تې-

خىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ دەسمايىسى قىلىش مەقسىتىدە ، ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىللىق توختام تۈزمەكچى بولغان . دەسلەپكى كېلىشىمدە ، ئۇ- نىڭغا ھەر ئايدا 3500 يۈەن ئىش ھەققى بېرىش ، 150 يۈەنلىك ياتاقتا ھەقسىز يېتىش ، يۇقىرى ئۆلچەملىك يېمەك - ئىچمەكتىن بەھرىمەن بو- لۇش بېكىتىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭ ھېسابىغا قۇربانجان تۇرەك ھەپتىدە ئۈچ مەيدان ئويۇن كۆرسىتىش ، ئەگەر خېرىدارلار تەلەپ قىلىپ قالسا ، ئۇلار- نىڭ خاس ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ، ئۇلار خالىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ يۇقىرى ھەق ئېلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن .

ئەگەر بۇ ئىشقا ، كۆزىنى پۇلغىلا تىككەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا ، ئۇنى قۇربانجان تۇرەككە كەلگەن چوڭ بىر ئامەت دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ، كېچە - كۈندۈز سۇ بىلەن لايغا مىلىنىپ ئىشلىسىمۇ ئايلىق مائاشى 200 يۈەندىن ئاشمايدىغان جاپاكەش بىر ئادەمنىڭ بىردىنلا خان ئوردىسىدەك ئېسىل يەرلەردە يېتىپ - قوپۇپ ، ئېيىغا يەنە 3500 يۈەن مائاش ئېلىشىھەقىقەتەنمۇتۇيۇقسىز كەلگەن تەلەي - ئامەت ! لېكىن ، بۇ رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى ئاجايىپ مالامەتلەر بىز- نىڭ خىلۋەت يەرلەردە ئاددىي - ساددا ياشاپ كەلگەن ئىمانى كۈچلۈك قۇربانجاننىڭ كۆزىگە سىغمىدى . بۇ يەردە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ دولان- لىقلارغا خاس غۇرۇرىغا ، پاك ئەقىدىسىگە ، يىگىتلىك ۋىجدانىغا ھار كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : « قۇرۇسۇن بۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن 3500 يۈەن ئايلىقى ! » دەپ قول سىلكىدى .

ھازىر قۇربانجاننىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە . ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ، دوستلىرى ، چوقۇنغۇچىلىرىمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپەيمەكتە . ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ياخشى پىسخىك مۇھىت ، ياخشى كەيپىيات ، ئىشەنچ ، قايىللىق ۋە ھۆرمەت قاتارلىق ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۇنىڭ ئىقتىدارى تېخىمۇ ياخشى جارى بولۇپ ، تېز تەرەققىي قىلدۇراتتى ۋە يېڭى - يېڭى كارامەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەزى ئادەملەر ھازىرچە بۇ ئىشلارنى چۈشەنمىسمۇ، بۇنداق كارامەتلەرنىڭ راستلىقىغا، مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىسمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇ ئاجايىپ سىرلار يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، بىرى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى ئېچىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئىنسانلار ھەمىشە يېڭى پاكىتلار بىلەن كونا نەزەرىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. بىز كونا ئەسىر بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى كۈتۈۋالايلى، كونا تەپەككۇرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئۇپۇق سىزىقىغا دادىل قەدەم تاشلايلى!

1995 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

*مۇئەللىپنىڭ ئالاھىدە ئەسكەرتىشى: ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان خەنزۇلار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار شىۋېتسىيىنىڭ مەركىزى ستوككىلىمدا نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە «ئىنجىل» بىلەن يازغۇچى كې يۈنلۇنىڭ «بۇگۈنكى جۇڭگو» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «ھاياتلىقتىكى ئالاھىدە ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابلاردىن ئېلىندى.

# ئىرادىدىن پۈتكەن گۈزەللىك

## كونا ئۆتەڭدىكى يېڭى ناخشا

« تۇرمۇشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ھامان خەتەرلىك دولقۇنلارنى باتۇرلۇق بىلەن كۆتۈرالىدىغان ھەم ئۇنى قەتئىي يېڭىپ چىقىدىغانلارغا بېرىلىدۇ . »
( خاتىرە دەپتىرىمدىن )

ھەممە ئادەمدە گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قەلب بار ، گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى .

1995 ـ يىل 2 ـ ئىيۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەتمۇ ئەنە شۇ گۈزەللىكتىن تەسىرلىنىپ ، بۇ بازار توغرىسىدا « شىنجاڭنىڭ يېزا ـ بازارلىرى ئىچىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت — سېرىقبۇيا » دەپ بېغىشلىما يازغان !

شۇغىنىسى ، مەرۋايىت ھەرگىزمۇ ئۆزى لەيلەپ سۇنىڭ ئۈستىگە چىقمايدۇ ، ئۇنى ئالىمەن دېگەن ئادەم جان پىدالىق بىلەن سۇنىڭ چوڭقۇر ئاستىغا چۆكۈشى كېرەك !

سېرىقبۇيا بازارلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سەمەت ئىسمائىل ئەنە شۇنداق جان پىدالىق بىلەن سۇنىڭ ئاستىغا چۆككەنلەرنىڭ بىرى . ئەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىدىلا 46 ياشقا كىرگەن، پاكار، دۇغىلاق بۇ ئادەم مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىننىڭ ئاش - سۈيى بىلەن چوڭ بولغان. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ ھەر بىر ئادىمى، ھەر بىر يېزا - كەنت، تاغ - دەرياسىدىن تارتىپ، ھەر بىر دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ غىنچە ئۇنىڭغا تونۇشلۇق. بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى بىلەن خەلقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھېسداش، ئەقىدىداش بولۇپ كەتكەن. قىسقىسى، بۇ ئادەم 1966 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالتە كىسىك كەنتكە شۇجى بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە نەگە تىكنىپ قويسا، شۇ يەردە مېۋە بېرىپ، مۇشۇ ئانا تۇپراققا چىن ئىشتىياق باغلاپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئاددىي، لېكىن ئىرادىلىك، ئۇۋمىدۋار ئادەم ئىدى. لېكىن بۇ ئادەم 1990 - يىلى بازارلىق پارتكومغا شۇجى بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا خىيالچان، جىمغۇر بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا، بىرى ھەسرىتى چوڭقۇر ئادەم جىمغۇر بولىدۇ، يەنە بىرى ئارزۇسى كۆپلۈك ئادەم جىمغۇر بولىدۇ. سەمەت ئىسمائىلنىڭ بۇنداق تويۇقسىز جىمغۇر بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ كۆپلۈكلىكىدىن ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ زادى نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ ئۇ يېڭىلىقنى، گۈزەللىكنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۆزى پۇت تىرەپ تۇرغان مۇشۇ زېمىندا يېڭى، گۈزەل بىر دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، كونا ئۆتەڭدە يېڭى ناخشىلارنى ئېيتقۇسى، يېڭى ئۇسسۇللارنى ئوينىغۇسى كېلەتتى!

شۇنداق، بۇ قەدىمكى ئۆتەڭنىڭ يەنىلا ھازىرقىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇزۇلۇپ قالماستىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى! ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە ئەجدادلارنىڭ جاسارەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك ئوبرازى نامايان بولاتتى، قۇلاق تۈۋىدە قەدىمكى زامان كارۋانلىرىنىڭ مۇشۇ ئۆتەڭنى بېسىپ ئۆتكەن چاغدىكى يېقىملىق، جاراڭلىق قوڭغۇرىقى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىلا كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇ زېمىننى ئاچقان، بۇ ئۆتەڭنى بەرپا قىلغان، گۈللەتكەن. ئەمدى بىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇ

زېمىنىن، بۇ بازارنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، باياشات، گۈزەل ماكانغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم، شۇ چاغدىلا، بىز تارىخقىمۇ، كەلگۈسىگىمۇ يۈز كېلەلەيمىز.

سەمەت ئىسمائىل سۆكۈت ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئويلايتتى، بازارنىڭ توپا - چاڭ باسقان يوللىرىنى، قىڭغىر - قىيسىق دۇكانلىرىنى، توپا چىراي تىجارەتچىلىرى بىلەن رەددى - بەدەل خېرىدارلىرىنى كۆرۈپ، يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆكەتتى، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولاتتى، نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى...

مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «ئەقىلسىز ئۆتمۈشى بىلەن ماختىنىدۇ، كالتە پەم كېلەچەك بىلەن ماختىنىدۇ، ئاقىل بولسا ھازىر بىلەن ماختىنىدۇ!». لېكىن، بۇلارنىڭ ھازىر ماختانغۇدەك نېمىسى بار؟! بازار يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك كونا پېتى تۇرۇپتۇ، يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل، بىرەر ئاپتوموبىل ئۆتسە، ئادەم ھۈركۈپ، پىتىراپ كېتىدۇ، ئاسماندىن توپا ياغقاندەك پۈتۈن ئەتراپ چاڭ - توزانغا كۆمۈلىدۇ، سودا - سېتىق قىلىدىغانلارنىڭمۇ تۇرار جايى ئوچۇقچىلىق، يازدا ئىسسىقتىن مېڭىسى قاينايدۇ، قىشتا سوغۇقتىن تېنى مۇزلايدۇ!

ئويلىغانسېرى سەمەت ئىسمائىلنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى، كۆز ئالدىدا ئۆزى كۆرگەن بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك، كۆزكەم قىياپىتى نامايان بولۇپ، كۆڭلىنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى، ئۆزلىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا، غۇلجا، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكىلەر قىلغان ئىشلارنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ قىلالمىغانلىقىدىن قاتتىق خىجىللىق، ئۆكۈنۈش ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭدا زادى نېمە كەم؟ ئەقىل - پاراسەتمۇ ياكى غەيرەت - شىجائەتمۇ؟ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا يېتەرلىك بار ئىدى. پەقەت پۇل يوق ئىدى. ئۇ نۇرغۇن پىلانلاش، ھېسابلاش ئارقىلىق، سېرىقبۇيا بازىرىنى كېڭەيتىپ، يېڭىلاپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، 4 مىليون يۈەن ئەتراپىدا پۇل

كېيىنكىسىنى ئۈچۈن پۇل تاپالمايتتى. ئىشلارنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ۋاقىتلىق ئىشلىگەن ھەقلەرنى

كېيىندىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىققان ئىدى . لېكىن ، ھازىر ئۇنىڭ قولىدا 4 مىليون يۈەن پۇل تۇگۇل ، 4000 يۈەن نەقپۇلمۇ يوق ئىدى . تېخى ئۆتكەن يىلىلا ( 1990 ـ يىلى ) ، بازارلىق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان بىناسىنى 800 مىڭ يۈەن خەجلەپ ، ئاران پۈتكۈزۈپ ئالغان . ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئورنى « لەيلىخان مازىرىم » دېگەن مازارلىق ئىدى ، ئىشخانىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە قومۇش ئۆسۈپ ، تام ـ تۈرۈسلىرىدىن قۇم ـ تۇپىلار شىرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى . قانداقلا بولمىسۇن ، قەتئىي بىر ئىرادە بىلەن بۇ يەرقايتا قۇرۇلۇپ ، بۇ يەردە ئۈچ قەۋەتلىك خېلى كۆركەم بىر بىنا پەيدا بولدى ، ھويلىدا باغ ياسالدى ، گۈلزارلىق پەيدا بولدى ، شۇ قاتاردا خېلى ئوبدان بىر مېھمانخانىمۇ قۇرۇلۇپ قالدى . بۇ ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ تاپقان تەرگەن ئىقتىسادىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، 4 مىليون يۈەن پۇلنى چىقىرىش تۇگۇل ، تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى . لېكىن ، سەمەت ئىسمائىل جا- ھىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشتىن زادىلا توختىمىدى ، ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى ، پىلان تۈزدى ، لايىھە قۇردى . بىر نەچچە كۈنلۈك چوڭقۇرئوي ـ خىيال ئاخىر ئۇنىڭدا قاتتىق بىر روھىي سىلكىنىشنى پەيدا قىلدى ، ئۇنىڭ پىكىر يوللىرى بىردىنلا ئېچىلىپ ، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى !

ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى ھەمىشە كۈرەشكە ئۈندەيدىغان ، كاتتا ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان بىر ئىچكى سادا بولىدۇ . سەمەت ئىسمائىلنىڭ ۋۇجۇدىدا مانا شۇنداق كۈچلۈك بىر سادا جۇش ئۇرۇپ كۆتۈرۈلدى . ئۇ ئالدى بىلەن سېرىقبۇيا خەلقىگە ئىشەندى ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇ خەلق يۇرتىنى سۆيىدىغان ، غۇرۇرى كۈچلۈك ، سودا ئېڭى يۇقىرى ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر خەلق ئىدى . ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى سىرتتا تىجارەت قىلىپ ، سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ، يېڭىلىق ئۆگەنگەن ، مەدەنىيەت تارقاتقان . ئۇلاردا چوقۇم بۇ قە- دىمكى داڭلىق بازارنىڭ مۇشۇنداق ۋەيرانە ، ناتوۋان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا نىسبەتەن غەشلىك ، تىت ـ تىتلىق تۇيغۇسى بار ...

سەمەت ئىسمائىل كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى مانا شۇنداق نازۇك، تەخىرسىزلىك ئامىللىرىنى كۆرۈپ يەتتى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك ياخشى پۇرسەت دەپ بىلدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە سىبىرىقبۇيا خەلقىنىڭ بۇرۇنقى ئېسىل ئىشلىرىنى ھېسابلاپ كۆردى.

سىبىرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مۇرەككەپ، تەركىبى چىگىش بولغاچقا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەركىن دۇنياسى» دەپ ئاتالغان. لېكىن، كېيىنكى يىللاردا جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، بۇ يەردىكى چوڭ ـ كىچىك خەلقنىڭ ھەممىسىدە: « يۇرتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان، ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدىغان ئىشنى قىلمايمىز ! » دەيدىغان بىر خىل يۇرت سۆيۈش، ئىززىتىنى ساقلاش ئىدىيىسى كۈچلۈك. شۇڭا، بۇ بازار جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش جەھەتتە ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. يەنە قايسى بىر يىلى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان يولدىكى كونا ياغاچ كۆۋرۈكنى بۇزۇپ، سېمونت كۆۋرۈككە ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، بۇنى خالىسانە ياساش ئۈچۈن، ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت ئادەم پىدائىي بولۇپ چىققان. ئاخىر تەشكىل بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىمىن ۋەلى دېگەن تىجارەتچىگە بۇ ساۋابلىق ئىشنى بەرگەن. ئۇ كىشى دەرھال 20 مىڭ 500 يۈەن پۇل خەجلەپ، يېڭى بىر سېمونت كۆۋرۈكنى تېزلا پۈتكۈزۈپ چىققان.

مانا شۇنداق بىر قاتار ئەمەلىي، خالىسانە ئىشلارنى قىلغان سىبىرىقبۇيا خەلقى سەمەت ئىسمائىلنىڭ قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچتى، ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. شۇندىلا ئۇنىڭ كاللىسىدا: « خەلقىنىڭ بازىرىنى خەلق ئۆزى قۇرۇپ چىقالايدۇ ! » دېگەن ئىدىيە ۋە ئىشەنچ پەيدا بولدى.

دەرۋەقە، پۇل بولمىسىمۇ بولمايتتى. ئەدناسى، قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر ئوچۇم دان كېرەك. لېكىن، پۇل يوق دەپ قاراپ ئولتۇرۇشمۇ

بىر خىل روھىي زەئىپلىك ، بۇ دۇنيادىكى چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ قايسى بىرى ئاز - تولا تەۋەككۈلچىلىك ، قارامىلىق قىلماي تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىققان ! بۇ بازارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزۈڭ - كېسىل ئۆزگەرتىپ ، زامانغا لايىق قىلىپ قورۇپ چىقىش ئۈچۈنمۇ ئاز - تولا قارامىلىق ، دادىللىق كېرەك ! پۇل بولمىسا ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن تاپىمىز ، ئادەمنىڭ كۈچى قىممەت يارىتىدۇ ، قىممەت پۇلغا ئايلىنىدۇ ، پۇل پۇلنى تاپىدۇ !

سەمەت ئىسمائىل مانا شۇ ئىدىيە ۋە ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ، 1991 - يىل 15 - مايدا ، پۈتۈن بازار بويىچە كاتتا بىر سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى . يىغىنغا ھەرساھە ، ھەر تەبىقە كىشىلىرىدىن بولۇپ ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى . يىغىندا سەمەت ئىسمائىل كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى :

يۇرتداشلار ، قېرىنداشلار ، دوستلار ! — دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى تەنتەنە بىلەن ، — بىزنىڭ سىرىتقىۋويا ئەسلىدە نامى بار ، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم جاي ئىدى . لېكىن ، ھازىر ئىسمى جىسمىغا ماس كەلمەي قالدى . بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان ، مارالبېشى ، يەكەن تاشيولى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ، بۇرۇنقى مەشھۇر نامىمىز ھازىرقى رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئەگەر بىز ھەرىكەت قىلماي ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق ، بۇرۇنقى ئاۋات ، غۇژغۇن بازار ئاستا - ئاستا چۆللىشىپ ، نامى ئۆلۈغ ، سۈپرىسى قۇرۇق قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ . لېكىن ، مەن ئىشىنىمەنكى ، بۇنداق بولۇشنى ھەر قانداق سىرىتقىۋويىلىق خالىمايدۇ ، ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ . قارىماققا، بىزنىڭ بۇ يەر ئاپتونوم رايوننىڭ كاسا يانچۇقىدەك كىچىككىنە بىر يەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىغا تارقىلىپ كەتكەن ، شۇڭا بۇ يەرنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ ، تاشلىۋەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ ! ئەگەر بىز بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ ، بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقارساقلا ، بازارنى چوقۇم

يېڭىدىن قۇرۇپ چىقالايمىز ! كونىلاردا : « كەمبەغەل كېيىندىكىنى ئۆزى كېسىپتۇ » دېگەن گەپ بار . بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز قىلمىساق بولمايدۇ ، ئۆزىمىزنىڭ بازىرىنى ئۆزىمىز قۇرۇپ ، ئۆز تارىخىمىزنى ئۆزىمىز يازايلى ! پۇلى بارلار پۇل چىقىرايلى ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرايلى ، تېخنىكىسى بارلار تېخنىكا چىقىرايلى ! ...

سەپەرۋەرلىك يىغىنى كىشىلەرنى ئويغاتتى ، ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ ئۆتتى ، ھەممەيلەننىڭ قەلبىدىكى ھېسداشلىق ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىۋەتتى .

ئۇلار سەمەت ئىسمائىلنىڭ سۆزلىرىدىن : ئەگەر سەن ھەقىقىي سېرىقبۇيىلىق ئىكەنسەن ، سېرىقبۇيىنى قىزغىن سۆيۈشۈڭ ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسەڭنى قوشۇشۇڭ كېرەك . بۇ سېنىڭ ئەمەلىيەتتە ۋەتەننى ، خەلقنى سۆيگىنىڭ بولىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى ! ئۇلار يەنە سەمەت ئىسمائىلنىڭ سۆزىدىن بازارلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسى ، جاسارىتىنى كۆردى ، نىشانى بىلەن پىلانىنى چۈشىنىپ يەتتى !

سەمەت ئىسمائىلنىڭ مۆلچەرى خاتا بولمىغان ئىدى ، بىرلا سەپەرۋەرلىك بىلەن قوزغالغان سېرىقبۇيا خەلقىنىڭ يۇرت سۆيەر ، ئەمگەكچان ، ساخاۋەتلىك خىسلىتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى . ئەل قوزغالسا تاغنىمۇ يۆتكىۋېتىدۇ دېگەن گەپ راست . خەلقنىڭ تاشقىن روھى ، ئوتتەك قىزغىنلىقى سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، ئىشەنچىگە ئىشەنچ ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى !

ئۇلار ئىشنى 1991 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىللىق پىلان بويىچە باشلاپ ، بىرىنچى قەدەمدە يول قۇرۇلۇشىنى تۇتتى . بۇ رۇنىقى 12 مېتىرلىق ئانا يولنى 40 مېترغا كېڭەيتىپ ، بەش كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا تۆت يول ياسىدى ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا 16 مىڭ 500 تۈپ رىدە ، چىنار ، ئارچا ، مەجنۇنتال قاتارلىق مەنزىرە دەرەخلىرىنى تىكتى ، ئېلېكتر سىم يوللىرى ، سۇ تۇرۇبا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى . بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بازاردىكى 800 دىن ئارتۇق ئائىلە تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى . بۇ يەرگە قۇرۇلغان سۇ مۇنارىسىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا دەرىجىلىك 100 ئىلغار سۇ مۇنارىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

بۇ جەرياندا ، دېھقانلار كۈچلىنى چىقاردى . بەش يىلغىچە ھەر بىر دېھقان بىر كۈندىن ئىشلەپ ، جەمئىي 20 مىڭ ئەمگەك كۈنى ھەقسىز ئىشلەپ بەردى . قول بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلدى ، ئۆزلىرىنىڭ كەتمەن ، گۈرجەك ، زەمبىل ، ھارۋىلىرىنى ئىشلەتتى ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تراكتورلىرىنىمۇ ئىشقا سالدى .

يول بويىغا ئورمان سالغاندا ، دېھقانلار ھارۋا بىلەن يېزىنىڭ مۇنەبەت تۇپرىقىنى توشۇپ كېلىپ ، دەرەخ تىكتى . بۇ جەرياندا ، تۇرغۇن ياخشى ئىش ، ياخشى ئادەملەر مەيدانغا چىقتى . 1 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى يۇنۇس قۇربان ئۆز ھۆددىگەرلىكىدىكى بەش مو يەرنىڭ يۈزىدىن 60 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتىكى ئوغۇتلانغان ئۇنۇملۇك توپىنى يۆتكەپ كېلىپ ، دەرەخ تىكىشكە ئىشلەتتى . بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەر تېز ھەم ياخشى ئاينىپ ، يېڭى يولنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى .

پۇلى بارلار پۇل چىقاردى . 1992 ـ يىلى 120 نەپەر تىجارەتچى بازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى . بۇنىڭ ئىچىدە ، 4 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدىكى دېھقان تىجارەتچى تۇرسۇن رېھىمنىڭ سالغان مەبلىغى 60 مىڭ يۈەن بولدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تاپقان پۇلمۇ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى . بۇ پۇل ئاساسەن ، ئۈچ مېھمانخانا ، ئىككى ئاشخانا ، ئىككى ئۇن زاۋۇتى ۋە 300 ئادەم ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىسىدىن كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ، ھەر يىلى « يېشىل كارخانا » دىن كىرىپ تۇرىدىغان كىرىممۇ خېلى كۆپ بولدى . « يېشىل كارخانا » نىڭ بىرى ، 10 مىڭ مو چوڭلۇقتىكى چۈچۈكبۇيا مەيدانى ؛ يەنە بىرى ، 45 مىڭ مو كەڭلىكتىكى توغراقلىق ؛ ئۈچىنچىسى ، يېڭىدىن ئېچىلىپ ، سىرتقا ئىجارىگە بېرىلگەن 3000 مو بىنەم ئىدى . مانا بۇلار بازارنى يېڭىلاپ

قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ قالدى .

تېخنىكىسى بارلار تېخنىكىسىنى چىقاردى . بۇنىڭدا بىرى ، شەھەر كۆرگەنلەردىن مەسلىھەت سورالدى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى كۆرسەتتى ؛ يەنە بىرى ، 80 كىشىلىك بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى . ئۇنىڭغا كاندىدات ئىنژېنېر دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلاردىن ئىككىسى قاتناشتۇرۇلدى . بۇ ئەترەت مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدى :

بىرىنچى ، بازار قۇرۇلۇشىدا بىر كۋادرات مېتر يەرنى 180 يۈەنلىك باھادا ئىشلىدى . شۇ چاغدا، بىر كۋادرات مېتر يەرنىڭ ئادەتتىكى باھاسى 250 يۈەن ئىدى ؛ ئىككىنچى ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئادەملەر بولغاچقا ، ھەقىقەتەن قېتىر-قىنىپ ، ئەستايىدىل ئىشلىدى ؛ ئۈچىنچى ، ئىش ھەققى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بەرسە ، شۇنىڭغا رازى بولدى . ھەتتا ئۆزلىرى سىرتتا ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنىمۇ بازاردىكى قۇرۇلۇشقا ئىشلەتتى . دېمەك ، قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆزىنىڭ تېخنىكىسىنى چىقىرىپ ، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختا ، كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى !

ئىككىنچى قەدەمدە ، بازارنى ئىككىگە بۆلدۇق ، — دەپ چۈشەندۈردى ، — سەمەت ئىسمائىل بازارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ، — بىرى ، مەدەنىيەت بازىرى ؛ يەنە بىرى ، سودا بازىرى . مەدەنىيەت بازىرىدا ، يازلىق - قىشلىق كىنوخانا ، مەدەنىيەت پونكىتى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى بار . سودا بازىرىدا ، كەچلىك بازار ، كۆنلۈك بازار ، ھەپتىلىك بازار بار . كۆنلۈك بازارنى 1992 - يىلى پۈتتۈردۇق . بۇ يەردە 180 بوتكا سېلىندى ، ھەر بىر بوتكىنىڭ ئارىلىقىدا يەنە يايما ئاچىدىغان سۇپا بار . بۇ يەردە 400 ئادەم بەخۇدۇك تىجارەت قىلالايدۇ . بۇنىڭغا 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن خەجلىدۇق .

مەن بازارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ، بىر خىل رەڭدە سىرلانغان ، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى رەت - رەت بوتكىلارغا زەن سالدىم . بوتكىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەممىسىدە مال كۆپ ھەم رەڭگا رەڭ ئىدى ، سودىمۇ قىزغىن بولۇۋاتاتتى . ئادەمنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغايدىغىنى ، بوتكىلارنىڭ ماڭلىيىغا يېزىلغان قىزىق ھەم چىرايلىق خەتلەر ئىدى : « ھىلال ئاي ئاشخانىسى » ، « تاڭ پەيزى ساتىراشخانىسى » ، « پاكلىق سىماسى ئۇن ، ياغ دۇكىنى » ، « بۇلبۇل ناۋاسى ئېلېكتر سايمانلىرى ماگىزىنى » ، « دولان باھارى سۇرەتخانىسى » ، « ئىللىق چىراي ھۆسن تۈزەش ئورنى » …

بۇ ئىسىملارنى چوقۇم يۇمۇرلۇق تۈيغۇغا باي بىرەر ئادەم ئېرىنمەي قويۇپ چىققان ئىدى . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بۇ بازارنى جانلىق ، قىزغىن ۋە سەلتەنەتلىك كەيپىياتقا تولدۇرغان ئىدى .

بىز ئايلىنىپ كەچلىك بازارغا كەلگەندە ، سەمەت ئىسمايىل سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى :

— 1993 - يىلى مارالبېشى - يەكەن تاشيولىغا ماي ياتقۇزۇۋاتقاندا ، بىزمۇ 5000 كۋادرات مېتىر يەرگە ئۆزىمىز ماي بېسىپ ، « سېرىقبۇيا كەچلىك بازىرى » نى بەرپا قىلدۇق . 1994 - يىلى ھەپتىلىك بازارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان « ئۇزۇملۇك بازار » نى پۈتتۈردۇق . بۇ يەردە كىشىلەر باراڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سودا - سېتىق قىلىدىغان بولدى . بۇنىڭغا 400 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىدۇق . بىز بۇ بازار قۇرۇلۇشىغا راسا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ، قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى . بىزنىڭ ئىشىمىزدىن تەسىرلەنگەن دىنىي زاتلارمۇ : « ھۆكۈمەت بازار قۇرۇلۇشىدا كۆپ كۈچ چىقاردى ، بۇ ئىشقا بىزمۇ ھەسسە قوشمساق بولمايدۇ ، قۇربان ھېيتلىق تېرە - ئۈچەي پۇلىنى بازار قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلايلى » دېيىشىپ ، بازار بويىچە يىغىلغان 2100 تېرە - ئۈچەيىنى 106 مىڭ يۈەنگە سېتىپ ، بازار قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلدى . 1995 - يىلى يەنە بىر غەيرەت قىلىپ ، يېمەك - ئىچمەك ، كۆكتات بازىرىنى بەرپا قىلدۇق . شۇنداق قىلىپ ، بەش يىلدا بەش چوڭ ئىشنى پۈتتۈردۇق . بىزنىڭ قىلغان ئومۇمىي قۇرۇلۇشىمىز 17 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولدى ، بازار كۆلىمى 150 موغا كېڭەيتىلىپ ، « بەشتە ياخشى بازار » ئۆلچىمى بويىچە

رەتلەندى . بۇ ئىشلارغا بىز جەمئىي 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل خەجلىدۇق . بۇنىڭدىن بانكا ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن قەرز ئالغان 1 مىليون 200 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتسەك ، قالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلدۇق . بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن پۇل تاپتۇق . ھازىر ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ كۈن بويى ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلىدىغان 560 ئادەمگە بوتكا ، دۇكان تەييارلاپ بېرىلدى . بۇنىڭ بىلەن بازارنىڭ كەيپىياتىدا ، مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولدى ، تىجارەت جانلاندى ، دۆلەتكىمۇ ، شەخسكىمۇ مەنپەئەت يەتتى . 1991 ـ يىلدىن بۇرۇن ، سودا ـ تىجارەتچىلەرنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تاپاۋەت بېجى 200 مىڭ يۈەن ئىدى ، ھازىر 1 مىليون يۈەنگە يەتتى . سودا ـ سانائەت ئورنىنىڭ شۇ چاغدا ئالىدىغان باشقۇرۇش ھەققى 60 مىڭ يۈەن ئىدى ، ھازىر 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى .

— پەرق زور ئىكەن ، تىجارەت راستتىنلا جانلىنىپتۇ ، — دېدىم مەن تەسىرلىنىپ ،— ئۇنداقتا ، بۇ بازاردا رەسمىي تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىپ سودا قىلىدىغانلار قانچىلىك ؟

— رەسمىي كىنىشكىسى بارلار 1950 دىن ئاشىدۇ ، بازار كۈنى كېلىپ ، بىر كۈنلا سودا قىلىپ كېتىدىغان دېھقان تىجارەتچىلەرنىڭ سانىمۇ 3000 دىن ئارتۇق . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ سودا ئېڭى يۇقىرى ، چوڭ ـ كىچىك ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى سودا ـ سېتىققا قىزىقىدۇ ، سىلى تېخى كۆرمىدىلە ، بۇ يەردە ئۈچ ئايال قاسساپ بار ، شۇلارمۇ بازار كۈنى 6 — 7 دىن قوي سويۇپ سېتىپ ، ئالدى 3000 يۈەن ، كەينى 2000 يۈەندىن كىرىم قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پاشا ھېزىم ، قالتىس مەردانە ئايال ، قوينى ئۆزى بوغۇزلاپ ، ئۆزى سويىدۇ .

— راستتىنلا قالتىس ئىكەن ، ئۇلار بىلەن بىر كۆرۈشسەك قانداق ؟ ـ دېدىمەن ئايال قاسساپلارغا قىزىقىپ .

ۋەھالەنكى ، بۈگۈن بازار كۈنى بولمىغاچقا ، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم . ئەمما ، كۆڭلۈمدە ئۇلارغا نىسبە-

تەن بىر خىل قىزىقىش، قايىللىق تۇيغۇسى ئورناپ قالدى. مېنىڭچە، ئۇ ئىقتىدارىغا توغرا قارىيالايدىغان، ئۆز ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان ئاياللارلا چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ!

— سەمەت شوجى، بازار كۈنى بۇ بازارغا قانچىلىك ئادەم كېلىدۇ؟ — سورىدىممەن بازارنىڭ كەڭ دائىرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— كۆز بازىرىدا 80 مىڭدىن 100 مىڭغىچە ئادەم كېلىپ سودا - سېتىق قىلىدۇ، — دېدى سەمەت ئىسمائىل ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان هالدا، — بۇ يەرگە يالغۇز قوشنا يېزىلاردىكى دېھقانلارلا كېلىپ قالماستىن، يەنە يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەردىن ھەم ئەتراپتىكى بىڭتۇەن مەيدانلىرىدىنمۇ ئادەملەر كېلىدۇ.

— بازارنىڭ ئۆزىدىكى تىجارەتچىلەر قانچىلىك!

— بازاردا جەمئىي 12 مىڭ نوپۇس بار، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تىجارەتچى دېسەك بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چېكرا ئاتلاپ، باشقا ئۆلكە، شەھەر ھەم چەت ئەللەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىدىغانلار 300 دىن ئاشىدۇ. يېقىندا ئىگىلەپ كۆرۈشىمىزچە، بازاردا 1 مىليوندىن ئارتۇق دەسمايىسى بار تىجارەتچىدىن ئۈچ ئائىلە بار ئىكەن!

مەن سەمەت ئىسمائىلنىڭ بۇ گەپلىرىنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان ھەم ئىگىلىگەن ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدىم: بازارنىڭ ئۆزى سىرلىق ھەم قايناق بىر جەڭگاھ. كۈنسېرى روناق تېپىپ، گۈللىنىۋاتقان بۇ قەدىمكى بازارمۇ ئۆز قوينىدا نۇرغۇنلىغان سودىدا ماھىر، مۇلازىمەتتە قىزغىن، ئۇچۇر قارىشى يۇقىرى تىجارەتچىلەرنى تاۋلاپ يېتىشتۈرگەن. بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇلار كۆزى پىشىپ، قانىتى قېتىپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، بىرىسى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن؛ نېرىسى بىشكەك، بۇخارېست، ئىستانبۇل، جىددە قاتارلىق خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئانا يۇرتىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيا

خەلققە تونۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئانا يۇرتقا، يۇرتداشلىرىغا سوۋغا سۇپىتىدە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

— بازارنىڭ ئومۇمىي پۇل ئوبوروت ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدىم مەن خىيالدىن سەگىپ.

— كۆز بازىرىدا 2 مىليون، ھازىرقى بازاردا 1 مىليون ئەتراپىدا پۇل ئوبوروت بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى سەمەت ئىسمائىل چۈشەندۈرۈپ، — تىجارەتچىلەر 108 خىل كەسىپ تۈرى بويىچە تىجارەت قىلىدۇ. مەن سىلىگە بازاردىكى ئۈچ چوڭ ئاشخانىنىڭ سودا ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەي: ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ 5000 يۈەندىن ئارتۇق سودا قىلىدۇ. بازار كۈنىدە 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بايا بىز تاماق يېگەن ئابدۇراخمان ھاجىمنىڭ دۇكىنىدا مىنەپتە كۈندە 30 ئادەم، بازار كۈنىدە 50 ئادەم ئىشلەيدۇ. بازار كۈنىدىكى سودىسى 13 مىڭ يۈەندىن 15 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ. بۇنى بايا ئۆزلىرىمۇ سوراپ باقتىلا.

شۇنداق، بايا مەن مەجنۇنتالنىڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى — جاھان كۆرگەنلىكى قارىماي، بېشىغا نىمكەش ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالغان، قورساقلىق، ئەمما خېرىدارلارغا ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىدىغان ئابدۇراخمان ھاجىمنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭ سودا ئەھۋالىنى ئىگىلەپ باققانىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ماڭا: يېقىندا بۇ يەرگە ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىرنەچچە مېھماننىڭ تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۇرتنىڭ تەرەققىياتىنى، گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى، بۇ يەردىكى مەمۇرچىلىقلارغا قاراپ زوقلانغانلىقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ئۇلار بۇرۇن بىر كەلگەن، لېكىن بۇ قېتىم سېرىقبۇيىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ھەيران قېلىشتى. مۇشۇ يول، مۇشۇ بىنا،

مۇشۇ گۇلزارلىقلاردا قايتا ـ قايتا رەسىمگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىكى ۋە- تەنداشلىرىغا كۆرسىتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. بىز ھەر كۈنى بۇ يەرنى كۆرۈۋېرىپ ھېس قىلمىغان بىلەن، سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىنى، گۈزەللىكىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىدىكەن!

شۇنداق، ئابدۇراخمان ھاجىم توغرا ئېيتىدۇ. گۈزەللىكنى كۆ- رۈش ئۇچۇنمۇ شۇنىڭغا لايىق ئۆتكۈر ھەم سەمىمىي كۆز بولۇشى كېرەك! قەستەن كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان ئادەمنىڭ كۆرىدىغىنى خۇددى مۇشۇككە ھەممە نەرسە كۇل رەڭ كۆرۈنگەندەك، خۇنۇكلۇك ھەم قاراڭغۇلۇق بو- لىدۇ. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە سىرىقبۇيىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇنداق سەلتەنەتلىك ئۆزگىرىش كىشىلەرگە: «قايسى ئەلدە گەپ تولا، بەرىكەت ئاز، قايسى ئەلدە ئىش تولا، بەرىكەت ساز!» دېگەن ھەقىقەتنى چۈ- شەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز باراڭلىق بازاردىن ئايرىلىپ، چوڭ يولغا چىقتۇق. يول پاكىز، ئازادە ئىدى، يول بويىدىكى چىنار ۋە رېدىلەر قويۇق سايە تاشلاپ، كىشىلەرگە سالقىنلىق بەخش ئېتەتتى. مەن يول بويىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدىم. بىنا زامانغا لايىق كۆركەم ھەم پۇختا سېلىنغان ئىدى.

ـــ سەمەت شۇجى، بۇ بىنا قاچان سېلىنغان؟ ـــ سورىدىم مەن ئادىللىي بىر يېزا بازىرىدا تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ بارلىقىغا قىزىقىپ. چۈنكى، شۇ دەقىقىدە خىيالىمدىن 1995 ـ يىل مارتتا ئەرەبىستاندا زىيا- رەتتە بولۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر ۋەتەنداشنىڭ: «ئۈرۈمچىدە 5 ـــ 6 قەۋەتلىك بىنالارمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالى ئۆتۈپ قالغان ئىدى!

ـــ بۇ بىنانى ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى 1994 ـ يىلى سال- غان. بۇ بىنا سىرىقبۇيا سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىشخانىسى. ھازىر بازاردا، ئالدى تۆت قەۋەتلىك، كەينى ئىككى قەۋەتلىك بىنادىن 32 سى بار. بۇنىڭدىن سەككىزنى شەخسلەر سالغان.

ـــ تەنتەربىيە مەيدانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟

— ياق ، تەنتەربىيە مەيدانى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ . قانداق ، بىرىپ كۆرۈپ باقمىزمۇ ؟

مېنىڭ راستىتىنلا تەنتەربىيە مەيدانىنى كۆرگۈم بار ئىدى . چۈنكى ، بۇ توغرىدا خېلى تەسىرلىك گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم .

بىز تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلدۇق . ئىشىك بېشىغا « توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى » دېگەن قىزىلقارلىق ۋېۋىسكا ئېسىلغان ئىدى . 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەيداندا بىر ۋالىبول سېتكىسى بىلەن بىر ۋاسكېتبول جازىسى ئورنىتىلغان ئىدى .

— 1995 - يىل 1 - ئۆكتەبىردىن 3 - ئۆكتەبىرگىچە بۇ مەيداندا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ باردۇق ، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى سەمەت ئىسمائىل ، — بۇ پائالىيەتنى مۇشۇ يەردىكى ئابدۇغوپۇر ھاجىم بىلەن قادىر ھېلىم ھاجىملارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلدۇق . بۇ ئىككىيلەن « توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى » نىڭ پەخرىي رەئىسى . ئۇلار ئۆزلىرى باش بولۇپ توپ مۇسابىقىسىغا چۈشتى . بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن تارتىپ ، قوشنا ناھىيە ۋە يېزىلاردىنمۇ ئادەملەر كەلدى . ئىككى يۈەندىن بېلەت سېتىۋېدۇق ، مەيدانغا ئادەم تۇشۇپ كەتتى . توپ ، چېلىش ، قوشقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بولدى.يۇقىرىدىكىئىككى ھاجىم 1000 يۈەندىن 2000 يۈەن چىقىرىپ ، قوشنا ناھىيە ، يېزىلاردىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ياتاق ، تاماق خىراجەتلىرىنى كۆتۈردى . ئۈچ كۈنگىچە سېرىقبۇيا بازىرىھېيت - ئايەم بولغاندەك قىزىپ، قايناپ كەتتى !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، مەنمۇ بايرام شادلىقىغا چۆمگەندەك خۇشال بولدۇم ، تەسىرلەندىم . يېزىلىرىمىزنىڭ قىياپىتى ھەقىقەتەن ئۆزگىرىۋاتىدۇ ، مەنىۋى تۇرمۇش جانلىنىۋاتىدۇ ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاخىرقى ھېسابتا خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت . نامرات ، قالاق ۋە چۈشكۈن ھالەتتە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ . ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. سىرىقبۇيا خەلقى مانا شۇنى چۇشەنگەن، ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقان، ئەقلىنى بىيىتقان، ئىرادىسىنى تاۋلىغان. بولمىسا، 12 مىڭ نوپۇسلۇق بىر يېزا بازىرىدا 3000 كۋادرات مېترلىق بىر تەنتەربىيە مەيدانى، بىر كەسپىي سەنئەت ئەترىتى، ئىككى كىنوخانا، يەتتە سىنئالغۇخانا، ئون ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، 120 بىليارت، 280 تېلېفون، بىر يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ تېخى بۇ يەرنىڭ شىنخۇا كىتابخانىسىچۇ؟ كىتابخانىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بولۇپ 700 خىلدىن ئارتۇق كىتاب بار. بۇلاربىرئايدا 6000 يۈەندىن 8000 يۈەنگىچە كىتاب ساتالايدۇ!

قىسقىسى، بۇ بىر روناق تاپقان، تىجارىتى گۈللەنگەن ئۇنىۋېرسال بازار، بۇ بازاردا زامانىۋى سودا بىلەن ئەنئەنىۋى سودا گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە توپ تارقىتىشمۇ، پارچە سېتىشمۇ بار. بۇ يەردە يەنە ئەڭ كىچىككى يىپ ـ يىڭنە، جاك ـ شۇمەكتىن تارتىپ، ئەڭ چوڭى ئات ـ كالا، ماشىنا ـ تراكتورغىچە سودا بولىدۇ. سىز بۇ يەرنىڭ بىر بازار كۈنىدە سويۇلغان 100 دەك كالا، 7 ـــ 8 يۈزدەك قوي گۆشىنىڭ خام ھەم پىشىشىق سېتىلىپ بولىدىغانلىقىغا قاراپلا، بۇ يەردىكى ئىستېمالنىڭ كۈچىنى ھېسابلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. يەنە تېخى بۇ يەردىن ھەر كۈنى بىرنەچچە يۈمشاق ئورۇندۇقلۇق، كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسلار ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلارغا قاتناپ تۇرىدۇ. بازارنىڭ ئۆزىدىلا 70 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك قاتناش ماشىنىسى بار. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، جاھانغا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ!

ئۇلۇغ غايىدىن ئۇلۇغ كۈچ ھاسىل بولىدۇ دېگەن شۇ! سىرىقبۇيا خەلقى ھەقىقەتەنمۇ غايىلىك، ئىرادىلىك، تىرىشچان خەلق! ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ يۈكسەك غايە ۋە ئىرادىسىدىن بۇ كونا ئۆتەڭدە سەلتەنەتلىك زەپەر مارشى ياڭرىدى، گۈزەل، يېڭى بىر دۇنيا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆ-

تۇردى !

ئەلۋەتتە، بۇنداق سەلتەنەتلىك زەپەر ناخشىسىنى ئېيتىش، گۈزەل، يېڭى بىر دۇنيانى بەرپا قىلىش ئۇنداق ئوڭاي، تىنچ ۋە شاۋقۇن - سۈرەنسىزلا بولغىنى يوق! ئىش باشلانغاندىن تارتىپ تاكى بازارنىڭ يېڭى قىياپىتى كۆزگە كۆرۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئىشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى سەمەت ئىسمائىل ئۈستىدە ھەرخىل چۆرىمە - چۆچەك گەپلەر بولۇپ تۇردى. بۇ خۇددى «بېشىنى چىقارغان قۇشقا ئوق تېگەر، دەرەخ يوغىنىسا بوران سوقار» دېگەن ھېكمەتكە ئوخشاش ئىش ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ قاداڭشىغان كونا دەرەخلەرنى قومۇرۇۋېتىپ، يېڭىدىن مەنزىرە دەرەخلىرىنى تىككىنىنى كۆرۈپ: «بىر ئوبدان يوغىنىغان دەرەخلەرنى چىقىرىۋېتىپ، كىچىككىنە رەزگى كۆچەتلەرنى تىككەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟! بۇزۇش، بۇزغۇنچىلىق دېگەن شۇ!» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سېرىقبۇيىنىڭ زېمىنى قەۋەتلىك بىنالارنى كۆتۈرەلمەيدۇ، بىر قەۋەت سېلىپ ئولتۇرساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، داغۋازلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟! بۇ، سېپى ئۆزىدىن ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىك!» دېيىشتى. ھەتتا بەزى كونا كادىرلارمۇ: «بىز تىككەن دەرەخنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كۆچىتىنى تىكمەكچى! بىز سالغان قۇرۇلۇشنى چېقىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بىناسىنى قۇرماقچى!» دېگەندەك ھەسەت، قىزغىنىش ئارىلاشقان بولمىغۇر گەپلەرنىمۇ قىلىشتى. ئىشنىڭ ئەڭ يامىنى، پىلانغا توغرا كېلىپ قالغان ئۆيلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بولدى. بەزىلەر ئۆيلىرىنى چېقىشقا ئۇنىماي، سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئۆيىدە، ئىشخانىسىدا يېتىۋالدى، داد - پەرياد كۆتۈردى، ھەتتا تەھدىت سالدى. لېكىن، بۇنداق بېشەملىك، يولسىزلىقلار ئالدىدا سەمەت ئىسمائىل تەمتىرەپ قالمىدى، ئىرادىسىدىن، نىيىتىدىن يانمىدى! غالىبلار ھامان كەسكىن ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ نىشانىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدۇ! شەيخ سەئدى ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «ئازاب - ئوقۇبەتتە قالساڭمۇ، تەشۋىشلىنىپ كەتمە، ھا-

يات بۇلىقى كۆپىنچە قاراڭغۇ يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ ! »

ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ئىشنى قىلىۋەردى ، لېكىن ئاددىي خەلقنى زىيانغا ئۇچراتمىدى ،سەۋر چانلىق بىلەن قايىل قىلدى ، پۇل ، ئەمگەك كۈچى بىلەن رازى قىلدى ، سەمەت ئىسمائىل بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ھەم قەھرى بار ، ھەم مېھرى بار چاكار ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى .

مەن سىرىقبۇيىنى كۆرۈش ، ئۆگىنىش ھەم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ، شۇ يەرگە ماڭىدىغان كۈنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەن فىنشىڭ ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى : « يېقىنقى 4 ــ 5 يىلدىن بېرى سىرىقبۇيا خەلقى جاھانچە ئىش قىلدى . بۇنىڭدا سەمەت شۇجىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ، پىداكارلىقى ناھايىتى زور ، ئۇ سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقەتەن چىڭ تۇتتى ، نەتىجىلەرمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى . ئۇ ئەمەلىي ئىشلىگۈچى ، ئۇنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى ، ئۇنىڭدا سىرىقبۇيىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا يۇكسەك پىلان ھەم ئەمەلىي تەدبىرلەر بار . ئەڭ مۇھىمى ؛ ئۇنىڭدا كۈچلۈك بىر روھ ، ئىرادە بار . مانا شۇ روھ ، ئىرادە سىرىقبۇيا بازىرىنى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈردى . ھالبۇكى ، سەمەت شۇجى ئۆزىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تۆت يىلدىن بېرى پۈتكۈزەلمەيۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ھوقۇقىدىن ، كۈچىدىن قارىغاندا ، بىرنەچچە ئېغىزلىق بۇنداق ئۆيىنى بىرنەچچە ئايدىلا پۈتكۈزۈپ بولالايتتى . لېكىن ئۇ شەخسىي ئىشنى نەچچىنچى ئورۇنغا قويۇپ ، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى خەلقنىڭ ئىشىغا قاراتتى ، بۇ جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتتى ! »

مېنىڭچە ، بۇ باھا سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . ئۇنىڭ كىچىككىنە پاكار ، دۇغلاق جىسمىدا ھەقىقەتەن چەكسىز بىر مەنىۋى قۇدرەت بىلەن خورىماس بىر ئىرادە بار ئىدى . مانا شۇ ئىرادە سىرىقبۇيا بازىرىنى گۈزەللىككە پۈركىدى ، ئۇ يەرگە ئاۋات ، باياشات ، قايىنام ـ تاشقىنلىق بىر تۇرمۇشنى ئاتا قىلدى ! سەمەت ئىسمائىلمۇ بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرگە سىڭدۈرگەن ھالال ئەجرىگە يارىشا، 1995 ـ يىلى دۆلەتلىك قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى مىنىستىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، بېيجىڭدا شەرەپ بىلەن گۇۋاھنامە تاپشۇرۇپ ئالدى!

سەمەت ئىسمائىل توغرىسىدا ناھىيە ھاكىمى مەمتىمىن تـوختى: «سەمەت ئىسمائىل ئۇچىنچى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى توغرا ئىگىلىگەن، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلغان، سېرىقبۇيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىش كۆرگەن. ئەڭ مۇھىمى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان. مانا بۇلار سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ شەرت ھازىرلاپ بەرگەن!» دەپ ناھايىتى توغرا يەكۈن چىقارغان.

شۇنداق، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا، ھامان بىر ئادەم باش بولىدۇ، يېتەكلەيدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭ رولى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ. سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاۋات، كۆركەم، جۇشقۇن ھالغا كېلىشىدە، سەمەت ئىسمائىلنىڭ رولى چوڭ بولغان، ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى، كەسكىن ھەرىكىتى، ئاقىلانە تەدبىرلىرى بىلەن بۇ بازار يېڭىچە تۈستە قۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەتلىك ئون بازار» نىڭ بىرى؛ مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى 100 بازار» نىڭ بىرى دېگەن شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئەمدى بىزمۇ ئۇنىڭغا ئاددىي بولسىمۇ، مۇنداق ياخشى تىلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز: تېخىمۇ گۈللە، تېخىمۇ ئۆرلە سېرىقبۇيا! گۈزەل نامىڭ جاھانغا تارالسۇن!

## يۇرتنىڭ ئىپتىخارى

سېرىقبۇيا بازىرىدىن بىر يېرىم كىلومېتر يىراقلىقتىكى يېڭى مەھەللە كەنتى بىلەن داچىكۆل كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرى بىلەن كەڭ

هويلىسىدىكى ئېگىز مومىدا لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل بايراق يىراقتىن قارى-
غان كىشىگە گويا يېشىللىق ئالىمىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ھەيۋەتلىك بىر
كېمىدەك كۆرۈنىدۇ !

ئەگەر سىز يېقىنراق بېرىپ قارىسىڭىز ، ئۇنىڭ ھەققەتەن ئۇلۇغ
مەرىپەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر كىچىك كېمە ئىكەنلىكىنى ،
ئۇنىڭدىكى 328 بالا ماترۇسنىڭ دېڭىز تەكتىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۈ-
زۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز !

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ، خۇشال قىلىدىغان
تەسىرلىك بىر ھېكايە .

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئىختىيارسىز ئۇڭغا
قارىدىم . ئۇ يەرگە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئېگىز بىر سېمونت
تاختا ئورنىتىلىپ ، ئۇنىڭغا « مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى » دېگەن خەت-
لەر ناھايىتى چىرايلىق ئويۇلغان ئىدى . ئادەمگە قەدىمكى تاش
ئابىدىلەردەك سىرلىق ھەم سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان بۇ سېمونت ۋېۋىسكا
مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى . ئەۋلادلارنىڭ بەختى ، كېلەچىكى ۋە
ئىستىقبالى ئۈچۈن ، شۇنچە چوڭ ھىممەت داستىخىنى يېيىپ ، مېھىر -
شەپقەت قولىنى سوزغان بۇ ساخاۋەتچى زادى كىمدۇ ؟ مەندە بىردىنلا بۇ
ئادەمنى كۆرۈش ۋە مۇڭدىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى . مەن بۇ ئا-
دەمگە بولغان غايىبانە بىر ھۆرمەت ، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن مەكتەپكە
كىردىم . 12 مو يەرگە سېلىنغان بۇ مەكتەپنىڭ ھويلىسى كەڭ ، سىنىپ-
لىرى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى . تەنەپپۇس ۋاقتى بولغاچقا ، غەمسىز ،
قۇۋناق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مەيدانىدا چۇرقىرىشىپ ئوينىشىپ يۈرەتتى .
مەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ كەڭ ئىشخانىسىغا
كىردىم . ئىشخانىغا كىرىپلا كۆزۈم ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان ئەينەكلىك
جاھازدىكى بىر كۆپلىت شېئىرغا چۈشۈپ قالدى ، ئۇنى ئىچىمدە ئاستا

ئوقۇدۇم .

« پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر ، بۇمۇ راست ،
پۇل كىشىنىڭ قان تەرىدۇر ، بۇمۇ راست .
خەجلىگەنلەر پۇلنى ئەۋلاد بەختى ئۈچۈن ،
ئەھلى يۇرتنىڭ پەخرىدۇر ، بۇمۇ راست ! »

مۇشۇ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى يازغان بۇ شېئىر گەرچە ئاددىي بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا چوڭقۇر بىر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن يۇكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەن ئىدى !

ئادەم ھاياتنىكى قىممىتىنى ، ئورنىنى ، نوپۇزىنى تېپىش ئۈچۈن ، كۆچىنىڭ بارچە باشقىلارغا كۆيۈنۈشى ، غەمخورلۇق قىلىشى ، بەخت يارىتىشى ۋە شۇ يولدا ئۆز بەختىنى تېپىشى كېرەك . مانا بۇ ھەقىقىي ، سەمىمىي ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق يولى !

مەن مەخەت ئېلى ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئېگىز ، بەستلىك قامىتىگە ، ئادەمگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن قارايدىغان ئويچان كۆزلىرىگە ، ھەمىشە بىرنەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان تېتىك ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ، ئەنە شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم . ئۇ ھەقىقەتەن باشقىلارغا بەخت يارىتىش يولىدا ئۆز بەختىنى تاپقان ئادەم !

1994 ـ يىلى كىرىش بىلەن ، سىرىقبويا بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى . ھازىر بۇ مەكتەپتە 21 سىنىپ ، 1021 ئوقۇغۇچى بار ئىدى . بۇ يىل بازاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەنلەرنى تىزىملاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، يەنە يېڭىدىن 450 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كېرەك ئىدى . لېكىن ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنى نەگە سىغدۇرۇش كېرەك ؟ سىنىپ يوق ، مەكتەپنىمۇ كېڭەيتكۈدەك يەر يوق ! مۇبادا ، 2 ـــ 3 سىنىپ سالغۇدەك يەر تاپقان تەقدىردىمۇ ، پۇل يوق ! مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ جىددىي قىيىنچىلىقنى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىپ باقتى. لېكىن، ھېچقانداق يەردىن دەرھال ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بىرەر سادا چىقمىدى. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ھەر يىلى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، ئۇلار مائارىپ، تەربىيەدىن، مەرىپەتتىن مەھرۇم قالاتتى، كوچا - كويلاردا لاغايلاپ يۈرۈپ، كۆزى ئوچۇق كورلارغا، قۇلىقى سەگەك گاسلارغا ئايلىنىپ، جەمئىيەتتىكى قەدىرسىز تاشلاندۇقلاردىن بولۇپ قالاتتى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال! ياش ئەۋلادلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، بىزنىڭ كېلەچىكىمىز! ئۇلار كەلگۈسىنىڭ ۋەكىلى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى! مىللەتنىڭ تارىخى، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئەنە شۇ ئەۋلادلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى، ئەقىل - پاراسىتى بىلەن دەۋردىن دەۋرگە، زاماندىن زامانغا ئۆتۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى، گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە مەڭگۈ ئۆزۈلمەي داۋام قىلالايدۇ! ئەگەر ئۇلار تەربىيەدىن، مەرىپەتتىن مەھرۇم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاللىقانداق قەدىرسىز، كېرەكسىز بىر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالسا، بۇ ئېغىر، شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى قانداق ئۈستىگە ئالالايدۇ؟!

بۇ ئىش ھەرقانداق بىر ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي تۇرالمايتتى. سىرىقبۇيا بازىرىدا بۇ ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى، جىددىيلىكىنى ھەم تەخىرسىزلىكىنى ئەڭ دەسلەپ چۈشەنگەن، ھېس قىلغان ئادەم دەل مەخەت ئېلى ھاجىم بولدى.

ئۇ ئۆيىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز نىيىتىنى سەمەت ئىسمائىلغا ئېيتتى:

— مەن چالا ساۋاتلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتىم. كەمبەغەللەرگە كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مائارىپ كېرەك ئىكەن، بېيىغانلارغا تېخىمۇ بېيىش ئۈچۈن يەنىلا مائارىپ كېرەك ئىكەن. مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا، مىللەتمۇ روناق تاپالمايدىكەن. شۇڭا مەن، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قالماسلىقى، كەلگۈسىدە زامانغا لايىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، بازارغا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم!

سەمەت ئىسمائىل بۇ تۇيۇقسىز شاپائەتتىن ھەم خۇشال بولغان، ھەم ھەيران بولغان ھالدا كۆزلىرىنى مىت قىلماي مەخەت ئېلى ھاجىمغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، تەسىرلەنگەندىن مۇنداق دېدى:

— رەھمەت، خالىس نىيەتلىرىڭىزگە رەھمەت! لېكىن بۇ ئىشقا كېتىدىغان پۇل ئاز بولماسلىقى مۇمكىن!

— شۇنداق، ئاز بولمايدۇ، — دېدى مەخەت ئېلى ھاجىم كەسكىن ھالدا، — لېكىن، قانچە پۇل كەتسە مەيلى، مەن نىيىتىمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن!

دەرۋەقە، بىر مەكتەپ سېلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، مەخەت ئېلى ھاجىمۇ بۇ پۇلنى ئاسان تاپقان ئەمەس، ئۇ دەسلەپ ئاددىي بىر ئىشچى بولغان، كېيىن تېخنىكا ئۆگىنىپ، تراكتور، ئاپتوموبىل ھەيدىگەن، تۇرمۇشىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى، يوقسۇزلۇقىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. كېيىن سىياسەت ئوڭشىلىپ، دەۋر ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۆزى ھەيدىگەن يۈك ئاپتوموبىلىنى ھۆددە ئېلىپ، ئۇزاق، جاپالىق يوللارنى بىرقەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىپ، كىشىنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى ھالال ئەجرى، ئاللىق چېھرى بىلەن بىر تىيىن - تىيىندىن ئېلىپ، بۈگۈنكى ئىگىلىكنى تىكلىگەن. ئۇ ھازىر ئۆزى قۇرغان «سىرىقبۇيا ترانسپورت شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى، ئۇنىڭ قولىدا 40 ئادەم ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا 1000 يۈەندىن، كەينىگە 300 يۈەنگىچە ئىش ھەققى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلكىدە سەككىز چوڭ ئاپتوبۇس، ئۈچ مىنىبۇس، تۆت يۈك ئاپتوموبىلى ۋە بىر پىكاپ بار. ياتاقلىق ئاپتوبۇسلىرى ئۈرۈمچىگە قاتنايدۇ.

ئۇنىڭ پۇللىرى ئەنە شۇنداق سوغۇق، قاتتىق تۆمۈر - تەسەكلەر بىلەن بەدبۇي ماي - بۇتقىلار ئارىسىدىن كەلگەن. شۇڭا، بۇ پۇللارنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە! ئەمما، مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ نەزىرىدە، پۇل - مال ھەممىنى ھەل قىلىدىغان مۇتلەق نەرسە ئەمەس، ئۇ

ئۆز خىياللىرى بىلەن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي پۇلغا، ئالتۇن - كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ئادەملەرنى ئەڭ بىچارە ئادەملەر دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيادا پۇلدىنمۇ ئۈستۈن، ئەتىۋار تۇرىدىغان يەنە بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، قېرىنداشلارچە مېھىر - شەپقەت ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - ئىستىقبالى ئۈچۈن قىلىنغان ھىممەت - شاپائەت ئىدى!

ئۇنىڭ بۇنداق ئۇلۇغۋار روھى بىلەن كۈچلۈك ئەقىدە - ئىرادىسىدىن 1994 - يىل 15 - ئاپرېل گۈل - گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپيېشىل زېمىن ئۈستىدە بىر گۈزەل بىنا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ، مەخەت ئېلى ھاجىم سېلىشقا باشلىغان سەككىز سىنىپ، ئىككى ئىشخانا، بىر زال، 572 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى يېڭى مەكتەپ ئىدى!

تۇرمۇش تولىمۇ غەلىتە، سىرلىق بولىدۇ. ئەقىللىق، ياخشى ئادەملەرنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرى بەزىدە ئالقىشقا ئېرىشىش تۇگۇل، بىھۇدە زەربىگە، مەسخىرىگە ئۇچراپ قالىدۇ. قارىماققا، بۇ ئەھۋال يامان ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مەلۇم شارائىت ئاستىدا ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئەھۋال ئادەمنى نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسى، غەيرىتىنى چېنىقتۇرىدۇ!

مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ مەكتەپ سېلىش جەريانىمۇ تۇرمۇشنىڭ بۇ مەنتىقىسىدىن سىرتتا قالمىدى. جەمئىيەتتىكى بەزى نەزەر دائىرىسى تار، ئۆزىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغان ئادەملەر مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ مەكتەپ سېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، مەخەت ئېلى ھاجىم ئاران تاپقان پۇلىنى ئەخمەقلىق قىلىپ شامالغا سورۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئاچچىق مەسخىرە قىلىپ: «ئاران ئىككى نان تېپىۋىدى، مانا ئەمدى بىرىنى داپ قىلىپ چېلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ!» دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى: «مەكتەپ دېگەننى ھۆكۈمەت سالىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت سالساڭچۇ

ئەخمەق ! » دېيىشتى . تەنە ، مەسخىرە كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدەك ئەتراپتا ھۇشقىيتىپ يۈردى . لېكىن مەخەت ئېلى ھاجىم بۇلارغا پىسەنت قىلمىدى ، بەلكى ئۇ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلانغان كۈندىن تارتىپ ، ئۆزى ئىش ئۈستىدە مەزمۇت تۇردى ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى بىلەن سۈپىتىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ، تام-چى ، ياغاچچىلارنىڭ ئەڭ ئۇستىلىرىنى تاللاپ ئەكىلىپ سالدى ، ماتېرىياللارنى ئۆزى تەكشۈرۈپ ، كەملىرىنى تولۇقلاپ بەردى . قۇرۇلۇش تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ماڭدى ، لېكىن بۇلىڭغا ئەگىشىپ ، خىراجەتمۇ ئېشىپ كەتكىلى تۇردى ، مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ بۇرۇنقى خام چوتىدىن تۈمەن يۈەنلەپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى . بۇ خەۋەر بەزىلەرنىڭ گۇلقەقەلىرىنى ئېچىلدۇرۇۋەتتى ، ئۇلار بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ : « مە-خەتۋاينىڭ كارامىتىنى ئەمدى كۆرىمىز ، ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن ؛ ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن دېگەندەك ئىش بولىدىغان بولدى ! » دېيىشىپ ، تاماشا كۆرۈشكە ئالدىراشتى .

ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت دېگەن گەپ بار . دەل شۇ كۈنلەردە ، سىرىقبۇيىغا بىر چاغلاردا پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم دېگەن كىشى تۇغقان يوقلاپ كېلىپ قالدى . نەزەر دائىرىسى كەڭ ، بىلىملىك ، ھۆرمەتكە سازا-ۋەر بۇ كىشى مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ بىر نەۋرە تاغىسى ئىدى . بۇ كىشى كېلىپلا مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ ، كۆڭلى سۆيۈندى ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ئەتراپتا بولۇۋاتقان چۆرىمە - چۆچەك گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى :

— بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ، مەسچىت سېلىش بىلەن مەكتەپ سېلىشنىڭ ساۋابى ئوخشاش ، ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇش قىپسەن ، بۇ ئىشتا ھەرگىز بوشاشما ! قايغۇرما ، جىلى بولۇپمۇ يۈرمە ! قورساقنى كەڭ تۇتساقلا ، ھەر قانداق ئىش دەردىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ . پۇلۇڭ كەملىسە ، مانا مەن بار . بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزەيلى ، شۇ چاغدىلا ،

ياخشىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىمىز ، يامانلارنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ !
بىرنەۋرە تاغىسىنىڭ بۇنداق تەسىرلىك سۆزلىرى مەخەت ئېلى هاجىمنى تېخىمۇ غەيرەتكە كەلتۈردى ، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەك قىزغىنلىق هەم ئىشتىياق بىلەن ئىشقا تۇتۇش قىلدى . ئەبەيدۇللا داموللا هاجىمۇ ئۆز يېنىدىن 37 مىڭ يۈەن ئەقپۇلنى چىقىرىپ ، پۈتەي دەپ قالغان مەكتەپكە 160 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى . بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب ، مەرىپەتپەرۋەر روهى ناهىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . ئۇلار سېتىۋېلىنىغان ياغاچلارنى تاللاش ، ماشىنىغا بېسىشتا هەم قىزغىن ، هەم هەقسىز ئىشلەپ كەتتى ...
دۇنيادا ئۆز ئەمگەك ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىشتىنمۇ خۇشاللىق ئىش بولمىسا كېرەك ! مەخەت ئېلى هاجىم ئاخىر نىيىتىگە يەتتى ، ئۇنىڭ 161 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىشى بىلەن سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ غەربىي - شىمال تەرىپىدىكى 12 مو ئانا تۇپراق ئۈستىدە خۇددى يېڭى چىققان تولۇن ئايدەك ، گۈزەل ۋە نۇرلۇق بىر مەرىپەت باغچىسى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ كەڭ ۋە ئازادە هويلىسىدا قىزىل بايراق لەپىلدەيتتى ، بىر چەتتىكى باسما قۇدۇقتىن ئابىزەمزەم ئېقىپ تۇراتتى !
1994 - يىل 26 - ئاۋغۇست ئاجايىپ خاسىيەتلىك كۈن بولدى . يېڭى پۈتكەن مەكتەپ سەھەردىلا بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى ، ناغرا - سۇناي سۇ كۈتكە چۆمگەن ، تىمتاس خىلۋەت بۇ ماكانىنى ئويغىتىۋەتتى ، هەممە يەر تەنتەنە ، ئالقىش سادالىرى بىلەن ياڭرىدى . كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ ، ئىختىيارسىز بۇ تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى ، چىرايلىق كىيىنىپ ، گۈل دەستىلىرىنى كۆتۈرۈشكەن ئۆسمۈر باللار يېنىك قەدەملەر بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا كىرىشكە باشلىدى : مەكتەپ ، سىنىپ ۋە ئىشخانىلار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىششقا كەلگەن مېهمانلار ، تاماشىبىنلار بىلەن تولدى . يىغىن سەهنىسىگە ئېلاكات ، لوزۇنكا ۋە رەڭگارەڭ بايراقلار ئېسىلغان ئىدى . سەهنە ئالدىدىكى شىرەلەر هەريەر ،

ھەريەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تەبرىكنامە، لەۋھەلەر بىلەن تولغان ئىدى، ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق، ئالقىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇلار ئىچىدە، بولۇپمۇ بالىلار ھەممىدىن خۇشال، ھەممىدىن مەمنۇن ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر، ئويناق كۆزلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مەكتەپنى كۆرگەن، تۇيغۇن يۈرىكى ئۆزلىرى بىلىم ئالىدىغان بۇ مەرىپەت بۇلىقىنىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدى! شۇڭا ئۇلار خۇشاللىقىنى، ھاياجىنىنى باسالماي، مەكتەپ ھويلىسىدا قىن - قىنىغا پاتماي كېيىكتەك سەكرىشەتتى، بوزلايتتى، زوق - شوق بىلەن ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل ئويناشاتتى ...

بۈگۈن بۇ كاتتا مۇراسىمغا قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە قوشنا يېزا (بازار) لاردىن بولۇپ نۇرغۇن ۋەكىللەر كەلگەن ئىدى.

رىياسەتچى — مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرھات سەئىدى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىغاندا، پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش، ناغرا - سۇناي سادالىرى بىلەن تەۋرىنىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە كۆككە قويۇپ بېرىلگەن رەڭدار شارلار بىلەن پەرۋازچى كەپتەرلەر مەكتەپ ئۈستىدىكى زەڭگەر ئاسماندا جەۋلان قىلىپ، بۈگۈنكى مۇراسىمغا تېخىمۇ جۇشقۇن، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك تۈس بەخش ئەتتى.

شۇ چاغدا، سېرىقبۇيا بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى سەمەت ئىسمائىل سەھنىگە چىقىپ، بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يېڭى مەكتەپكە «مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى ھەمدە مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ بۇ مەكتەپكە پەخرىي مۇدىر بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا قىزغىن ئالقىش، شادىيانە مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە پىئونېرلار ئەترىتى مەخەت ئېلى ھاجىم بىلەن ئەبەيدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داموللا ھاجىمغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قىزىل گالىستۇك تاقىدى ، ۋەكىللەر ، رەھبەرلەر بۇ ئىككىيلەننى تەبرىكلەپ تون كىيدۈردى ، بەلباغ باغلىدى . بازاردىكى مەركىزىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇراسىمغا ئاتاپ تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە باللار ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئورۇندىغان تۆۋەندىكى شېئىر ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەكتى :

ھەشقالللا ، كۆپ ھەشقالللا ،
مەخەت ھاجىمغا ھەشقالللا .
بىزگە مەكتەپ سېلىپ بەرگەن ،
مەخەت ھاجىمغا ھەشقالللا .

ھەشقالللا ، كۆپ ھەشقالللا ،
مەخەت ھاجىمغا ھەشقالللا ،
ئەۋلادلارنىڭ غەمخورى ،
مەخەت ھاجىمغا ھەشقالللا !

بۇنداق زور ئالقىش ، كاتتا ھۆرمەتتىن مەخەت ئېلى ھاجىم قاتتىق ھاياجانلاندى ، ئۇنىڭ كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولۇپ ، يۈرىكى ئاشۇ سەۋەبىي ، يۇمران ئۆسمۈرلەرنىڭ غەرەزسىز مەدھىيىلىرىدىن تىپچەكلىدى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مىكروفون ئالدىغا كەلدى ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتقان بولسىمۇ ، ئاۋازى تىترەيتتى :

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق زور شان - شۆھرەت ، ئابروي - ئىناۋەتكە ئېرىشىپ باقمىغان . بۇنداق كاتتا شان - شەرەپنى ھەر قانچە پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ، سىلەرگە رەھمەت ! مەن ئىشنى ئەمدى باشلىدىم ، يۇرتۇمنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشلىك ھەسسەمنى قوشىمەن . مەن سىلەرنىڭمۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت - ئىقبالى ئۈچۈن ، مائارىپنى قوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ! ...

بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمدا، يەنە بىر كۆتۈلمىگەن ئىش بولدى: دەسلەپ ناھىيە رەھبەرلىرى، ئارقىدىن ئىدارىلەر، شىركەتلەر، كارخانىلار، يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەتلەر، تىجارەتچىلەر، دىنىي زاتلار ۋە ھەر قايسى مەكتەپلەر بولۇپ، بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلدى. نەقمەيداندىلا، 65 مىڭ يۈەن نەقپۇل چۈشتى.

مانا بۇ، خەلق روھىنىڭ ئويغانغانلىقى، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، مائارىپنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىكى! بۇنداق خەلقنىڭ ئارىسىدىن نادانلىق، جاھىللىق ۋە قالاقلىق تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇلارغا ھەمىشە شاپائەت، ساخاۋەت ۋە مەدەنىي ھايات يار بولىدۇ!

مەن مەخەت ئېلى ھاجىمنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ كەلگۈسى پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلىرى توغرىسىدا سورىدىم.

ئۇ ماڭا ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— قىلمىغان ئىشنى داۋراڭ قىلىش ياخشى ئەمەس. لېكىن مەن كېلەر يىلنىڭ بېشىدا، مەكتەپكە يەنە ئىككى سىنىپ سېلىشنى پىلانلاپ قويدۇم. چۈنكى، يىلدىن يىلغا ئوقۇيدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلماسلىق بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا «غۇنچە مۇكاپاتى» نى ھازىرغا قەدەر ئىككى قېتىم ئېلىپ باردۇق. كېلەر يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ سانىنى، سوممىسىنى كۆپەيتىمەن.

بۇ ئادەم شۇ گەپنى قىلىپ جىم بولدى، يېقىندا قىلغان ئىككى ئىشنى ئېغىزغا ئالمىدى. ئۇ باللار بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا بايراملىق پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان باللار ئۈچۈن، 110 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار فورمىسىنى ئۈرۈمچىدىن ئەكىلىپ تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بايرامدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، دۇمباق، جاڭ، جىغ - جىغ قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەت سايمانلىرىنىمۇ ئېلىپ بېرىپتۇ. ماڭا بۇنى مەكتەپنىڭ يېڭى كەلگەن ئايال مۇدىرى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

مەن مەخەت ئېلى ھاجىم بىلەن خوشلاشتىم، قەلبىمگە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شـانـلىق ئۇبرازى ئورناپ قالدى. كۆزۈمدە ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن، مېهىر ـ شـەپـقـىـتـىـدىن پۈتكەن گۈزەل مەكتەپ سۈرەتتەك قىلتقىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمدىن هاياجانلىق بىر نىدا كۆتۈرۈلدى:

كـامـال تـاپ، مـەخـەت ئېـلـى هاجـى مـەكتىپى! سەن ئەقلىنىڭ بـۇلـىـقـى، ئىنسان قەلبىنىڭ يورۇتقۇچىسى! قوينۇڭ مەڭگۈ ئەۋلادلارنىڭ مەرىپەت بۆشۈكىگە ئايلانسۇن، چاڭقىغان يۈرەكلەرگە ئىلىم شەربىتى ئاتا قىلسۇن!

## ئۇنىڭ نەزىرى هەممىدىن ئۈستۈن!

ئۇ مـاڭـا، ساڭا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر دېهقان، ئۇنىڭ چارلاشقان ساقاللىق يۈزىدىمۇ، شەيدايى دوپپا كىيىۋالغان بېشىدىمۇ، كـىـرتـىـك يـاقـىـلـىـق ئۇزۇن چاپان كـىـيىۋالغان بەستىدىمۇ هېچقانداق ئالاهىـدىـلـىك يوق، يەنە شۇ دېهقانچە ئاددىي ـ ساددا كۆرۈنۈش؛ سەمەـ مـىـي، مۇلايىـم قىياپەت! لېكىن، ئۇنىڭ نەزىرى هەممىدىن ئۈستۈن. ئۇ ئويـلـىـغاننى سەن بىلەن مەن ئويلىيالمايمىز، ئۇ قىلغاننى سەن بىلەن مەن تېخىمۇ قىلالمايمىز!

ئادەمـدە ئاز ـ تـولا روھ، يـەنى ئۇلۇغۋار غايە، ئىرادە ۋە ئىستەك بـولـۇشـى كـېـرەك. ئادەم هامان ئۆزىنىڭلا ئارامخۇدا ياششىنى ئويلىماي، بـەلـكـى دۆلـەت، خـەلـق ئۈچۈن كۆپرەك تۆهپە قوشۇشى كېرەك. بـۇ، كـىـشـىـلـىك هاياتنىڭ روهىي تۈۋرۈكى! ئۇنىڭدا مانا شۇ روهىي تۈۋرۈك خېلى مۇستەهكەم ئىدى!

مـەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ هاسـا تـاياق بىلەن ئالدىمغا چىقتى. ئۇ 62 ياشتىلا هاسا تاياققا چۆشۈپ قـالـغـان ئـىدى. مەن ئۇنىڭ هويلىسىنى، مېهمانخانىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ هەيـران بـولـدۇم. مـېـنـىـڭ خىيالىمدا، بۇ هەرگىزمۇ 150 مىڭ يۈەن پۇل خـەجـلـەپ، مەهەللىسىدىكى مەكتەپنى يېڭىلىغان ئادەمنىڭ قورۇ ـ جايى

ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھويلا تاملىرى كاكۇللىرى تۆكۈلۈپ، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك دۈمچىيىپ تۇراتتى، مېھمانخانىسىمۇ شۇنداق ئاددىي، ھاكىلىرى ھۆر كۆپ كەتكەن، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر ئىدى. مەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي، ئاخىر بۇ ئادەمدىن ئەگىتىپ سورىدىم:

— قارىيھاجىكا، سىلى «يېڭى مەھەللە مەكتىپى» نى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، قايتىدىن قۇرۇپ چىقىپلا، بۇنىڭغا تۇرتكە بولغان نەرسە نېمە؟

— مەن بىر ئاددىي دېھقان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتەلـمەيمەن، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، — مەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن 1986 ـ يىلى ھەجگە باردىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن يېڭى ئىشلارنى كۆردۈم. خەق بىزدىن خېلى ئۆزۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، ئىلىم ـ پەن دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ نەرسە. ئەرەبىستاندىكى كىشىلەر ئىلىم ـ پەن ئۇ-چۇن خالىس ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىدىكەن. مەن يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېنىمدىكى بىر مەكتەپنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ قاتتىق ئېچىندىم، بىر نەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىدىم. مەكتەپنىڭ قاشا تاملىرىمۇ يوق ئىدى، مەكتەپكە ئىتمۇ، ئېشەكمۇ كىرىپ چىقاتتى. دەل شۇ كۈنلەردە، بىر ئىشخانىنىڭ ئۈستى چۈشۈپ كەتتى، ئىككى سىنىپقا ئوت كەتتى، شۇنىڭ بىلەن، مەن مەك-تەپنى ياساش نىيىتىگە كەلدىم!...

بۇ ئادەم شۇ گەپلەرنى قىلىپ جىم بولدى، كۆزىنى خىيالەن يۇمۇپ بېشىنى ئەگدى.

مەن ئەمدى ئالدىمدىكى دېھقان تائامىدىن بىر بۇردا نان يەپ، چاي ئوتلىغاچ، بايا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسلىدىم.

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى قاسىم قارىيھاجىم، يۇرتتا خېلى ئىناۋەت، ئابرويى بار، — دەپ ئەھۋال تونۇشتۇرغان ئىدى ئىلمىي مۇدىر، — 1950 ـ

www.uyghurkitap.com

يىللاردا بۇ ئادەم پەيزاۋاتقا تراكتور كۇرسىغا بېرىپ ، ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولغان . كېيىن ، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ تراكتورچى بولدى ، ئەمما يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ، تراكتورنى تاشلاپ ، خاس دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ، ئۇ ھەم 30 مودەك يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ تېرىدى ، ھەم باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ھەر يىلى 70 — 80 دەك قوي بورداپ ساتتى . بۇ ئادەمنىڭ يىغقان پۇلى دېھقانچىلىق بىلەن باقمىچىلىقتىن كەلگەن ئىدى . ئەسلىدە ، بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قورۇ - جايىنى ئوڭلاش ھەم ئايالى بىلەن ئوغلىنى ھەج قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان . دەل شۇ كۈنلەردە ، مەكتەپنىڭ ئىشخانىسى ئۆرۈلۈپ ، ئىككى سىنىپقا ئوت كەتتى . بىر كۈنى بۇ ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ : « مەن مۇشۇ ئىشخانا بىلەن سىنىپلارنى ياساپ بېرەي ، لېكىن بۇنى داۋراڭ قىلماڭلار ، مېنىڭ ئۇلۇغ قىلغان ئىشنى سول قولۇم بىلمىسۇن » دەپ چىقىپ كەتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشنى باشلىۋەتتى . بۇ مەكتەپ ئەسلىدە 1955 - يىلى شۆبە مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان، كېيىن 1957 - يىلغا كەلگەندە ، رەسمىي مۇدىرلىق مەكتەپ بولغان . ۋاقتى ئۇزاق ، قۇرۇلۇشى كونا بولغاچقا ، يامغۇر - يېشىن ، بوران - چاپقۇنلار تۈپەيلىدىن نۇرغۇن سىنىپ ۋە ئىشخانىلار خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى . قاسىم قارىيھاجىم ئۆزى ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندىن سىرت ، بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ، يېگىدىن بەش ئېغىز ئىشخانا ، تۆت سىنىپ ، 144 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قورۇق تام ، تۆمۈر دەرۋازا قاتارلىقلارنى ئىشلەپ پۈتكۈزدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، كونا يەتتە سىنىپنىڭ ئۈستىگە لاي سالدى ، ئىشىك - دېرىزە بېكىتتى ، ئاقارتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئۇلارنىمۇ خەتەردىن قۇتۇلدۇردى . بۇ جەرياندا ، قاسىم قارىيھاجىم ئۆزى خىش توشۇدى ، لاي ئەتتى ، قېرىپ قالغىنىغا قارىماي قاتتىق ئىشلىدى . تېخى بۇ يەرنىڭ تامچىلىرىنى ياراتماي ، يوپۇرغىدىن تامچى ئەكىلىپ ئىشلەتتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممە-

سىگە ئۇ ئادەم ئۆز يېنىدىن 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەقپۇل خەجلىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىشنى 1995 ـ يىل 4 ـ مايدا باشلاپ، سىنتەبىردە پۈتكۈزدى، باللار يېڭى ئوقۇش يىلىدا يېڭى سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىدى.

كۆز ئالدىمدا ھاسا تاياقا تايىنىپ ئولتۇرغان بۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە، بىردىنلا ئاددىي ئادەم ئەمەس، بەلكى كىشلەر چوقۇنىدىغان، ھەمىشە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان خاسىيەتلىك خىزىرغا ئايلىنىپ قالدى. قايسى بىر دانىشمەن: «كىشى پايدا ـ زىيانىنى ئۇنتۇغان چاغدىلا، ھەقىقىي ساھىبلىككە ئېرىشىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. قاسىم قارىيھاجىم گەرچە ئاددىي بىر دېھقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ھىممەت ـ ساخاۋىتى، نەزىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەن ھەقىقىي ساھىبلىككە ئېرىشىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەنىۋى كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

پۇلنىڭ، ماددىي بايلىقنىڭ زەربىسى تەڭداشسىز بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، كىشلەرگە پۇل ھەقىقەتەنمۇ تاتلىق، ئەتىۋارلىق تۇيۇلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ كۈچى تەڭداشسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سېتىۋالىدىغان نەرسىلەر ھامان نىسپىي بولىدۇ. مەسىلەن، پۇلغا كىتاب سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئەقىلنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ شېرىك سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن دوست سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ قەغەز ـ قەلەم سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن پىكىرنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ خۇشامەت سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ھۆرمەت سېتىۋالغىلى بولمايدۇ؛ ھوقۇق سېتىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن نوپۇز سېتىۋالغىلى بولمايدۇ!...

قاسىم قارىيھاجىم گەرچە بۇنى بۇ دەرىجىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن، يۈرىكىدىكى ھاراراتتىن ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر ئېھتىياجلىق نەرسە پۇل ـ مال ئەمەس، بەلكى گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم :

—ـ قارىيھاجىكا ، سىلى مۇشۇ ساۋابلىق ئىشنى قىلىش جەريا-
نىدا ، بىرەر توسقۇنلۇقلارغىمۇ ئۇچراپ باقتىلىمۇ ؟

— شۇنداق ، ئاز - تولا ئۇچرىدىم ، — دېدى ئۇ كىشى بېشىنى
ئاستا كۆتۈرۈپ ، — بەزى كىشىلەر مېنىڭ ئالدى - ئارقىمدىن :
« ئۇنىڭ نەرى ھاجى ، قەيىرى دىنىي زات ! شۇنچە پۇلغا مەكتەپ سال-
غۇچە ، مەسچىت سالسا بولمامدۇ ؟ مەسچىت سالغان بولسا ، ئىككى
دۇنيالىق ساۋاب ئالاتتى ! » دېيىشىپ ، گەپ - سۆز تارقاتتى . بەزىلەر
ھەتتا مەسخىرە قىلدى ، تەھدىت سالدى . لېكىن مەن : كىمنىڭ گېپى
بولسا ، مەن بىلەن سۆزلەشسۇن ، ئاللاتائالا ئىلىم ئالغۇچىلار ئۇچۇن ئۆي
سالغان ، ئورۇن تەييارلاپ بەرگەن كىشىلەرگە كېلىدىغان ساۋابنىڭ
ھۇدۇدى يوق دېگەن . مېنىڭ مەكتەپ سېلىشىم ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن
بولدى ، بۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ دەپ ئىشىمنى قىلىۋەردىم !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، مەن ئويلىنىپ قالدىم ، قاسىم قارىيھاجىمغا
بولغان ئېتىقادىم تېخىمۇ ئاشتى . بۇ ئادەم دىننى توغرا چۈشەنگەن ، دىن
بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئەدەب -
ئەخلاقتا ، بىلىمگە ، ديانەتكە ۋە تەرەققىياتقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي
بىلىپ يەتكەن .

تۇرمۇشتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى ، ئۇلار ھاياتقا سوغۇق
مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ قەلبى قاغجىراپ كەتكەن بىر پارچە قاقاس
يەرگە ئوخشايدۇ . ئۇلار مۇھەببەتتىن ، ساخاۋەتتىن ، قىزغىنلىقتىن ۋە
ئالىيجانابلىقتىن مەھرۇم . بۇنداق ئەقىدىسىز ، ئىرادىسىز ئادەملەر ئۆزىنىڭ
نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلىشى لازىملىقىنى بىلمەيلا بۇ ئالەمدىن
ئۆتۈپ كېتىدۇ . ھاياتتا بۇنىڭدىنمۇ بىچارە ئىش يوق !

قاسىم قارىيھاجىمنى بۇنداق ئادەملەرگە سېلىشتۇرساق ، بىرسى
ئالتۇن ، بىرسى سۇنۇق خىش بولۇپ چىقىدۇ . قاسىم قارىيھاجىمنىڭ
ھەقىقىي ئالتۇنلۇقى يەنە شۇ يەردىكى ، ئۇ شۇنچە كاتتا ئىشنى قىلىپمۇ ،

ھېچكىمگە داۋراڭ قىلمىغان ، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك ، ئوڭ قولى قىلغان ئىشنى سول قولى بىلمىگەن ، ئالقىش ، شان - شەرەپتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - ئىقبالى ئۈچۈن خەجلىگەن شۇنچە پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى دەپ بىلگەن . بۇنداق ئادەملەر خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن ھەمىشە ئۆچمەس ئورۇن ئالىدۇ ، ئەۋلادلار ئۇلارغا ئابىدە تىكلەيدۇ ، تارىخ ئۇلارغا خاتىرە يازىدۇ !

مەن ئۆزىنىڭ ھالال ، جاپالىق ئەمگىكى بىلەن پۇل تېپىپ ، ئۇنى ئىلىم - مەرىپەت يولىدا ئىشلەتكەن بۇ ئاددىي دېھقان بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ، مۇشۇ يازغان كىچىككىنە ، ئەرزىمەس يازمامنىڭ ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس بىر خاتىرە بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدىم .

## مەرىپەت سۆيگۈسى

« جىسمى ئادەم گوياكى بىر دىۋاردۇر ،
مەرىپەت دىۋار ئىچرە گۈلزاردۇر . »
( « كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى » )

ئەگەر تۇرمۇشتا ھەقىقىي سۆيگۈ بار دېيىلسە ، سېرىقبۇيا خەلقىنىڭ يۇرتقا ، مائارىپقا ، ئەۋلادقا بەخش ئەتكەن سۆيگۈسى ھەقىقىي سۆيگۈ بولىدۇ . خەلقنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئىلاھىي سۆيگۈنى قوزغاتقان ، يېلىنجاتقان ئادەم يەنىلا ئاشۇ سەمەت ئىسمائىل !

سېرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپى ئانا مەكتەپ ، تۇغۇندا مەكتەپ ، ئۇ 1958 - يىلى قۇرۇلغان . ھازىر ئۇنىڭدا 19 سىنىپ ، 890 ئوقۇغۇچى ، 64 ئوقۇتقۇچى بار . بۇ مەكتەپ ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئۇزاق تارىخىدا ، بۇ يۇرت ئۈچۈن 5000 دىن ئارتۇق ئەزىمەتنى يېتىشتۈرۈپ چىققان . بۇ ئەزىمەتلەر ئەنە شۇ ئانا مەكتەپ بەرگەن تۇنجى بىلىمنىڭ شاراپىتى بىلەن

دىلى يورۇپ، كۆزى ئېچىلىپ ھەر خىل ئالىي ۋە كەسپىي بىلىم يۇرتلى-رىدا ئوقۇپ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئالدى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، كەينى قەشقەر، مارالبېشىدا ئىشلەپ، ئۇ يەرلەرنىڭ سوتسىيا-لىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان ۋە قوشۇۋاتىدۇ. كىچىككىنە بىر بازاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر نەچچە ئون يىلدا شۇنچە كۆپ بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئۇچۇرما قىلىپ چىقىرىپ، دۆلەت، خەلق ئۈچۈن بىر تۈركۈم يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە تۆھپە قوشقانلىقى بۇ مەكتەپنىڭ ھەقىقەتەن «تۆھپىكار ئانا» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ!

ئەپسۇسكى، بۇ يىل 20 ـ مارتتا قاتتىق يەر تەۋرەپ، «تۆھپىكار ئانا» غا تۈزىتىۋالغۇسىز دەز كەتتى. رەھىمسىز تەبىئەت توپا قۇرۇلمىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بىنالىرىغا ناھايىتى زور خەتەر ھەم ۋەيرانچى-لىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 16 سىنىپ، 18 ياتاق، ئىشخانا ۋە چوڭ زالنىڭ بەزىلىرى يىقىلدى، بەزىلىرى يېرىلىپ، ئاراش ـ ئاراش بولۇپ كەتتى. ئانا مەكتەپ خەتەر ئىچىدە قالدى، «تۆھپىكار ئانا» ئېغىر يارىلىنىپ، پەرزەنتلىرى تالا ـ تۈزدە تەمتىرەپ يۈرۈشكە باشلىدى...

بۇ كۆتۈلمىگەن ئەھۋال سەمەت ئىسمائىلنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. ئۇ ھەمىشە: خەلقنى، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مائارىپنى تۇتۇش كېرەك، مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىشلەپچىقىرىشمۇ، ئىقتىسادمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ دەپ قارايتتى.

1996 ـ يىل 25 ـ مارت، سەمەت ئىسمائىل سېرىقبۇيا ئوتتۇرا مەكتىپىگە بېرىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى:

14 سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سىرتتا ــ ئاپتاپتا دۈمچىيىپ ئولتۇ-رۇپ دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ كونا پەنەركە تاختا بىلەن كارتون قەغەزلەرنى دوسكا قىلىپ دەرس ئۆتۈۋاتاتتى...

سەمەت ئىسمائىل ھەر بىر سىنىپتىن دەرسكە قاتناشقان ئوقۇغۇ-چىلارنى كۆڭلىدە ساناپ باقتى، 40 ــ 50 ئوقۇغۇچىلىق سىنىپتىن ئاران

20 ـــ 25 دەك بالا دەرسكە قاتناشقان ئىدى .

ـــ بالىلارنىڭ يېرىمى قالدى ، ـــ دەپ چۈشەندۈردى بىر ئوقۇتـ قۇچى دەرستىن چۈشكەندە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، ـــ ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا ، بىزمۇ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇق . بەزىدە يامغۇر ياغىدۇ ، بەزىدە بوران چىقىدۇ ، ھەممىشە سىرتتا دەرس ئۆتۈش تەسكەن ! ...

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپى مەكتەپنىڭ ھازىرقى پۈتۈن ئەھۋالىنى ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەن ئىدى . سەمەت ئىسمائىل نېمىدېيىشنى بىلمەي ، بىر ھازا گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى . كېيىن ئۆزىنى ئوڭلاپ ، ھەممىشە دەپ قېلىپلىشىپ قالغان كونا گەپنى ئېيتتى :

ـــ پارتىيە بار ، تەشكىل بار ، ئامالىنى قىلىمىز ، غەيرەت قىلىپ تۇرۇڭلار !

لېكىن ئۇ ناھىيە رەھبەرلىكىگىمۇ ، مائارىپ ئىدارىسىغىمۇ داد ئېيتمىدى ، ھال ئۇقۇمىدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ يىل ناھىيىدىن ئۈچ نۇقتىلىق مەكتەپكە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغانلىقىنى بىلەتتى . بۇنداق ئەھۋالدا ، مائارىپ ئۈچۈن يەنە پۇل چىقىرىش تەس ئىدى . سەمەت ئىسمائىلغا ئەمدى ئۆز ئەقلى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . ئۇ كېچە - كۈندۈز مۇشۇ ئىشنى ئويلايتتى ، خىيالىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۈشكۈن ، ئۈمىدسىز سۆزلىرى ، كۆز ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىسكىن ، ناتىۋان چىرايلىرى نېرى كەتمەيتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ بالىلارنى تارقىتىۋېتىپ ، مەكتەپنى تاقاش كېرەكمۇ ؟ ھازىرغۇ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتىدۇ ، كېيىن سوغۇقتا قانداق قىلىدۇ ؟...

چوڭقۇر خىيال ، ئاچچىق سوئاللار بىلەن ئۇنىڭ بېشى تازا قاتـ تى ، ئويلاندى ، ھەسرەتلەندى ، تىت - تىت بولدى . ئاخىر كاللىسىدا چاقماق چاقناندەك ، شۇنداق بىر خىيال ۋاللىدە پەيدا بولدى :

مەخەت ئېلى ھاجىم بىلەن قاسىم قارىيھاجىملار بىردىن مەكتەپ سالغان يەردە ، بىز بىر يۇرت خەلقى بۇ ئىشنى قىلالمايمىزما ؟ بىر

مەسچىتكە ئىمام بولغان ئادەم ۋەز ئېيتىپ، جامائەتنى قوزغاپ، خېلى كاتتا مەسچىتلەرنى سالالايدۇ، بىز بىر يۇرتنىڭ بېشى تۇرۇپ، مۇشۇنچىلىك ئىشنى قىلالماسمىزما؟

ئۇنىڭدا ئۈمىد تۇغۇلدى، ئۈمىد قانات بولدى، بۇ قانات ئۇنى يۇرت ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشقا باشلىدى...

دېمىسىمۇ، ئىنسان تۇرمۇشتا ئۈمىدلىك ياشىشى كېرەك. ئۈمىدسىز ئۆتكەن كۈن گويا گۆردە تىرىك ياتقان بىلەن باراۋەر!

ئۇ دەرھال ئاياغقا تۇردى، بازارلىق پارتكومنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئاندىن ئىشنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن باشلىدى: بىرى، ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىش، ھېسداشلىقىنى قوزغاش؛ يەنە بىرى، بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن بازار بويىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش مەخەت ئېلى ھاجىم، قاسىم قارىيھاجىم قاتارلىقلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە كۈچلۈك بىر جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش.

ئون كۈن ۋاقىت ئەنە شۇنداق جىددىي ھەم تەسىرلىك تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن ئۆتتى. بۇ ياڭزاق، ئۆزۈلمەس سادا خۇددى تاڭ خورىزى بىرلا چىللاش بىلەن پۈتۈن كائىناتنى ئويغاتقاندەك، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئويغىتىۋەتتى، جەمئىيەت تەۋرەندى، ھەممە يەردە مائارىپنىڭ گېپى، مائارىپنىڭ ئىشى، مائارىپنىڭ ئىستىقبالى سۆزلىنىدىغان، ھەممە ئادەم مائارىپ ئۈچۈن ئويلايدىغان، قايغۇرىدىغان، چوت سوقىدىغان بولدى!...

مانا شۇنداق تەقەززالىق نەتىجىسىدە، 1996 - يىل 17 - مايدا سېرىقبۇيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا بىر يىغىلىش بولدى. يىغىنغا ناھىيە رەھبەرلىرىدىن تارتىپ، سېرىقبۇيىنىڭ كەنت - مەھەللىلىرىگىچە بولۇپ، 2500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە ئون دانە كىچىك قىزىل ساندۇق قاتار تىزىپ قويۇلغان

بولۇپ، ساندۇقلارنىڭ يۈزىگە تۆۋەندىكىدەك خەتلەر يېزىلغان ئىدى: (1) بازار ئورگىنىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى؛ (2) مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى؛ (3) بازارلىق پارتكوم ۋە هۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى؛ (4) تىجارەتچىلەرنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى؛ (5) دېهقان ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئىئانە تاشلاش ساندۇقى ...

ئون ساندۇقنىڭ هەممىسىگە ئەنە شۇنداق ساهە، تەبىقە ۋە كەسىپلەر بويىچە خەتلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ، سەمەت ئىسمائىلنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇ ئون ساندۇقنى ئون سىنىپقا تەقلىد قىلىپ، بىر ساندۇققا 20 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل چۈشسە، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپنى ياساپ كەتكىلى بولىدۇ، ئەگەر ئون ساندۇقتىن 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن ئون سىنىپ ياسىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساسەن خەتەرلىك ئەهۋالدىن قۇتۇلىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ئىدى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ مۆلچەرى، ئارزۇسى ۋە ياخشى تىلىكى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ساندۇقتىن ئۇنچىلىك پۇل چىقامدۇ ــ چىقمامدۇ، هېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ خۇددى لاتارىيە بېلىتى ئالغاندەك، پېشانىسىگە، تەلەيگە تەئەللۇق ئىش ئىدى!

يىغىن باشلاندى، سەمەت ئىسمائىل «ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆهپە قوشايلى!» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە مائارىپنىڭ ئەهمىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ:

ــ مائارىپ ئىنسان قەلبىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراغ، ئۇ بارلىق خاسىيەتلەرنىڭ ئانىسى. پۈتۈن دۇنيانى بىر بىنا دېسەك، مائارىپ ئاشۇ بىنانىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى، يەر شارىدا مەۋجۇت بولغان هەممە نەرسىگە مائارىپنىڭ قان تەرى سىڭگەن! ئەگەر بىز يۇرتنى قۇدرەت تاپقۇزىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپقا تايىنىشىمىز، دېهقانلارنى بېيىتىمىز دەيدىكەنمىز، مائارىپقا تايىنىشىمىز، ئەۋلادلارنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ

چىقىمىز دەيدىكەنمىز ؛ يەنە مائارىپقا تايىنىشىمىز لازىم ! ـــ دېگەندە، يىغىن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى . كېيىن ئۇ سۆزىدە نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختالدى ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى ، ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشكۈن ، ئۈمىدسىز روھىي ھالەتلىرىنى سۆزلىدى ، ئاخىردا :

ـــ خەلقنىڭ مەكتەپنى خەلق ئۆزى قۇرۇشى كېرەك . « تامار ـ تامار كۆل تولار » دېگەن گەپ بار . ھەر كىم ئۆز ئەھۋالىغا ، نىيىتىگە ، ھىممىتىگە يارىشا ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىئانە قىلسا ، شۇ پۇل بىلەن ئانا مەكتىپىمىزنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ ، ـــ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى .

سەمەت ئىسمائىلنىڭ تەسىرلىك سۆزى يىغىن مەيدانىنى ھاياجانغا سالدى . ساخاۋەتلىك ئىش يەنىلا يىغىن سەھنىسىدىن باشلاندى . ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەن فىنشىڭ بىلەن ناھىيە ھاكىمى مەمتىمىن توختى بىرىنچى بولۇپ ، قىزىل ساندۇققا 500 يۈەندىن 1000 يۈەن تاشلىدى ، ئارقىدىنلا ، سەمەت ئىسمائىل بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋاييت 1000 يۈەندىن 2000 يۈەن تاشلىدى . بۇ ئىش خۇددى دورا پىلتىسىگە ئوت ياققاندەك ، يىغىن مەيدانىنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈردى ...

تۇيۇقسىز مىكروفون ئالدىدا بىر مۆتىۋەر پەيدا بولدى . بۇ ، ئېگىز بەستى ، ئىللىق چىرايى بىلەن ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان ھىممەت ئىگىسى ، دىنىي زات قاسىم قارىيھاجىم ئىدى .

ـــ مەن ئۆتمۈشتە مۇشۇ بازاردىكى شەنلى مەكتەپتە ئاران 6 ـ سىنىپقىچە ئوقۇيالىغان ، ـــ دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ كىشى ، ـــ بىز ئوقۇغاندا شارائىتىمىز بەكمۇ ناچار ئىدى ، بىر قېتىم دوسكا سىرلىتىش ئۈچۈن ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىككىدىن تۇخۇم سېلىق سالغان ، بەزى باللار تۇخۇم ئەكەلەلمىسە ، مۇئەللىملەر ئۇرۇپ قوغلىۋەتكەن . بىز ئۇ چاغدا ، كالا مۈڭگۈزىنى ئويۇپ دۈۋەت ياسايتتۇق ؛ قازان قارىسىنى رەڭ قىلاتتۇق ،

قەلىممىز قومۇش ياكى ياغاچ ئىدى ... خۇداغا شۈكۈر ، بۈگۈنكى باللىرىمىزنىڭ ئوقۇش شارائىتى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى ، لېكىن قىيىنچىلىق يەنە بار . بابا سەمەت شۇجى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى ، ئۆتكەندە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىپ ئۆزۈممۇ كۆردۈم . ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىكەن ، بىز تۇرۇپ باللىرىمىز مەكتەپسىز ، ئوقۇشسىز قالسا ھەرگىز بولمايدۇ . نامازنى پاكىز يەرنى تېپىپ ، ئوچۇقچۇلۇقتا ، چاپاننىڭ پېشىدا ئوقۇسىمۇ بولۇۋېرىدۇ ، لېكىن دەرسنى ، بىلىمنى سىرتتا ئوقۇغىلى بولمايدۇ . ئادەم تەربىيە كۆرۈشى كېرەك ، باللارنى تەربىيىلەش تېخىمۇ مۇھىم ! ...

قاسىم قارىيھاجىم توغرا ئېيتىدۇ ، باللار ئوقۇمىسا ، بىلىم ئالمىسا ، تەربىيە كۆرمىسە بولمايدۇ . بۇ ھەقتە پارس شائىرى شەيخ سەئدى ناھايىتى ياخشى ئېيتقان ئەمەسمۇ :

« ئەگەر تەربىيە كۆرمىسە ئادەم ،
ئېشەك بولۇپ قالار يۈزگە كىرسە ھەم ! »

تېخى ئۆتكەندىلا ، ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىگەن بۇ چوڭ ساخاۋەتچى بۈگۈنمۇ قىزىل ساندۇقتا ئۆز قولى بىلەن يەنە 2000 يۈەننى سېلىۋېتىپ سەھنىدىن قايتىپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەھنىگە يەنە بىر كىشى چىقتى ، ئۇمۇ ھەمىشە خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۈيىدە ئاقىدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات مەخەت ئېلى ھاجىم ئىدى . ئۇ ھاياجانلانغان ، تەسىرلەنگەن ۋە ھودۇققان ھالدا مۇنداق دېدى :

— مەن 60 - يىللاردا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئالغان ، بۇ مېنىڭ ئانا مەكتىپىم ، تىلىمغا بىلىم ، دىلىمغا چىراغ ياققان مەرىپەت بۆشۈكى ، مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن تېخىنىكا ئىگىلەپ ، بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشتىم . ئەسلىدە ، بۇ مەكتەپنى ئۆز پۇلۇم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتا ياساش نىيىتىم بار ئىدى. لېكىن بۇ يىل 1300 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك بىر ماي قاچىلاش ئىسكىلاتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى. خۇدا خالىسا، بۇ نىيىتىمنىمۇ ھامان بىر كۈنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. مائارىپ خەلقنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ مائارىپى. بىز پۇل تېپىپ، بالىلىرىمىز تالادا خەتەرلىك ئەھۋالدا قالسا قانداق بولىدۇ؟! كۆپ تۇكۇرسە، كۆل تولار دېگەن گەپ بار. ھەممىمىز تاپقىنىمىزنى، ئاتىغىنىمىزنى ئىئانە قىلايلى!

تېخى ئۆتكەندىلا، «مەخەت ئېلى ھاجى مەكتىپى» نى قۇرغان بۇ ئەزىمەتمۇ بۈگۈن يەنە ئۆز قولى بىلەن قىزىل ساندۇققا 3000 يۈەننى سېلىۋېتىپ سەھنىدىن چۈشتى.

ھەممەت ھەممەتنىڭ كۆزىنى ئاچتى، ياخشى ئىشلار يۈرەكتىن يۈرەككە يول ئالدى. ئىئانە تاشلاش قىزغىنلىقى بىردىنلا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. «توپ مەستانىلىرى جەمئىيىتى» نىڭ پەخرىي رەئىسى ئابدۇغوپۇر ھاجىم تاراقشىپ تۇرغان 5000 يۈەننى قىزىل ساندۇققا تاشلاپ، بىر نەچچە ئېغىز بولسىمۇ مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ سەھنىدىن چۈشكەندە، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. چاۋاك تېخى بېسىلماي تۇرۇپلا، مىكروفون ئالدىدا يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى. بۇ، مۇشۇ يۇرتتا ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان مۇلايىم، ئاددىي - ساددا، ئىشچان ئادەم ئوبۇلقاسىم ئابلا ئىدى. ئۇ سىرىقبۇيىدىكى «يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقۇرۇش پونكىتى» نىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ مىكروفوندا گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتىپ:

— مېنىڭ تاپقىنىم، ئاتىغىنىم مۇشۇ 20 مىڭ يۈەن پۇل، مەكتەپنى تېزراق ياساپ، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى! — دەپ تاراقشىپ تۇرغان 100 يۈەنلىك يوغان ئىككى دەستە پۇلنى قىزىل ساندۇققا سالدى - دە، چۈشۈپ كەتتى.

يىغىن مەيدانى تەۋرەپ، گۈلدۈرەس ئالقىش ساداسى پەلەككە ياڭرىدى، چاۋاكلار ئارىسىدىن چاۋاك تۇغۇلدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى بۇ

ئادەمنىڭ ئاددىي ، مۇلايىم چىرايىغا مېھىر ۋە ھۆرمەت بىلەن تىكىلەتتى . شۇ ئارىلىقتا ، ھەيران بولغان كىمدۇ بىرى ئۇنىڭدىن بۇنداق چوڭ مەردلىكنىڭ سەۋەبىنى سورىتۇپتۇ ، ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق دېدى :

— بۇھەجەر دېگەن قىزىم 8 - سىنىپتا ئوقۇيتتى ، بىر نەچچە قېتىم ئۇ ماڭا « دادا ، تالادا ئوقۇۋاتىمىز ، سىنىپلىرىمىزغا چاڭ كەتتى ! » دەپ زارلاپ بەردى . كېيىن مەن ئۆزۈم بېرىپمۇ كۆردۈم ، دېگەندەك ، مەكتەپنىڭ ، باللارنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىكەن . نۇرغۇن سىنىپلار پېچەتلىنىپتۇ . بۇ مەكتەپتە مېنىڭ تۆت بالام ئوقۇپ كادىر بولغان، بۇ، ئۇلارنىڭ ئانا مەكتىپى . ئۇلارنىڭ بىلىملىك ، ئەخلاقلىق ، مەدەنىيەتلىك ئادەم بولۇشىدا بۇ مەكتەپ چوڭ رول ئوينىدى . ئادەمنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ ، مەن ئاشۇلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ، ئاشۇ پۇلنى ئىئانە قىلدىم !...

بۇ پۇل ئەسلىدە ، ئۇنىڭ ھازىرقى كونىراپ كەتكەن قورۇ - جايىنى ياساش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان پۇلى ئىدى . لېكىن ، ئوتتۇرا مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىندىن بۇيانقى چوڭقۇر تەشۋىقاتلار ئۇنى بىردىنلا شەخسىي ئۆي سېلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ ، ئالدى بىلەن مەرىپەتكە ھەسسە قوشۇش ، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئۈندىگەن ئىدى .

ئادەم بۇ دۇنيادا قانچىلىك ياشايدۇ ؟! كۆپ بولسا ، 70 — 80 يىل ياشار ، لېكىن ، بەزىلەر بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ ، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيلا ،ئۇ دۇنياغا ئىز - دېرەكسىز كېتىپ قالىدۇ . بۇنداق ئادەملەرنى مۇشۇ ھېسسىز زېمىنمۇ شۇنچە يىل بىھۇدە كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈشى مۇمكىن ! دېمىسىمۇ ، جەننەتكە ياكى دوزاخقا لازىمى بولمايدىغان ، خۇددى قەدىرسىز قۇرت - قوڭغۇزدەك ئۆزىنىڭ كويى ، ئۆزىنىڭ غېمى بىلەنلا ئۆتىدىغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھاياتتا نېمە ئېتىبارى ، نېمە قىممىتى بولسۇن ؟! لېكىن يەنە شۇنداق ئادەملەر باركى ، ئۇلار يۇرتنىڭ ، خەلقنىڭ ئىشى ئۈچۈن ، ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئاتىدۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يولدا كۆيۈپ كۈل بولۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنياغا گۈزەللىك، ياخشىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنى ۋە شۇ يولدا تىنماي كۈرەش قىلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىش ئالدىدا، ھېچقانداق ئۆكۈنۈش ھەم خىجىللىق ھېس قىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلىشىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھاياتتا تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرت، خەلق، ۋەتەن، مىللەتكە سۇنغان سوۋغىسى، تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئەبەدىلئەبەد ئەۋلادلىرىمىزنىڭ سەبىي قەلبىدە يادنامە بولىدۇ! ...

ئىئانە تاشلاش داۋام قىلماقتا، كىشىلەرنىڭ ھىممىتى، قىزغىنلىقى يۇقىرى بولماقتا. قاتار تىزىلغان قىزىل ساندۇقلار گويا ئۇلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان سەجدىگاھىدەك ئۆزىنى ئاتىدىغان مۇقەددەس نەرسىگە ئايلانماقتا.

كىشىلەرنىڭ مىللىي مائارىپقا بولغان بۇنداق قىزغىن روھى، مەرىپەتكە بولغان بۇنداق ئوتلۇق سۆيگۈسى تۈمەنمىڭ قەلبلەرگە گۈزەللىك ئۇرۇقىنى چاچتى، ئۈمىد - ئارزۇ گۈلخانىنى ياقتى.

توپنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ھاسا تاياقلىق، ياشانغان بىر ئايال بىردىنىلا ھەممەيلەننىڭ دىققەت - نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۈستىبېشىغا چاڭ - توزان قونغان، كۆرۈنۈشى ناتىۋان بۇ ئايال ھاسا تاياق بىلەن ئۆزىنى تەستە سۆرەپ كېلىپ، قىزىل ساندۇققا بىر يۈەن سەكسەن پۇڭ پۇل تاشلىدى. شۇ چاغدىكى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ناھايىتى سالاپەتلىك، رايىش ۋە مۆتىۋەر بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇزاقتىچە ئالقىش، چاۋاك ساداسى ياڭرىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ياڭراتقان بۇ ئالقىشى ئۇنىڭ پۇلىغا ئەمەس، بەلكى پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئاشۇ قىزغىن، ئالىيجاناب، سەمىمىي روھىغا ئىدى. راست، ئۇنىڭ ئاشۇ روھى پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تاشلىغان بىر يۈەن سەكسەن پۇڭ پۇلنى ئاشۇ روھ بىلەن قوشۇپ ئۆلچىگەندە، ئۇ

180 مىڭ يۈەننىمۇ بېسىپ چۈشەتتى.

خەلقىمىزدە ئاشۇنداق روھ، ئاشۇنداق نەزەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ھايات گۈزەل، تۇرمۇش مەنىلىك، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق خەلق بارىيەردە، قالاقلىق، نادانلىق، قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ!...

ئىئانە تاشلاش تېخىمۇ قىزىق، تېخىمۇ تەسىرلىك پەللىگە يەتتى. پېنسىيونېرلار دەسلەپ سەپ - سەپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

ماڭارىپ ئۈچۈن پەرۋانە،
ئەۋلادلارغا مەردانە.
مەكتەپ قۇرۇش ئىشقىدا،
تۆكتى ئېسىل دۇردانە.

ئارقىدىن، ئۇلار ھېيتتا يىغقان پۇللىرىنى، ئاتا - ئانىسىدىن « بازار كۆنى خەجلەيمەن » دەپ ئالغان موچەن، كوچەنلىرىنى بىر - بىرلەپ قىزىل ساندۇققا تاشلاشتى. ئالدى 20 يۈەندىن، كەينى ئىككى يۈەنگىچە پۇل ئىئانە قىلغان پېنسىيونېرلارنىڭ سانى 50 دىن ئېشىپ كەتتى.

شۇ چاغدا، ھەممەيلەننىڭ قىزىقىشى، دىققىتىنى قوزغىغان يەنە بىر ئىش بولدى: بازاردا ھەر خىل تىجارەتلەرنى قىلىۋاتقان ھەم يەر ئىجارە ئېلىپ كېۋەز تېرىۋاتقان خەنزۇلاردىن 28 ئادەم ئۆچرەت بولۇپ كېلىپ، ئالدى 1000 يۈەندىن كەينى ئون يۈەنگىچە ئىئانە تاشلىدى. ھەممىدىن قىزىقى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى، 100 يۈەننى تاشلاپ كېتىپ بولۇپ، يەنە ئارقىغا قايتىپ: « يېنىمدا 110 يۈەن بار ئىدى، ئەپ قالغان ماۋۇ ئون يۈەننىمۇ تاشلىۋېتەي » دەپ، ئاخىرقى ئون يۈەن پۇلنىمۇ ساندۇققا تاشلىدى. يىغىن مەيدانى يەنە بىر قېتىم تەۋرەپ، ئالقىش ساداسى يىراق - يىراقلارغا كەتتى. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھەقىقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەن تەسىرلىك، قىزىقارلىق ئىش ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقان، كېۋەز تېرىۋاتقان خەنزۇلارنىڭ بۇ يەردىكى مەكتەپلەردەبالا - چاقىسى يوق، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۇ يەردە نوپۇسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، ھېچكىم ئۇلاردىن بۇنداق خەير - ساخاۋەتنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن قېرىنداشلىق مېھرىنى، ئاش - تۇز ھەققىنى ئەلا بىلىپ، يۇرت خەلقى قول تىققان بۇ ئىشتا، ئۆزلىرىنىڭمۇ تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۆھپىسى بارلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى.

ئىئانە توپلاش ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قالدى. سېرىقبۇيىدىن سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئابلەت ھاجىم قاتارلىق تۆت كىشى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتقا كەلگەن ئىدى. ئۇلار قايتىش ئالدىدا، مۇشۇنداق كاتتا بىنا يىغىلىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۇرتنىڭ مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش نىيىتىدە، بىر نەچچە كۈندىن بېرى ساقلاپ ياتقان ئىدى. ئۇلارمۇ بۈگۈن يىغىنغا قاتنىشىپ، ئالدى 2000 يۈەندىن كەينى 1000 يۈەنگىچە جەمئىي 6000 يۈەن ئىئانە تاشلاپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى...

قىزغىنلىقتا، ھەممەتكە، سۆيگۈ ۋە سەلتەنەتكە تولغان ئىئانە تاشلاش يىغىنى ئاخىرلاشتى. ھەر بىر ساندۇقتا مەسئۇل خادىملار ناھايىتى تېزلىكتە پۇللارنى ھېسابلاپ چىقتى. يىغىن رەئىسى ئىئانە قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى جۇغلانما سانىنى ئېلان قىلغاندا، يىغىن مەيدانى داۋالغۇپ، ئالقىش، چاۋاك، مەدھىيە ساداسى پەلەككە يەتتى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. چۈنكى ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، 302 مىڭ 160 يۈەن ئىئانە توپلانغان ئىدى. بۇ سان سەمەت ئىسمائىلنىڭمۇ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، 5300 ئائىلە، 32 مىڭ 160 نوپۇسى بار ئاددىي بىر يېزا بازىرىدا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇنچە پۇلنىڭ ئىئانە بولۇپ

چۈشۈشى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە، ھەقىقەتەن بىر كارامەت ئىدى. مانا بۇ، ئەل ھىممىتىنىڭ دەريا ئىكەنلىكىنى، خەلق قەلبىنىڭ تەرەققىياتقا، ئىستىقبالغا بولغان مايىللىقىنى، يۇرتقا، مەرىپەتكە بولغان سۆيگۈ تەشنالىقىنى، كېلەچەككە، ئەۋلادقا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان خاسىيەتلىك دەلىل ئىدى!

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

بىز بۇ ماۋزۇيىمىزنىڭ بېشىنى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇدا ياشىغان كلاسسىك شائىرىمىز مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن باشلىغان ئىدۇق. ئەمدى بۇنىڭ ئاخىرىنىمۇ يەنە شۇ شائىرنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى:

« مەرىپەت ئول گوياكى ئابى ھايات،
ئىچسە كىم ئۆلمەكتىن تاپقاي نىجاد! »

1996 ـ يىل ئىيون، مارالبېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئارام تاپقان جانلار

## 1

جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان شۇ كۈنلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە . ئۇ چاغدىكى يېزىلارنى ھەقىقەتەن « سەھرايى قىيامەت » دېيىشكە بولاتتى ! ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپلا ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا بېرىپ ئىككى يىلدەك « سوتسىيالىستىك تەلىم تەربىيە ھەرىكىتى » گە قاتناشتىم . شۇ چاغدىكى دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتى ، يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئادەم ئۈچۈن ئازابلىق ئىش ، باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ، دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئۆزىنى ئالىدىغان بولساق ، ئىپتىدائىي بۇقۇسا ، سۆرەم ، كەتمەن ، زەمبىل ، غالتەك ، قاپ دېگەندەك نەرسىلەر دېھقانلارنىڭ يىلىكىنى ئۈزۈۋېتەتتى . مەن شۇ چاغدا ، قاپ بىلەن قىغ توشۇپ دۈمچەكلىشىپ كەتكەن ياش قىز ـ چوكانلارنى ، ئەمگەكنىڭ ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىكىدىن ئېتىز قىرلىرىدا ئايلىنىپ كەتكەن ناتىۋان ئاياللارنى تالاي قېتىم كۆرۈپ ، خۇدانىڭ بۇ بەندىلىرىگە ئىچ ئاغرىتقان ئىدىم . ئۇ ۋاقىتتا ئەمگەك ئېغىر ، ۋاقىت ئۇزاق ، دېھقانلار كاچ تەلەي ئىدى . شۇنچە جاپالىق ئىشلىگەنگە يارىشا ، كۆرىدىغان راھىتىمۇ يوق ئىدى.ئەرلەر كېچە ـ كۈندۈز كالا ، ئېشەك بىلەن يەر ھەيدەپ ، سۆرەم سىلىپ ، خامان تېپىپ ، خۇددى ئاشۇ كالا ، ئېشەكتەك مىڭنى تەپسىمۇ تەۋرىمەيدىغان دېۋەك ، قاشاڭ ؛ ئاياللار قاپ كۆتۈرۈپ قىغ ـ گەندە توشۇپ ، ئوت ئوتاپ ، قوناق

تـاقلاپ گـويـا ئاشۇ يەرنىڭ داڭگاللىرىدەك سەت ، كۆرۈمسىز بولۇپ كەتـ
كـەن ئـىدى . قـىـسقـىـسـى ، ئـىـنسانلارغا ئەقىل - ئىدراك ، گۈزەللىك ،
مـەئـىـشـەت ئاتـا قـىلغان ئۇلۇغ ئەمگەك نىمە ئۈچۈندۇر شۇ ۋاقىتتىكى دېھ
قانلارغا ھەددىدىن ئارتۇق زورۇقۇش ، چېكىدىن ئاشقان ھەمۇرىي بۇيرۇق ،
قـالاق ، ئـىپـتـىـدائـىي ۋاسـىـتـىلەر تۈپەيلىدىن بىر خىل روھىي بېسىم ۋە
تۈرلۈك جىسمانىي ئەيىبلەرنى پەيدا قىلىپ بەرگەن ئىدى .
ئاريـدىـن 30 يـىل ئۆتكەندىن كېيىن ، مەن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ
نـىـڭ ئەڭ خـىـلـۋەت ناھىيىسى بولغان مارالبېشىنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ ئۇ
يەردە بىر نەچچە ئاي تۇردۇم .
بۇ جـەريـانـدا ، يـېـزىلارنىڭ يېڭى قىياپىتى ، دېھقانلارنىڭ يېڭىچە
روھـىي ھالـىـتـىنى كۆرۈپ ، كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتىم .
ئەيـنـى چـاغـدا ، دېـھقانلار بۇقۇسا ، ساپانلاردا يەر ھەيدىگەن ، كالا بىلەن
سۆرەم سـالغان ، قولى بىلەن بۇغداي - قوناق ئورغان ، ئۇلاغلاردا خامان
يـۇمـشـاتقان ئېتىزلاردا ئەمدى تراكتورلار ، سېيالكا ، ماشىنا - كومبايىنلار
گـۈرۈلـدەيـتـتـى . ئۆز ۋاقـتـىـدا ئەرلـەرنـى قـاشـاڭلاشـتۇرۇپ ، ئاياللارنى
سـەتـلـەشـتـۈرۈۋەتـكەن ئېغىر - جاپالىق ئەمگەكلەرنىڭ ئورنىنى ماشىنا
ئۈسـتـىـگـە ئالـغـان ئـىدى . شـۇنـىـڭدىن تارتىپ ، دېھقانلارنىڭ جاپالىق
ئەمـگـەكتىن قاپارغان قوللىرى ، قاپ يۇدۇپ مۇكچەيگەن ئاياللارنىڭ دۈم
بىسى ، تۇگمەس ھاشارلار بىلەن يىلىكى ئۈزۈلگەن پۇتلىرى ئارام تاپتى .
قـىسقىسى ، خۇدانىڭ 360 كۈنى مىدىرلاپ تۇرۇپمۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى
تـېـتـىيالمىغان بىتەلەي جانلىرى ئارام تاپتى ! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزا
ئـىـگـىـلـىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ شاراپىتى ئىدى . مارالبېشى خەلقى ئون
نـەچـچـە يىلدىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تاتلىق تە
مـىـنـى تـېـتـىـدى ، شـۇنـداقلا بـىـرمـۇنـچـە ئەقىل - پاراسەتلىك ئېسىل
تـەجرىبىلەر بىلەن ئاچچىق - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ، ئاپتونوم رايونىمىز
دىـكـى پـۈتـۈن يـېـزا - كـەنـتلەر ئۈچۈن ئوبدان نەمۇنە كۆرسەتتى . بۇ
نـەمـۇنـە پـۈتـۈن ئاپـتـونوم رايوننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە يىلتىز تارتىپ ،

چېچەكلەپ ، شېرىن مېۋىلەرنى بەردى . بۇ مېۋىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولدى .

## 2

مارالبېشى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا مەملىكەت بويىچە داڭ چىقاردى :

1992 ـ يىلى مەملىكەتلىك « تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى » نى تالىشىش پائالىيىتىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى ، بۇ شەرەپ كىچىك ئەمەس ئىدى . پۈتۈن جۇڭگودىكى 1503 ناھىيىنىڭ سەركىسى بولۇش تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكىدىكى كىچىككىنە خىلۋەت ناھىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا كاتتا شان ـ شەرەپ ئىدى !

1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مارالبېشىدا مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش نەقمەيدان يىغىنى ئېچىلدى . بۇ يىغىنغا ھەرقايسى ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا مەسئۇل باشلىقلىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك خادىملاردىن بولۇپ 260 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ ، ئېكسكۇرسىيە قىلدى ، تەجرىبە ئالماشتۇردى . شۇ چاغدا ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ماشىنىلاشتۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ سىجاڭ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ : « ئەگەر مەملىكەت بويىچە مارالبېشىدىكى شۇجى ، ھاكىمدەك كادىرلاردىن نەچچە ئونى بولسا ، مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى! »دېگەن ئىدى. 1991 ـ ۋە 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يولغا قويۇلغان « تۆمۈر بۇقا ئالتۇن لوڭقا » مۇسابىقىسىدە ، مارالبېشى ئۇدا ئىككى يىل « ئالتۇن لوڭقا » مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . 1994 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە « يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى ئون كۈچلۈك ناھىيىنىڭ بىرى » بولۇپ باھالاندى . ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن بۇ خۇش خەۋەرلەر مارالبېشى ناھىيىسىنى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناھايىتى تېزلىكتە كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇھىم نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى .

بۇ نەتىجىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ شانلىق سەھىپە ئېچىلغان كۈندىن ھازىرغا قەدەر بولغان بۇ ئۇزاق ، جاپالىق ۋە سەلتەنەتلىك مۇساپىنى مارالبېشى خەلقى قانداق بېسىپ ئۆتكەن بولغىيتتى دېگەن خىيالغا كېلىدۇ ! ئەلۋەتتە .

راست ، بۇ مۇساپە ھەقىقەتەن جاپالىق ، ئەگرى - توقاي بولغان ، ئۇلار مەبلەغ يېتىشمەسلىك ، تېخنىك يېتىشمەسلىكتەك توسقۇنلۇققا دۇچ كېلىپ قالماستىن ، يەنە دېھقانلارنىڭ ئېڭىدىكى كونىلىق ، خۇراپىي ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغىمۇ دۇچ كەلگەن .

1976 - يىلى ئەتىيازدا ، چارباغ گۇڭشېسىنىڭ 2 - دادۈيىدە كېۋەز بىلەن قوناقنى ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق تېرىش سىناق قىلىنىدى . بۇ سىناققا شۇ چاغدىكى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمەت ئابدۇللا بىلەن تېخنىك قۇربان مەيدىن مەسئۇل بولدى . بۇ ئىككى ئادەم 1500 مو كېۋەز ۋە 800 مو قوناقنى شۇ چاغدىكى تۆت قۇرلۇق ، ئالتە قۇرلۇق ئاددىي ، قوپال سېيالكا بىلەن تېرىغان ئىدى . دېھقانلار بۇنى كۆرۈپ : « تۆمۈرنىڭ ئارىسىدىن چۈشكەن ئۇرۇقمۇ ئۈنەمدۇ ؟ ئۇنىڭ جەۋھىرى يوقايدۇ . سېيالكا دېگەن ئەقلى يوق نەرسە ، ئايىغى ئېغىر ، زىرائەت ۋەيران بولىدۇ ! » دېيىشىپ ، سېيالكا بىلەن تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمىدى . شۇڭا ، دېھقانلار ئىشقا چىقماي ، قېچىپ يۈردى ، ھەتتا ئۇلارغا بىرەر قاچا سوغۇق سۇمۇ بەرمىدى . لېكىن ، ئەمەت ئابدۇللا بىلەن قۇربان مەيدىن سىناق قىلىش ئىشىدىن يالتايمىدى ، ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى قىلدى ، تراكتور بىلەن يەر تۈزلىدى ، ھەيدىدى ، سۆرەم سالدى ، كېۋەز تېرىغاندا ، دېھقانلار ئۇلارنى يەنە مەسخىرە قىلدى : « چىگىت چېلەكتىن ئايلىنىپ چۈشىدىكەن ، بۇنداق ئۇرۇقنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالامدۇ ؟ بېشى ئايلانغان ئۇرۇق قانداق ئۈنەلەيدۇ !؟» دېيىشتى . لېكىن، كېۋەز تېرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇرۇقلار بەلەن ، چىرايلىق ئۈنۈپ

www.uyghurkitap.com

چىققاندا، ئۇلار ھەيران قىلىشتى. كېيىن بۇ يەرلەر كولتىۋاتسىيە قىلىنـ
غاندا، دېھقانلار ئېتىزلارغا چىقىپ تەكشۈردى. بىرىنچى قېتىملىق يەر
يۇمشىتىپ، ئوت ئوتاش ۋاقتىدا، ئاياللار ئېتىزغا كىرىپ، ماشىنا مەشـ
غۇلاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن 15 — 20
سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا يۇمشىتىلىپ، پاكىز ئوتالغانلىقىنى كۆرگەندە،
ئۇلار خۇشاللىقىدىن باريكاللا ئېيتىشتى ۋە ئۆيلىرىدىن نان، قېتىق، چاي
ئېلىپ چىقىپ ئەمەت ئابدۇللا بىلەن قۇربان مەيدىنىنى مېھمان قىلدى.

— بۇ ئىشلارنى بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلار! — دېيىشتى ئۇلار
قايىل بولۇپ، — بىزنى دۈيجاڭلار ھەمىشە يەر يۇمشىتىڭلار، ئوت
ئوتاڭلار دەپ ئات، كالىدەك ئىشقا سالاتتى، تېخى قولىغا ئۇزۇن سىمنى
ئېلىۋېلىپ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ، چوڭقۇر بولمىسا، بىزنى تىللايتتى،
قايتا ئىشلىتەتتى، جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن
بىزمۇ بىرىنچى قېتىملىق يەر يۇمشىتىش، ئوت ئوتاش ۋاقتىدا، ھامىلدار
بولۇپ قالدىم دەپ قەستەن يېتىۋېلىپ ئىشقا چىقمايتتۇق. بۇ، ئېغىر ئەمـ
گەكتىن بىزار بولغان ئاياللارنىڭ يۈرەك سۆزى.

دېھقانلار ئەمەلىيەتچى كېلىدۇ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە
ئىشەنمەيدۇ! ئەمەلىيەت ئاخىر ئۇلارنى ئىشەندۈردى، پاكىت ئۇلارنى ئويـ
غاتتى. ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ماشىنىلاشقان مەشغۇلات بىلەن تېرىقچىلىق
قىلىشنىڭ تاتلىق تەمىنى تېتىدى. ماشىنىلاشتۇرۇش ئېغىر ئەمگەكتىن
قۇتۇلۇشنىڭ، بېيىشنىڭ، پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ بىردىنبىر
چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي سىناقلار ئارقىلىق كۆرۈپ يەتتى.

بۇ قېتىمقى سىناق ئەمەت ئابدۇللا بىلەن قۇربان مەيدىنىگىمۇ ئاسانغا
چۈشمىدى، ئۇلار قاتتىق، جاپالىق ئىشلىدى. ئۇ چاغدىكى ماشىنىلار ھاـ
زىرقىدەك زامانىۋى ئەمەس ئىدى. ماشىنا توزۇتقان توپا ـ چاڭ
دەستىدىن ئۇلارنىڭ نەپەسى بوغۇلاتتى، ئىسسىق، چاڭ ـ توزان ھەم
پاسكىنىچىلىق دەستىدىن، ئۇلار قىچىشقاق بولۇپ قالدى، شۇ ھالەتتىمۇ
ئۇلار ئىشنى توختاتمىدى، 800 مېتىرلىق سالا ئېتىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا

بېرىپ ، ئەتىرەت باشلىقى ئەكىلىپ بەرگەن زاغۇن يېغىدا بەدىنىنى ياغلاپ ، بىرەر سائەتتەك يالىڭاچ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىۋېلىپ ، يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇردى . ئۇلارنىڭ بۇنداق پىداكارلىق روھى دېھقانلارنى تەسىرلەندۈردى . شۇنىڭدىن كېيىن ، دېھقانلار بۇ ئىككىيلەنگە « دېھقان كادىرلىرى » دېگەن يېقىملىق نامنى بەردى .

شۇ قېتىمقى ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىپ مول ھوسۇل ئالغان تۇنجى سىناق مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تارىخىدا دەسلەپكى شانلىق بىر سەھىپە بولۇپ قالدى .

## 3

نامراتلىقمۇ ئەينى ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر زور توسالغۇسى بولغان ئىدى .

1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ماموت چوڭقۇرچاق يېزىسىغا كېلىپ ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ، 14 ـ ۋە 15 ـ دادۈيدىكى دېھقانلارنىڭ بۇقۇسا ، ساپان بىلەن يەر ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىدىن « بۇ دادۈيلەردە تراكتور يوقمۇ ، تېرىقچىلىق قىلىۋاتامسىلەر ؟» دەپ خىچە مۇشۇنداق قالاق ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتامسىلەر ؟» دەپ سورىغاندا ، مۇئاۋىن شۇجى : « يېزىمىز بويىچە 31 دادۈيدىن 14 دادۈيدە تراكتور بار ، 17 دادۈيدە تراكتور يوق ، بۇنداق ئەھۋالدا بۇقۇسا ، ساپان ئىشلەتمەي قانداق قىلىمىز ؟ تراكتور ئالايلى دېسەك پۇل يوق ! » دەيدۇ .

بۇ ئەھۋال مۇھەممەت ماموتنى قاتتىق ئويلاندۇردى . ئۇنىڭ نەزىرىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتمەي ، ئومۇملاشتۇرماي تۇرۇپ ، دېھقانلارنى بېيىتقىلى ، ئۇلارنى ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلدۇرغىلى ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايتتى . لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل ، مەبلەغ كېرەك . بۇنى زادى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانداق ھەل قىلىش كېرەك ؟ بىر نەچچە كۈنلۈك جىددىي ئويلىنىش، ئىنچىكە ھېساب قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر پىلان پەيدا بولىدۇ. ئۇ مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلىپ كۆرىدۇ: 1988 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 68 مىليون يۈەنگە كېۋەز سېتىلدى، كېۋەز كۆلىمى 220 مىڭ مو بولغان ئىدى. 1989 ـ يىلى كېۋەز ساتقان پۇل 140 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. يەنە ئۆتكەن يىلدىكىدىن 248 مىڭ مو كۆپىيىدۇ، پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىمۇ بۇرۇنقىدىن ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر دېھقان ساتقان بىر جىڭ كېۋەزنىڭ پۇلىدىن بەش پۇڭدىن تۇتۇۋېلىپ، بۇ پۇللارنى كوللېكتىپنىڭ جۇغلانمىسى قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتسەك، نۆۋەتتىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولماسمۇ؟

مۇھەممەت ماموت بۇ پىلاننى بىر نەچچە يېقىن بۇرادەرلىرىگە ئېيتىدۇ، ئۇلار بۇ ئىشنى قوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پىلان يازما شەكىلدە ناھىيىلىك پارتكومغا سۇنۇلىدۇ. پارتكومنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا بۇ پىلان مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىنىپ، قىزغىن قوللاشقا، ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. يىغىندا بەزىلەر: «دۇنيا بانكىسىنىڭ پۇلىنى يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ قىلايلى، دېھقانلار ساتقان بىر جىڭ كېۋەزنىڭ پۇلىدىن ئون پۇڭدىن تۇتۇۋېلىپ، بۇنى كوللېكتىپ جۇغلانمىسى قىلىپ، ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتەيلى، ھازىر كېۋەزنىڭ باھاسى ئۆسكەچكە، ئون پۇڭدىن پۇل دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى بۇ ئايلىنىپ كېلىپ يەنىلا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلىدۇ» دېيىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ماموتنىڭ پىلانى پارتكومنىڭ قارارى بولۇپ تارقىتىلىدۇ. 1990 ـ يىلدىن باشلاپ، بىر جىڭ پاختىدىن ئون پۇڭدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. بۇ پۇللار كوللېكتىپ جۇغلانمىسى قىلىنىپ، 1993 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا ئالدى 400 مىڭ يۈەندىن، كەينى 200 مىڭ يۈەنگىچە جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ

يۈەن پۇلنى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كەنت، مەھەللىلەر تراكتور ھەم چاتما سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مارالبېشى خەلقى جاپالىق كۈرەش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا يوقلۇقتىن بارلىققا، ئازلىقتىن كۆپلۈككە، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا يۈزلىنىپ، ئاخىر شەپقەتسىز تەبىئەت ئالدىدا يېڭىلمەيدىغان زور بىر كۈچنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ كۈچ ھاياتلىق يولىنى مۇستەھكەملەيدۇ، كېلەچەكتە، يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ.

## 4

لېكىن، ئېغىر ۋە مۇشكۈل سىناق مارالبېشى خەلقى ئالدىدا تۇراتتى.

مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە يەرلەر بىلەن بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قورالىرى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىدۇ. بۇنداق دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش دېھقانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش كۆتۈرە بېرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەسلىدىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىدار چىلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە جىددىي جەڭ ئېلان قىلىدۇ. بارلىق چوڭ ـ كىچىك تراكتور قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ئەرزان باھادا شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلىدۇ ياكى ھۆددىگە بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار تارماقلار ۋە يېزا ـ بازار رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇ ماشىنىلار تارقاقلاشقان دېھقانلارنىڭ قولىدا ھەرخىل قاتناش قورالى بىلەن قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قورالىغا ئايلىنىپ، يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت

www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە ئۇلارنى تاپقىلى بول-
مايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن پۈرسەت قولدىن كېتىپ ، مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ ،
پۈتۈن ناھىيىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش ئەھۋالى تۆۋەنلەپ ، ماشىنىلاشقان
مەشغۇلات ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىش يەنە قول ، ئېشەك - كالا
بىلەن قىلىشقا ئۆزگىرىپ ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ
كېتىدۇ . مەسىلەن ، بۇ چاغدا بىرلا چارباغ يېزىسىنىڭ بۇغداي ئومۇمىي
مەھسۇلاتى 10 مىڭ 420 تونىغا ، پاختا مەھسۇلاتى 25 مىڭ 784 دەنگە
چۈشۈپ قالىدۇ . پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ بۇرۇنقى 142 جىڭدىن
107 جىڭغا چۈشۈپ قالىدۇ .

بۇ ئاچچىق پاكىت دېھقانلارنى ئويغا سالىدۇ . ئۇلار كادىرلارغا
« سىلەر ماشىنا ، تراكتورلارنى شەخسلەرگە بېرىۋېتىپ ، بىز يەرنى كەت-
مەن ، بۇقۇسا بىلەن تېرىيدىغان بولدۇق ، بىزنى يەنە جاپاغا
قويدۇڭلار!» دېيىشىپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ .

1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، چارباغ يېزىلىق پارتكوم-
نىڭ شۇجىسى قادىر مۇھەممەت بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ :

« مەن ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلىسەممۇ مەھسۇلاتنى ئاشۇرالمىدىم ،
مەن ئەمدى خاتالاشساممۇ شەخسلەرگە ھۆددىگە بەرگەن ماشىنا - تراك-
تورلارنى يىغىۋېلىپ پونكىت قۇرىمەن ، ماشىنىلاشتۇرۇشنى قايتا ئىشقا
ئاشۇرىمەن ! » دەيدۇ .

ئاچچىق ساۋاق بۇ شۇجىنى ئويغاتقان ، غەيرەتكە كەلتۈرگەن
ئىدى . ئۇ شۇ غەيرەت بىلەن شەخسلەرگە ئەرزان باھادا ساتقان ( 4600
يۈەنلىك ماشىنىلارنى 1500 يۈەندىن سېتىۋېتكەن ) ، ھۆددىگە بەرگەن
ماشىنا - تراكتورلارنى قايتىدىن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا
قايتۇرۇۋالىدۇ . بارلىق پۇل ھېساباتلىرىنى تۈگىتىپ ، يەنە 200 مىڭ يۈەن
سەرپ قىلىپ ، ماشىنا - تراكتورلارنى رېمونت قىلدۇرىدۇ ، پونكىت
قۇرىدۇ ۋە بارلىق ماشىنا - تراكتورلارنى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلە-
تىدۇ . بۇنىڭ بىلەن چارباغ يېزىسىنىڭ مەھسۇلاتى بىردىنلا يۇقىرى

كۆتۈرۈلدۇ . مەسلەن ، ئاشلىق 13 مىلى 507 تونىنغا ، پاختا 45 مىلى 394 دەنگە يېتىپ ، 1987 ـ يىلىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاشلىق 3 مىلى 87 توننا ، كېۋەز 19 مىڭ 610 دەن ئاشىدۇ .

بۇ ئىش ئاستا ـ ئاستا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ . ئۇلار ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى شەخسلەرگە تارقىتىۋېتىش نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىيلاشقان يېرىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن . شۇڭا ، تېزلىكتە ئۆزئارا ماسلاشقان ، بىرلىككە كەلگەن ، ئىجتىمائىيلاشقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ .

ئۇلار ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن تاپتى . ئەمەلىيەت ئۇلارغا ئەقىل ئۆگەتتى ، يېڭى ـ يېڭى چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن تەمىنلىدى . نەتىجىدە ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن « بەشتە بىر تۇتاش » ( باشقۇرۇشتا بىر تۇتاش ، ساقلاشتا بىر تۇتاش ، تەمىنلەشتە بىر تۇتاش ، رېمونت قىلىشتا بىر تۇتاش ، تەربىيىلەشتە بىر تۇتاش ) بولۇش پرىنسىپى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يولى ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، مارالبېشى خەلقىنىڭ ئىجادكارلىق روھى ۋە جاپالىق ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن « بەشتە بىر تۇتاش » پرىنسىپى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىلىپ ، ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ زور شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ .

## 5

90 ـ يىللارغا كەلگەندە ، يېزا ـ كەنتلەردىكى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يېزا ئىگىلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماشىنىلاشتۇرۇش ئالدىغا يەنە دېھقانلارغا ئوخشاشمىغان كۆلەمدە بۆلۈپ بېرىلگەن پارچە - پارچە ئېتىز ئۈستىدە ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋە جىددىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مارالبېشى ناھىيىسى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ مۇھىم بىر تەجرىبىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى:

ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتقا توسالغۇ بولۇۋاتقان «ئۇششاق ئىجارەت» ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئېتىز - ئېرىقلارنى سالالاشتۇرۇش كېرەك. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، «بىر سالا ئېتىزغا بىر خىل زىرائەت تېرىش، ماشىنا بىلەن ھەيدەش، ماشىنا بىلەن چېچىش، ماشىنا بىلەن باشقۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆلەملىك باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، زامانىۋى ئېگىلىك باشقۇرۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇلار 1991 - يىلىنىڭ بېشىدىلا، 700 مىڭ مو يەرنى 2341 پارچە ئۆلچەملىك سالا ئېتىز قىلىپ چىقىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 700 مېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىر كېلىدىغان بۇنداق چوڭ سالا ئېتىزلاردا ماشىنا مەشغۇلاتىغا توسالغۇ بولىدىغان ھېچقانداق قىر، ئېرىق، ئۆستەڭ، دەل - دەرەخ دېگەندەك نەرسىلەر بولمايدۇ. بۇ خىل ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش، بىر سالا ئېتىزغا بىر خىل زىرائەت تېرىش ئۇسۇلى بۇرۇنقى ئۇششاق ئېتىزلار كۆپ بولۇش، ئېرىق - قىرلار كۆپ بولۇش، ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتتا سەرپىيات كۆپ بولۇش، مەشغۇلات قىيىن بولۇش، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇشتەك پايدىسىز ئامىللارنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدىلىپ، مەشغۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولۇش، تەننەرخى تۆۋەن بولۇش، ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرى مۇۋاپىق بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەر نامايان قىلىنىدۇ.

ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش ئىشمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ ناھىيىنىڭ يەرلىرى ئېگىز - پەس بولۇپ، ئېگىز - پەسلىك پەرقى 50 سانتىمېتىردىن 80 سانتىمېتىرغىچە ئىدى. ئەگەر بۇ پەرقنى 10 — 20 سانتىمېتىرغىچە تۆۋەنلەتمىگەندە، ئۆلچەملىك سالالاش-

تۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايتتى. لېكىن، بۇنداق چوڭ قۇرۇلۇشنى
كەتمەن - گۈرجەك بىلەن قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ناھـ
يىلىك يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇربان مەيدىن
ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان بىگتۇەننىڭ 8 - تۇەنىگە بېرىپ، بىر دانە يەر
تۈزلەش ماشىنىسى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى ناھىيىلىك تراكتور رېمونت
زاۋۇتىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ، يېڭىدىن يۈزنى ياساتقۇزىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن، بىرى، كەتمەن - گۈرجەكتە يەر تۈزلەش مەسىلىسى ھەل
بولۇپ، نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى تېجىلىدۇ، يەنە بىرى، تراكتور رېمونت
زاۋۇتىنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسى ھەل بولىدۇ. نەتىجىدە، سالا ئېتىزلار
28، 32، 36، 42 مېتر كەڭلىكتە ئۆلچەملىك قىلىپ رەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىـ
لەن ھەر خىل ماشىنىلار بىمالال مەشغۇلات قىلالايدىغان، دېھقانلارمۇ
يەرلەرگە ھەر خىل بەلگىلەرنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ يەر پاسىلىنى ئايرىيالايـ
دىغان بولىدۇ.

سالالاشقان ئېتىزدا ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش
دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ يېنىكلىتىپ، ئۇلارغا كۆپ تەرەپلىمە پايدا
يەتكۈزىدۇ. دېھقانلار ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق دېھقانچىلىق
قىلىشنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆ-
رۈپ، بۇنىڭدا روشەن پەرقنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. بىر مو يەرگە
ماشىنىلاشقان مەشغۇلات بىلەن كېۋەز تېرىسا، 11 يۈەن 25 پۇڭ چىقىم بو-
لىدۇ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تېرىسا، 50 يۈەن ئەتراپىدا چىقىم بولىدۇ. بىرمو
يەرنى ماشىنىلاشقان مەشغۇلات بىلەن 20 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا
كولتىۋاتسىيە قىلسا، تۆت يۈەن 50 پۇڭ كېتىدۇ، يەرنى قول بىلەن چاناپ
كولتىۋاتسىيە قىلسا، 12 يۈەن كېتىدۇ. كالا بىلەن بىرمو يەر ھەيدىسە 15
يۈەن كېتىدۇ، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق بىرمو يەرنى ھەيدىسە،
يەتتە يۈەن 50 پۇڭ كېتىدۇ. ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق بىرمو
يەرگە دورا چاچسا، بىر يۈەن 20 پۇڭ كېتىدۇ، بىر ئادەم قول بىلەن دورا
چاچسا، بىرمو يەرگە بىر كۈندە ئاران چېچىپ بولىدۇ. بۇنىڭ ھەققىمۇ

ئون يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ . ماشىنىلاشقان مەشغۇلات ئارقىلىق چۆنەك ئېلىپ ئوغۇت بەرگەندە ، بىرمو يەرگە ئالتە يۈەن كېتىدۇ (20 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئالىدۇ ، 15 سانتىمېتر چوڭقۇرلۇقتائوغۇت كۆمىدۇ). بۇ ئىشنى قول بىلەن قىلسا ، بىرمو يەرگە ئۈچ گۈڭ كېتىدۇ . بۇنىڭ پۇلى تۆۋەن بولغاندىمۇ 30 يۈەنگە بېرىپ قالىدۇ !

دېھقانلار بۇنداق روشەن پاكىت ۋە پايدىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ، غەيرىتى ۋە ئىشەنچى تولۇپ تاشىدۇ . ئۇلار بۇنى ئاددىي تىل بىلەن : « بۇ بىز دېھقانلارنى جاپادىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىدىغان ماشىنىلار ئىكەن ، ھۆكۈمەت ئىشلىگەن ھەقىقىي جىك مال ئىكەن ! » دېيىشىدۇ .

راست ، ئۇلار توغرا دەيدۇ ! يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش دېھقانلارنى جاپادىن ، ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالماستىن ، بەلكى ئۇلارغا پۇل تېپىشنىڭ ، باي بولۇشنىڭ پۇرسىتىنىمۇ يارىتىپ بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ جانلىرى ئارام تاپىدۇ ، پۇت - قوللىرى بوشايدۇ . ئۇلار ئارىسال بولغان ۋاقىتلاردا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئاچىدۇ . مەسىلەن ، 5300 ئائىلە ، 32160 نوپۇسى بار بىرلا سېرىقبۇيا بازىرىدا ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار 690 ئائىلىگە ، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1316 ئائىلىگە ، ھەر خىل باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 580 ئائىلىگە يېتىدۇ . 5168 ئائىلە ، 31700 نوپۇسى بار چوڭقۇرچاق يېزىسىدىمۇ دېھقانلار ئېتىز - ئېرىق ، سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ، تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا - تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . بۇنداقلار پۈتۈن يېزا ئىگىلىك ئائىلىسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن . مەسىلەن ، بۈيېزىنىڭ 6 - كەنتىدىكى ئوسمان سەمەر 15 مو يەر تېرىغاندىن سىرت ، قاسساپلىق قىلىپ ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ يۈەندەك ساپ كىرىم قىلغان . 3 - كەنتتىكى تۇرغۇن قايىم 15 مو يەر تېرىغاندىن باشقا ،

قاتناش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىلىغا 15 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىغان. 8 ـ كەنتتىن ئابلىكىم راخمان 12 مو يەر تېرىغاندىن سىرت، ياغاچچىلىق قىلىپ، يىلىغا 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ساپ كىرىم قىلغان. 30 ـ كەنتتىن ئىمىن بەختى ئۇن، مو يەر تېرىغاندىن باشقا، قوشۇمچە چارۋا بورداپ سېتىپ، يىلىغا 15 مىڭ يۈەن ساپ پايدا تاپقان.

دۆلەتباغ يېزىسىدىمۇ 3300 ئائىلە ئىچىدە 2920 ئائىلە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئارىسال بولغان چاغلاردا قوشۇمچە چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىدىن كىرگەن يىللىق كىرىمى 5 مىليون، باغۋەنچىلىكتىن كىرگەن يىللىق كىرىمى 4 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

مانا بۇ مىساللار بىزگە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن جانلىق ھاياتىي كۈچى بىلەن شارائىتىنى، شۇنداقلا «ئىشلىگەن چىلىق ـ چىلىق، ئىشلىمىگەن قۇرۇق پىلىك» دېگەن ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 6

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا ئادەم ھەل قىلغۇچ ئامىل. يېتىشكەن تېخنىك، ماھىر تراكتورچىلار بولماي تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئادەم تەربىيىلەشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقان. ناھىيە ۋە يېزىلاردا ھەر يىلى قىش پەسلىدە ئىككى ئايدىن ئارتۇق نەزەرىيە دەرسى ئۆتۈش ۋە ئەمەلىي مەشق قىلىش بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ھەر يىلى 6000 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، تېخنىك ۋە شوپۇرلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلگەن. مەخسۇس بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىنىپ، ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىراكتورچىلارنىڭ مەشغۇلات سەۋىيىسى، تېخنىكىسىنى ئەمەلىيەتتە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى كۆپ ئىشلەشكە تېخىمۇ ئۈندەپ قويۇپ باھالىغان. بۇ چاغدا تېخنىك، شوپۇرلارغا تۈز تېرىش، تولۇق تېرىش ھەققىدە يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇلغان.

يۇقىرى ئۆلچەم دېگەندە، 700 ـــ 1000 مېتىرغىچە بولغان مەيداندا مايماقلىق پەرقى ئۈچ سانتىمېتىردىن ئاشماسلىق، ئەگەر ئېشىپ كەتسە، قايتا تېرىش، زىياننى تىراكتورچى بىلەن شۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان كادىر تۆلەش پرىنسىپى كۆزدە تۇتۇلغان؛ قاتتىق تەلەپ دېگەندە، قانداق تەلەپ بولسا، شۇ تەلەپنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان. ناھىيە رەھبەرلىكى تېخنىك، شوپۇرلارنى تەربىيىلەشتە مۇكاپات بىلەن جازانى تەڭ يولغا قويغان.

1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاتاركۆل يېزىسىدا ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش قەسەمياد يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا كېۋەز تېرىش ھەققىدە (1) تۈز بولۇش؛ (2) تولۇق بولۇش؛ (3) سۇلياۋ يوپۇق بەش سانتىمېتىر كۆمۈلگەن بولۇش؛ (4) ئورلىنىش مەيدانى (سۇلياۋ يوپۇقنىڭ كۆن چۈشىدىغان يېرى) 32 سانتىمېتىردىن كەم بولماسلىق؛ (5) سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىنغان توپا بىر يېرىم سانتىمېتىردىن ئاشماسلىق؛ (6) ئوغۇت بېرىش چوڭقۇرلۇقى سەككىز سانتىمېتىردىن كەم بولماسلىق؛ (7) بىختەر مەشغۇلات قىلىش؛ (8) ئوغۇت، ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق ئىسراپ بولماسلىق؛ (9) مەشغۇلاتتىن كېيىن ماشىنا ـ سايمانلار تازىلىنىپ، ئۆز ئورنىغا تىزىلغان بولۇشتىن ئىبارەت توققۇز تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىندا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بارغان تىراكتورچىلارنى باھالاپ، قىزىل بايراقدار بولۇپ باھالانغانلارغا بىر رەڭلىك تېلېۋىزور، ئىككىنچى دەرىجىلىك بولۇپ باھالانغانلارغا بىر كەپتەر ماركىلىق ۋېلىسىپىت، ئۈچىنچى دەرىجىلىك بولۇپ باھالانغانلارغا بىر يۈك ئەدىيال مۇكاپات بېرىش قارار قىلىندى.

ئاتاركۆل يېزىسىدا ئېچىلغان قەسەمياد يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە

بويىچە يېزا ـ بازارلار ئۆز ئالدىغا باھالاش ئېلىپ بېرىپ ، 75 نەپەر قىزىل بايىراقدارنى كۆرسىتىپ چىقىدۇ . ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ 75 نەپەر قىزىل بايىراقدارنى يېتەكلەپ ، ئۇلار ئىشلىگەن پەرلەردە بىرھەپتە سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ، ئاخىرىدا دۆلەتباغ يېزىسىدىكى راخمان قۇربان دېگەن تراكتورچى قىزىل بايراقدار بولۇپ باھالىنىدۇ . ئۇ كېۋەز ، بۇغداي ، قوناقلارنى ھەقىقەتەن تۈز ، تولۇق ، ئۆلچەملىك تېرىغان . 50 سانتىمېتر پەرق بار يەردىمۇ ئېلىپنەك تۈز تېرىپ چىققان . ئۇنىڭغا 2500 يۈەنلىك بىر رەڭلىك تېلېۋىزور مۇكاپات بېرىلگەن . ئۇلاردىن 20 نەپەر تراكتورچى ئىككىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ ، ئۇلارغا بىردىن كەپتەر ماركىلىق ۋېلسىپىت مۇكاپات بېرىلگەن . يەنە ئون نەپەر تراكتورچى ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ ، ئۇلارغا بىردىن يۇڭ ئەديال مۇكاپات بېرىلگەن .

بۇ پائالىيەت ئۈچۈن ناھىيە 40 مىڭ يۈەن سەرپ قىلغان . ناھىيە رەھبەرلىرى : « بۇنداق قىلمىساق ، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سالغىلى بولمايدۇ ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرگىلى بولمايدۇ . بىزدە راخمان قۇرباندەك قىزىل بايراقداردىن بىر ، ئىككى يۈزى چىقسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ » دەپ ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرگەن .

مۇشۇنداق رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىسىدا 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ، راخمان قۇرباندەك رەڭلىك تېلېۋىزور مۇكاپات ئالغان قىزىل بايراقدارلار 12 دىن ئېشىپ كەتكەن .

قاتلامۇ قاتلام ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق پائالىيەتلەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا يېڭى ۋەزىيەت ، يېڭى كەيپىيات ياراتقان . بۇنىڭ بىلەن تەرەققىيات تېز بولۇپ ، تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسۈپ ، مەشغۇلات ئۆلچەملەشكەن .

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەردەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى ۋە ئۆزلىرى بىۋاستە

www.uyghurkitap.com

تۇتقانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نامراتلىقنى تۈگىتىپ، باي بولۇشنىڭ چىقىش يولى دەپ قاراپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەدبىر - ئۇسۇللىرى، تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئىشلىرىنى كۈندىلىك خىزمەتنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزگەن. ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، ھەرقايسى يېزا - بازارلارنى ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇلار 1989 - يىلدىن باشلاپ، قايسى يېزا - كەنت چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپلىق يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا سېتىۋالماقچى بولسا، ناھىيە مالىيىدىن 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ، قايسى يېزا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە «تۆمۈر بۇقا — 55» تراكتور سېتىۋالماقچى بولسا، ناھىيە تەرەققىيات مەبلىغىدىن 20000 — 30000 يۈەنگىچە ئۆسۈمسىز، قەرەلسىز قەرز بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ بەلگىلىمە يېزا - كەنتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغان ۋە ئۇلارغا مەدەت بولغان.

بۇ بەلگىلىمىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، 1991 - ۋە 1992 - يىلى ئىچىدە ناھىيە بويىچە 75 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 400 «تۆمۈر بۇقا — 55» تراكتورسېتىۋېلىنغان. ناھىيە رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنى سېتىۋېلىش دولقۇنىغا ئۇلاپلا: «ئەگەر بىر كەنتتە بىر تراكتور بولمىسا، شۇ كەنتنىڭ شۇجىسى بىلەن كەنت باشلىقى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش كېرەك. بىر كەنت بىرەر تراكتور سېتىۋالمىسا، بىز قانداق قىلىپ خەلقنى باي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز؟» دېگەن مەزمۇندا ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ماشىنا - تراكتور سېتىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلغان، بۇرۇن بارلىرى تېخمۇ كۆپەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۇلاغ كۈچى ۋە قول بىلەن قىلىنىدىغان يەر ھەيدەش، تېرىش،

ئوتاش قاتارلىق جاپالىق ئىشلار تۈگىتىلگەن . ھازىر ناھىيە بويىچە ماشىنا بىلەن ھەيدەلگەن يەر 99 پىرسەنتكە ، تېرىلغان كېۋەز 100 پىرسەنتكە ، تېرىلغان بۇغداي 100 پىرسەنتكە ، ئېگىز ئۇرىنىغا تېرىلغان قوناق 90 پىرسەنتكە ، پەرۋىش ( كۇلتىۋاتسىيە ، دورا چېچىش ، ئوغۇتلاش ) 98 پىرسەنتكە يەتكەن .

مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئاساس بولغاچقا ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىياتى ، ھەر يىلى يۇقىرى مول ھوسۇل ئېلىش ۋەزىيىتى زور كاپالەتكە ئىگە بولغان .

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1996 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەتئىمىن توختىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا ، ئۇ كىشى ماڭا مېغىزلىق قىلىپ :

« ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، قايسى يېزا - بازارنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمى تېز ، سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا ، شۇ يېزا - بازارنىڭ تەرەققىياتى ، روناق تېپىشى تېز بولدى ؛ ئەكسىچە ، ماشىنىلاشتۇرۇش قەدىمى ئاستا ، سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان يېزا - بازارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئارقىدا قالدى!» دېدى .

بۇ ، ئون نەچچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ، كۈرەش قىلىش ۋە تىرىشىش نەتىجىسىدىن چىقىرىلغان توغرا ۋە ئاقىلانە ھۆكۈم !

مارالبېشىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشى خۇددى بىر شانلىق جەڭ مەيدانىدەك نۇرغۇنلىغان پىداكار ئەزىمەتلەرنى ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ، ماھىر باشقۇرغۇچىلارنى تاۋلاپ يېتىشتۈردى . تۇرسۇن ھۇسەيىن ، قۇربان مەيدىن ، مۇھەممەت مامۇت ، ئابدۇراھمان قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ . بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئالاھىدە ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، ھازىرقى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قۇربان مەيدىن 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەسپىدە ئوقۇغان بولۇپ، بۇ ئادەم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ناھىيىگە كەلگەندىن ھازىرغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرمەكتە. بۇ ئادەم 1993 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ ناھىيىگە ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك «ئالتۇن بۇقا لوڭقىسى» مۇكاپاتىنى ئېلىپ كەلگەندە، بۇ كاتتا شان ـ شەرەپ ئالدىدا، بىر تەرەپتىن پۇخادىن چىققاندەك ھاياجان بىلەن ئۇلۇغ نەپەس ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىمۇ غەيرەتكە، جاسارەتكە تولۇپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشىنى يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاخىرغىچە بېغىشلاش نىيىتىگە كەلگەن.

ئەنە شۇ خالىس نىيەت ئۇنى ئارام تاپقۇزمايدۇ، گەرچە ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماشىنا ـ تراكتور بىلەن ھەپىلىشىشتىن زادىلا توختىمايدۇ. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن:

«ھەر يىلى كۈز تېرىلغان چاغدا، چارباغ يېزىسىدىن ئاۋات يېزىسىغا بارغۇچە ئاز دېگەندە، 250 ماشىنىغا قولۇم تېگىدۇ، ئۆزۈم نەق مەيداندا تەڭشەپ ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىمەن، بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئىشلەپ كېتىمەن، بەزىدە قانىتىم بولسا، نەدە چاتاق چىقسا شۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ ئۆزۈم قىلىۋەتسەم، باشقىلار چايناپ بەرگەن ناننىڭ نېمە لەززىتى دەپ كېتىمەن. مەن ھازىر پىكاپقا چىقسام كادىر، پىكاپتىن چۈشسەم رېمونتچى. مەن شۇنداق ئىشلىسەم بەزىلەر ئارقامدىن: ‹بۇنىڭ ھاكىملىقتىن تەمەسى بار، ئۆسمەكچى!› دېيىشتى، يەنە بەزىلەر: ‹بۇ كىشى ئىدارىنى تاشلىۋەتتى، ھەدېسىلا تۆۋەنگە كېتىۋالىدۇ› دەپ قاقشاشتى. لېكىن مەن ھەمىشە: بىز كەتمەنگە بەخشەندە بولغان بەندىمۇ؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزمۇ ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇپ، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ ئىشلىسە بولمامدىكەن؟ نى ـنى قاۋۇل كىشىلەرئېغىر ـ جاپالىق ئەمگەكتىن مۈكچىيىپ كەتتى. ئېغىر ئاياق ئاياللارمۇ ئېتىز

بېشىدىن ئېرى كېتەلمىدى ، مەندە خەلقىمنى ، دېھقانلارنى ئېغىر ئەمگەك. تىن قۇتۇلدۇرىدىغانلا ئوي بار . قانچە تۆۋەنگە چۈشسەم شۇنچە ياخشى . بىز ئىدارىنى ، جوزا ئۈستىنى ماشىنىلاشتۇرامدۇق ياكى ئېتىز - ئېرىق. نىمۇ ؟!» دېدى .

قۇربان مەيدىنىدەك ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ، ئەقىل - پاراسىتى ، قان - تەرىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا بېغىشلىغان بۇنداق كادىرلار ھەقىقەتەن قىممەتلىك ! بۇنداق كادىرلار قانچە كۆپ بولسا ، نامرات يېزىلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ، يۈكسىلىشى شۇنچە تېز بولىدۇ . دېھقانلىرى. مىز ئېغىر ئەمگەكتىن بۇرۇنىراق قۇتۇلۇپ ، قاقشىغان جانلىرىنى بۇرۇنىراق ئارام تاپقۇزىدۇ . بۇنداق كادىرلار دۆلەتنىڭ بايلىقى ، خەلقنىڭ غەم. گۇزارى ! ئۇلارنىڭ ئوبرازى ، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاشۇ گىگانت ماشىنىلاردەك جاپاكەش خەلقنىڭ ئىچىدە ، پايانسىز ئېتىز - قىرلار ئۈستىدە ئەبەدىلئەبەد نۇرلىنىپ ، ياڭراپ تۇرىدۇ .

## 7

1996 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇ. رۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن بىر يىل بولدى .

1996 - يىلى ئەتىيازدا قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن پۈتۈن ناھىيىدە ھۆل-چىلىك بولۇپ ، كېۋەز تېرىلغۇسى ئون نەچچە كۈن كېچىكىپ كەت. تى . ئادەتتە ئىلگىرىكى يىللاردا مارالبېشى ناھىيىسىدە كېۋەز تېرىلغۇسى4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ 12 - كۈنى ئاخىرلىشاتتى . ئەگەر يامغۇر ياغدى دەپ قاراپ تۇرىدىغان ھەمدە 430 مىڭ مو كېۋەزنى ئادەم كۈچى بىلەن تېرىيمىز دەيدىغان بولسا ، تېرىلغۇ ۋاقتى كېچىكىپ ، يەرنىڭ ئۇ. سىسى كېتىپ مەھسۇلاتقا زور تەسىر يېتەتتى . « كالىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ يەرگە چۈشكەن ئۇرۇق يەتتە كۈن كېيىن ئۈنىدۇ » دېگەن گەپ بار . دېمەك ، پۇرسەت غەنىمەت . مارالبېشىدىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە

كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قى-لىپ، 800 دىن ئارتۇق سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، 430 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنى ھاۋا كىلىماتى ناچار بولغان ئەھۋالدىمۇ 12 كۈندە تېرىپ بولدى. كېيىنكى مايسا ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاشۇنداق جىددىي تېرىقچىلىقتىمۇ سۈپەتكە، تەلەپكە كاپالەتلىك قىلىنغانلىقى ئىس-پاتلاندى. ئەسلىدە، بىر مو يەردە 11 مىڭ 346 تۈپ مايسا بولاتتى. كېيىنكى تېرىلغان 430 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزلەرنىڭ ھەر موسىدا 10 مىڭدىن 11 مىڭ تۈپكىچە مايسا ئۈنۈپ چىقتى. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ماشىنا، تېخنىكا كۈچىدىن پايدىلىنىپ شەپقەتسىز تەبىئەتنى بويسۇندۇرغان، تە-بىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ تەنتەنە ناخشىسى!

مارالبېشى ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىلا يولغا قويۇلۇپ قالماستىن، بەلكى بىنەم ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ۋە سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ غايەت زور رو-لىنى جارى قىلدۇردى.

1991 - يىلى شەھەر ئۈستىگىنىڭ زاكۇسى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايىغىدىن ئىككى يېرىم كىلومېتىر يەرنى چاپىدىغان ئىش چىقتى. بۇ يەر كەڭلىكى 60 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ يېرىم مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە چېپىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشنى ماشىنا كۈچى بىلەن قىلىش ياكى ئادەم كۈچى بىلەن قىلىش مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش - تارتىش بو-لىدۇ. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى بۇ ئىشنى ماشىنا بىلەن قىلىمىز دەيدۇ. ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسى بۇ ئىشنى ئادەم كۈچى بى-لەن قىلمىسا سۈپەتلىك ئورۇندىغىلى بولمايدۇ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەنلا نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇ چاغدا، ناھىيە-لىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇربان مەيدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئەگەر بۇ ئىشنى دېھقانلار قول بىلەن قىلسا بىر نەچچە ئاي كېتىدۇ، ئاشۇغىچە ئۇلار نەدە ياتىدۇ، نېمە يەيدۇ؟ بىز ئۆتكەندە سۇ قۇرۇلۇشى قىلىمىز دەپ دېھقانلارنى ھاشارغا ھەيدەپ بىزار

قىلىۋەتتۇق ، ئۇلارنى يەنە بۇ ئىشقا سالساق ، قاچۇرۇپ قويىمىز . ئەڭ ياخشىسى ، بۇنى ماشىنا بىلەن قىلايلى ، بۇنىڭغا بىزنىڭ كۆچىمىزيېتىدۇ!» دەيدۇ .

بۇ ھەقتە دېھقانلارمۇ قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ يۈرۈشكەن ئىدى . بەزى دېھقانلار ھاشاردىن ۋايىساپ : « بىز مارالبېشىدا تۇرالمايدىغان ئوخشايمىز ، 60 مېتر كەڭلىكتىكى توپا - شېغىلنى قاچان يۆتكەپ بولىمىز ؟ ئەڭ ياخشىسى ، يۇرتتىن چىقىپ كەتمىسەك ، بۇ ئىشتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز ! » دېيىشىدۇ .

بۇ پاراڭلار ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . ئۇلار ھەر تەرەپلىمە ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇپ ، بۇ سۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئاخىر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا بېرىدۇ . ئۇلار بىر كۇب مېتر توپا قېزىشىنى 80 پۇڭدىن كۆتۈرە ئېلىپ ، ئىشنى باشلىۋېتىدۇ . بۇنىڭغا 45 تراكتور ۋە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قاتناشتۇرۇلىدۇ . قۇرۇلۇش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ، سۈپەتلىك ئورۇندىلىدۇ . بۇنى كۆرگەن دېھقانلار خۇشال بولۇپ ، ئۆزلىرىنى جاپالىق ئەمگەكتىن ئازاد قىلغان تراكتورچىلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ ھەمدە مېۋە - چېۋە ، نان ، قېتىقلارنى شوپۇرلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىدۇ ، ھەتتا بەزىلەر خۇشاللىقىدا : « بىر كۇب مېتر توپا قېزىش 80 پۇڭدىن بوپتۇ ، بۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان بولسىمۇ ، كېمىنى بىز تولۇقلاپ بېرەتتۇق » دېيىشىدۇ . ھەيۋەتلىك ماشىنا ئەترىتى بۇ زور ، جاپالىق ۋەزىپىنى بىر ئايدا تولۇق ،سۈپەتلىك ئورۇنداپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ .

1992 - يىلى ئۇلار يەنە 167 مېتر كەڭلىكتىكى شور كۆل سۇ ئامبىرىنىڭ چۆشۈرگىسىنى چاپىدۇ . بۇ ۋەزىپە 95 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن 45 كۈندە ئورۇندىلىپ بولىدۇ . ئەمما چۆشۈرگە چېپىلىپ بولۇپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلكۈن كېلىدۇ . ئەگەر بۇ ۋەزىپە ماشىنىلار ئارقىلىق قىلىنىپ مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتمىگەن بولسا ، 10 مىليون يۈەنگە پۈتكەن يېڭى چۆشۈرگە زاكۇسى ۋەيران بولۇپ ، دۆلەتكە ، خەلققە 10 مىلي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـسون يوەن زىيان بولغان بولاتتى . بۇنى كۆرگەن ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە دېھقانلار « ئەگەر بۇ ئىش ماشىنا بىلەن قىلىنمىغان بولسا ، زاكۇنى سۇ ئېلىپ كېتىپ مارالبېشىنى سۇ بېسىپ كېتەر ئىكەن . ئەمدى سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىمۇ ماشىنا بىلەن ئىشلىسەك بولىدىكەن ! » دېيىشىدۇ .

بۇنداق جانلىق ، ئەمەلىي پاكىتلار مارالبېشى خەلقىنىڭ ئېڭىدا ، ھەرىكىتىدە زور بۇرۇلۇش ياسايدۇ . ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ، بېيىپ روناق تېپىشنىڭ ، ھالاۋەتلىك ، ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ھەقىقىي پاكىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ !

بۈگۈنكى كۈندە ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ پايانسىز ، قەدىمكى بوستانلىقتا ئاشلىق بىلەن پاختا ئامبارلارغا لىق تولغان ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇرىدىغان جۇشقۇن بىر مەنزىرە بارلىققا كەلدى . بۇ مەنزىرە مارالبېشى خەلقىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يولىدا تۆككەن ھالال تەرى بەدىلىگە بارلىققا كەلگەن ، ئەلۋەتتە . دولان ئەجدادلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق گۈللەپ ياشنىغان بۇ قەدىمكى بارچۇق دىيارى بۈگۈن مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ گۈلدۈرلەپ چىقارغان ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ جانلىنىپ ، تېخىمۇ ئويغىنىپ ، زامانىمىزنىڭ تەرەققىيات سەپىرىدە ئۆزىگە خاس رەڭدار ۋە ھەيۋەتلىك ناخشىسىنى ياڭرىتىماقتا !

1996 ـ يىل ئاۋغۇست ، قەشقەر

# ئوتتۇز يىللىق مېھىر - مۇھەببەت

## مۇقەددىمە

1994 - يىل ، ئالتۇن كۈز !

مۇقام يۇرتىدا خۇشاللىق ناۋاسى ياڭرىدى .

خەلق غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمدى ، دېھقان ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىدى .

قايناق تۇرمۇش مېلودىيىسى گويا بۇ يۇرتنىڭ قەدىمكى ، گۈزەل باغچىسىدا قەد كۆتۈرگەن خانىش ئامانىساخاننىڭ سەلتەنەتلىك ھەيكىلىنى ئويغىتىۋاتقاندەك ، قولىدىكى ساتاردىن ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن مۇڭلۇق ، يېقىملىق كۈيلەرنى ياڭرىتىشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى !

شۇنداق ، يەكەن ناھىيىسى بۇ يىل مۇشۇنداق تەنتەنىگە ، شادلىققا چۆمۈشكە ھەقلىق ئىدى . يەكەن ناھىيىسى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا 1 مىلىيون دەنىدىن زور ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، دۆلەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى .

يەكەن خەلقى بۇنداق مۇشكۈل ، شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىدى . ئۇلار يەر بىلەن ئېلىشتى ، ئاسمان بىلەن كۈرەش قىلدى ، نى - نى كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى ، نى - نى خاسىيەتلىك ھېيت - بايراملارنى ئېتىز - ئېرىق ئۈستىدە ئۆيىندى .

www.uyghurkitap.com

ئاخىر ئۇلارنىڭ تۆككەن ھالال تەرگە، سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرىگە يارىشا، سېخىي تەبىئەتمۇ ئۆز ھالاۋىتىنى كۆرسەتتى.

90 ـ يىللار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل، يەكەن ناھىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت بولدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنىڭ تېزلىتىلىشى ئۇلارغا پۇرسەت، ئامەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇلار يىلدىن يىلغا يۇقىرى ئۆرلىدى، يىلدىن يىلغا روناق تاپتى، يىلدىن يىلغا بېيىدى. خەلق پارتىيىگە رەھمەت ئېيتتى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىدىن رازى بولدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ خاسىيىتىنى كۆردى.

بۇ ھال يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، يۇرت ئۈچۈن ئىشلەشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىپ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە يۇرتنىڭ قىياپىتى، مۇھىتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتكەن، يۈكسەلدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق يىغىنلىرىدا قەيت قىلىنغان مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1992 ـ يىلى ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 881 مىليون 976 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن %11.6 ئاشقان؛ چارۋىچىلىقتا، يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇقى 900 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن %5.9 ئاشقان؛ دېھقانلارنىڭ ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 671 يۈەن 81 پۇڭغا يېتىپ، 1991 ـ يىلدىكىدىن %3.3 ئاشقان. 1994 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارت 68 مىليون 858 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن

17.5% ئاشقان؛ چارۋىچىلىقتا يىل ئاخىرىدىكى قوتان قالدۇقى 1 مىليون 1000 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 5.4% ئاشقان؛ دېھقانلارنىڭ ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 830 يۈەن 43 پۇڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 125 يۈەن 16 پۇڭ ئاشقان. 1995 - يىلى چارۋا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5% ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 933 يۈەن 32 پۇڭغا يەتكەن.

بۇ نەتىجىلەر ھەر يىلى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە، ئوخشاشمىغان كۆلەمدە بولۇپ تۇرىدىغان تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، كەلكۈن، مۆلدۈر، ئۈششۈك، بوران، زىيانداش ھاشارات قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش، ئۈزلۈكسىز ئېلىشىش، ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا قولغا كەلگەن. ئۇلار بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت، كۆرسەتكۈچ ئېنىق بولغان، جازالاش - مۇكاپاتلاش ئېنىق بولغان، خېيىم - خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان يەتتە پەن - تېخنىكا ھۆددىگەرلىك گۇرۇھىنى تەشكىللەش شەكلى ئارقىلىق، بۇغداي بىلەن قوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش، توننىلىق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىش، پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش قاتارلىق سىستېما قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. تەدبىرلەر چىڭ تۇتۇلغاچقا، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تۆۋەن، ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىق سەۋىيىدىن ئوتتۇرا، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. نەتىجىدە، ناھىيە بويىچە سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇش، ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش، ئىجتىمائىي مۇھىت ياخشىلىنىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن يىلغا يۇقىرى ئۆرلەشتەك خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يەكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھىيىنى 1991 ـ يىلى « مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە » بولۇپ باھالىنىپ ، گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن .

1991 ـ يىلى « مەملىكەت بويىچە چوڭلار مائارىپى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە » بولۇپ باھالانغان .

1992 ـ يىلى « مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە » بولۇپ باھالانغان .

1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ ئىنشائاتى بويىچە « تەڭرىتاغ لوڭقىسى » ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە « تۆمۈر بۇقا لوڭقىسى » نى تالىشىش مۇسابىقىسىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغان .

1992 ـ يىلى « ئاپتونوم رايون بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن .

1994 ـ يىلى پاختىنا ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ تەقدىرلەنگەن .

1994 ـ يىلى « مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك 110 ناھىيىنىڭ بىرى » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن .

1995 ـ يىلى « يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە » بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان .

مەن يەكەن ناھىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە شەرەپلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ، 1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى غوپۇر ھاشىمنى ئالاھىدە زىيارەت قىلدىم ، مەن بۇ نەتىجىلەر ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشىمغىلا ئۇ ماڭا ناھايىتى ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق قىلىپ : « خىزمىتىمىزدە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ ، لېكىن بۇ نەتىجىلەر دەۋرنىڭ ، خەلقنىڭ تەلىپىدىن خېلى يىراق . بىز ھازىر ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز ، ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلەر ناھايىتى ئېغىر ، مۇشكۈل ھەم ناھايىتى شەرەپلىك . بىز زور تارىخىي مەسئۇلىيەت بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى 565 مىڭ ھەرمىللەت خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق . بىز چوقۇم پارتىيە ، دۆلەت ۋە

ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بو-
لۇپ، ناھىيىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ كۈتكەن
ئۈمىدىنى ئادا قىلالايمىز » دېدى.

ھاكىمنىڭ بۇ سۆزىدىن كەمتەرلىك، سەمىمىيلىك چىقىپ
قالماستىن، يەنە قىزغىنلىق، ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ھاكىمنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم: « ھەرقانداق بىر ئىشتا نەتىجە يا-
رىتىش، شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماھىر تەشكىلاتچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش، نەمۇنە
تىكلەشكە ئىرادە باغلىغان باشلامچىنىڭ بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. كىم باش
كۆتۈرۈپ چىقسا، شۇ قۇياش، ئاي، چولپان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن
مۇستەھكەم ئىرادە، كۈچلۈك جاسارەت ۋە ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسەت
كېرەك - تە، ئەلۋەتتە. »

قاراڭ! يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى — 52 ياشلىق، ئوتتۇرا
بوي، يۇمىلاق يۈز، قاڭشارلىق، كۆزى ئۆتكۈر ئادەم ئەنە شۇنداق ئالغا
ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، ئىرادىلىك، جاسارەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك،
تەدبىرلىك ئادەملەرنىڭ بىرى.

مەن 1996 - يىل 8 - ئايدا يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزا -
قىشلاقلىرىغا، كەنت - مەھەللىلىرىگىچە بېرىپ زىيارەت قىلىش جەريا-
نىدا، دېھقانلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، تىجارەتچىلەر ۋە
شوپۇرلاردىن غوپۇر ھاشىمنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن
مەدھىيىلەرنى ئاڭلىدىم.

ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە قالدۇرغان ھەربىر
ئىش - ئىزلىرى خۇددى پايانسىز قۇملۇقتا چېچىلىپ ياتقان ئۈنچە -
مەرۋايىتلاردەك چاقنايتتى. بىز بۇ ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بىر يەرگە
يىغىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك مەنزىرىلەر
بارلىققا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## سالام ، زەرەپشان !

بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى ، غوپۇر ھاشىم بىر چامادان بىلەن يوتقان - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ بۇ ناھىيىگە كەلگەندە بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ، ئاق سېرىق چىرايىدىن ياشلىق كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر يىگىت ئىدى . ئۇ 1965 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، ئۆز تەلىپى بىلەن يىراق ، جاپالىق يەرلەردە ئىشلەش ئۈچۈن بۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن . ئۈرۈمچىدىن قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سەككىز كۈندە بۇ ناھىيىگە كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن بۇ يەرنىڭ يىراق ھەم جاپالىق جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

بۇ يەر ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ، تاغلىرى ياپيېشىل ، يايلاقلىرى گۈلگە پۈركەنگەن ، سالقىن ، خۇش ھاۋالىق ئالتايغا ئوخشاشمايتتى . لېكىن ، ئۇ بۇ ناھىيىگە كەلگەن ئىكەن ، تېزلا بۇ جاپالىق يەرگە كۆنۈپ قالدى . بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى . چۈنكى ، ئۇمۇ بۇ قەدىمكى دىيارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شان - شۆھرىتىدىن پەخىرلىنىدىغان ، سەلتەنەتلىك مۇقام كۈيلىرىنى ئاڭلىسا ، يۈرەك تارلىرى تىترەيدىغان ، ۋۇجۇدى ئېرتىش دەرياسى بىلەن زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئالتۇن چايقاپ ئاقىدىغان ئەركەك سۈيىدىن يۇغۇرۇلغان ، قان تومۇرىدا ئەجدادى بىلەن ئانا تۇپراقنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئۇرغۇپ ئاقىدىغان ئۇيغۇر ئوغلى ئىدى .

قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆرىدىغىنى ھامان ئۆزىنىڭ كىچىككىنە سايىسى بولىدۇ ، خالاس ! قۇياشقا — بۇ ئۇلۇغ رېئاللىق بىلەن ئۆچمەس ھەقىقەتكە ئالدىنى قىلىپ تۇرغان ئادەملا كۆز ئالدىدىكى بىپايان زېمىننى ۋە شۇ زېمىن بىلەن تېنىمسىز ھەپىلىشىۋاتقان خەلقنىڭ جاپالىق ، ئەھمىيەتلىك ھەرىكىتىنى كۆرەلەيدۇ . بەخت بىلەن

بەختسىزلىك ، شادلىق بىلەن قايغۇ ، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ تېنىمسىز ھەرىكەتنى كۆرگەندىلا ، ئاندىن ئۇنىڭدا بۇ زېمىنغا ۋە بۇ خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ھۆرمەت - ئىززەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ .

يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان بۇ قەدىمكى دىيارنىڭ يەنىلا ھازىرقىدەك گۈزەل ۋە مۇنبەت تۇرۇشى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان زادىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بولغان . غوپۇر ھاشىمنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە ئەنە شۇ ئەجدادلارنىڭ جاسارەتلىك ، ئەقىل - پاراسەتلىك ئوبرازى نامايان بولاتتى ، قۇلاق تۈۋىدە ھەمىشە قەدىمكى زامان كارۋانلىرىنىڭ يېقىملىق قوڭغۇرىقى جىرىڭشىپ ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئەجدادلار ئۆز ۋاقتىدا كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇ زېمىننى ئاچقان ، گۈللەتكەن . ئەمدى بىزمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئۆلمەس روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بۇ زېمىننى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ ، ياياشات ، گۈزەل ماكانغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم . شۇ چاغدىلا ، بىز تارىختىمۇ ، كەلگۈسىگىمۇ يۈز كېلەلەيمىز .

بۇ ، ئىنقىلابىي خىزمەتكە ئەمدىلا كىرىشكەن يىگىتنىڭ ئارزۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىدى ! ئۇ شۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن « سالام زەرەپشان ! » دەپ يەكەنگە كەلگەن يىتى يەكەندە توپتوغرا 30 يىل تۇرۇپ قالدى . 30 يىل — ئىنسانلار تارىخىغا نىسبەتەن ئازغىنا ۋاقىت بولغىنى بىلەن ، بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، 30 يىل بىچىرىم بىر ئەرنىڭ يېرىم ئۆمرىگە تەڭ دېگەن گەپ . ئۇنىڭ ئالتۇندەك ياشلىق چاغلىرى مۇشۇ زېمىننىڭ تۇپراقلىرىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش بىلەن ئۆتتى ، ئوقۇتقۇچىلىق ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان غايىلىك كەسپى بولۇپ قالدى ؛ ئۇ يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ قايناق ئوچاقلىرىدا تاۋلاندى ، دېھقانلار بىلەن ھەمنەپەس ، تەقدىرداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆيىدە ئاقتى ، ئوتىدا كۆيدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە

www.uyghurkitap.com

جاپاكەش دېھقانلارنى نادانلىقتىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تۈنجى غايىسى، ئارزۇسى بىخ سۇرگەن ئىدى؛ ئۇ يەنە ئىككى قولى بىلەن بىنەم ئېچىپ، ئاشلىق تېرىپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئادەم ئۆزگەرتىشنىڭ شانلىق شەجەرىسىنى ياراتتى؛ كېيىن ئۇ كەنتنى تاشلاپ مۇنبەرگە چىقتى، بۇ يەردىمۇ ياش ئەۋلادلارنى بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. ئىش قىلىپ، ئۇ قەيەرگە تىكسە، شۇ يەرگە يىلتىز تارتىپ مېۋە بېرىدىغان سورتلۇق ئۇرۇقنەك، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكى بىلەن كۈچ - قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىپ، مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسكەن ھەيۋەتلىك چىناردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىدى. ئاخىرىدا رەھبەرلىك سەھنىسىگە چىقتى. بۇ سەھنە ئاددىي سەھنە ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ يەردىمۇ گاڭگىرىمىدى. ئۇ ئەمدى يەكەن ناھىيىسىنى، يەكەن خەلقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ ناھىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىلا بىلىش كۇپايە قىلمايتتى. بەلكى ئەجدادىنى، ئەۋلادىنى، تارىخىنى، ھازىرىنى، ھەربىر يېزا - كەنتىنى، ھەر بىر تاغ - دەرياسىنى ۋە ھەربىر دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھىنى بىلىش، چۈشىنىش، ئۇنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى ئېچىش كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى، بۇ يۇرتنىڭ 800 مىڭ 190 كىۋادرات كىلومېتىر يېرىنى بىرنەچچە قېتىم كېزىپ چىقتى؛ دەريالىرى بىلەن سىرداشتى، تاغلىرى بىلەن مۇڭداشتى. بارلىق زېھنىي كۈچىنى، ۋاقتىنى پارتىيە، خەلق بەرگەن خىزمەتكە قاراتتى.

قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان، جاپادىن ۋايسىمايدىغان، ئالغا ئىنتىلىدىغان ھەرقانداق ئىرادىلىك، سەمىمىي ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. غوپۇر ھاشىم پارتىيە، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى تۈرتكە دەپ بىلىپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىپ، 30 يىللىق ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ كەلدى. ئۇ، بۇ قەدىمكى دىيار ۋە بۇ ئاق كۆڭۈل خەلق بىلەن مانا شۇ تەرىقىدە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. 30 يىلدىن بېرى بۇ يەردىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ۋە كېيىن كەلگەن ياقا يۇرتلۇق كادىرلاردىن

32 سى ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قانداق كۆچىنىڭ بۇ يەردە 30 يىل تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ سو-ئالىمنى ئاڭلاپ بولۇپ:

« ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ھاياتىم يەكەندە ئۆتتى. يەكەن خەلقى مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، ئەتىۋارلىدى، ماڭا ئىشىنىپ ھوقۇق بەردى. مەن باشتىن ــ ئاخىر: يەكەننىڭ نېنىنى يېگەن، سۈيىنى ئىچكەن ئىكەنمەن، يەكەن خەلقى ئۈچۈن بەجانىدىل ئىشلىشىم، يەكەنگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىشىم كېرەك دېگەن ئىدىيىدە بولدۇم ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىشقا تىرىشتىم. يەكەن خەلقى ئىشلىگەن ئادەمنى بىلىدۇ، ئىشلىگەن ئادەمنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئارىسىغا ئالىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ » دەپ جاۋاب بەردى.

راست، ئەلنىڭ ئىشىنى قىلغان ئادەمنى ئەل ئۇنتۇمايدۇ! يەكەن خەلقى يىراقتىن كەلگەن ھالال نىيەتلىك بۇ ئوغلانىنى چىن يۈرىكىدىن ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇمۇ ياۋاش، ئەمگەكچان، جاپاكەش يەكەن خەلقىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشتىياق باغلىدى.

شۇ كۈنلەردە، غوپۇر ھاشىم بۇ كەڭ، قەدىمكى دىيارنىڭ قەيىرىگە بارسا، كىشىلەر ئۇنى تونۇيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھېچقانداق يەردە غېرىبلىق، مۇساپىرلىق ھېس قىلمىدى، ھەممە يەر ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى، ئۆز ماكانى، ھەممە ئادەم ئۆز قېرىندىشى بولدى. بۇلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى قانداقتۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان كىبىر كۆرسىتىش بولماستىن، بەلكى 565 مىڭ نوپۇسقا، 800 مىڭ 190 كۋادرات كىلومېترلىق زېمىنغا ئىگە بۇ يۇرتنىڭ ئۆز يۇرتى، ئۆز تۇپرىقى ۋە ئۆز خەلقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىن پەيدا بولغان سەممىي ئىپتىخارلىق ئىدى!

قىسقىسى، ھەيۋەتلىك زەرەپشان دەرياسى ئۆزىنىڭ ئالتۇن چايقاپ ئاقىدىغان پاك، ئەزكەك سۈيىگە ئۇنى چۈمۈلدۈردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاسارەت، مۇھەببەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇمۇ ئەزىم زەرەپشاننىڭ خۇددى ئالتايدىكى دولقۇنلۇق ئېرتىش دەرياسىدەك سۆيدى ...

## « رەھمەت ساڭا جاپالىق تۇرمۇش ! »

1973 - يىلى غوپۇر ھاشىمنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولدى. تەشكىل ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل كادىرلىقىغا يۆتكىدى. بۇ چاغدا جەمئىيەتتە بۇرژۇئا تەرەپبازلىقىنىڭ قالدۇقى تېخى تۈگىتىلمىگەن بولغاچقا، بازار تەۋەسىدىكى بەش باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. ئىككى تەرەپتىن تەشكىللەنگەن مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىمايتتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىمۇ تۇراقسىز بولۇپ، ھەركىم ئۆز دېيىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، چېچىلاڭغۇلۇق، باش - باشتاقلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش - ئوقۇش ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ، نورمال تەرتىپ بۇزۇلغان ئىدى. غوپۇر ھاشىم بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئىشنى ئالدى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلاشتىن باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تەلىم - تەربىيە بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغاتتى. ئۇ ئىنتىچىكە ۋە ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئاخىر ھەرقايسى مەكتەپتىكى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى رەتكە سېلىپ، مەكتەپلەردە نورمال ئوقۇتۇش - ئوقۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى 90 پىرسەنتتىكە يەتتى. ئەينى چاغدا مائارىپ سېپىدە بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ قولغا كېلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنى غوپۇر ھاشىمنىڭ خىزمەتتە ئاكتىپ، مۇناسىۋەتتە قىزغىن، سىياسەتتە سالماق بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1976 ـ يىلى پارتىيە ۋە خەلق يولداش غوپۇر ھاشىمغا يەنە بىر يېڭى ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ، ئۇنى ناھىيىدىن 98 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «چىنباغ» مەيدانىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. سىز «چىنباغ» دېگەن چىرايلىق نامنى ئاڭلاپلا، ئۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ بەك چىرايلىق باغ ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ! بۇ ناممۇ خۇددى بەزى سەت ئادەمگە چىرايلىق ئىسىم قويۇلۇپ قالغاندەكلا بىر ئىش! ئۇ يەر بولسا ئىسمى جىسمىغا لايىق بولمىغان بىر جاڭگال ئىدى. يازدا پىژغىرىم ئىسسىق، قىشتا قەھرىتان سوغۇق بولاتتى، سەللا شامال چىقسا، ئەتراپنى چاڭ ـ توزان قاپلاپ، ئادەم تىنىشقىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. پۈتۈن يەر شور، قۇم ئىدى ...

غوپۇر ھاشىم مانا شۇ يەرگە 1976 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 280 نەپەر ئادەمنى باشلاپ، ئىككى قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە چىقتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز بۇ يەردە بىنەم ئېچىپ، ئۆستەڭ چېپىش، ئاشلىق تېرىشلا بولماستىن، بەلكى ئاشۇ 280 نەپەر ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل تەبىقىدىكى مۇرەككەپ ئادەملەرنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ئىدى. شەھەر ـ مەھەللىلەردىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى بىكار تەلەپ، ئەمگەك بىلەن خوشى يوق ئادەملەر بولغاچقا، بۇلارنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى جاپالىق، مۇشكۈل ھەم ئازابلىق ئىدى. ئەينى چاغدا، غوپۇر ھاشىمنىڭ ئالدىدا ھەم يەر ئېچىپ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ھەم ئادەم ئۆزگەرتىشتەك پۇرسەت، سىناق، ئۈمىد ۋە قىيىنچىلىق مانا مەن دەپ تۇراتتى. پۇرسەتنى تۇتۇش، سىناقتا بەرداشلىق بېرىش، ئۈمىدنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ئىرادە ۋە جاسارەت بولسىلا كۇپايە قىلمايتتى، يەنە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جانلىق، كەسكىن تەدبىرلەرنىڭ بولۇشىغا توغرا كېلەتتى.

بۇ جاڭگاللىق قەيەرگە قارىساڭ شور، كۆچۈپ يۈرىدىغان قۇم ۋە توزۇپ تۇرىدىغان توپىلىق يەرلەر ئىدى، بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى غوپۇر ھاشىم بىر قاراپلا ھېس قىلدى. بۇ يەردە نەدىمۇ ياتىدىغان ئۆي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدىغان سۇ ، ماڭىدىغان يول بولسۇن . بۇنداق ئىكەن ، بۇ قاقاس يەردە ياشاش ، ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن ئۆي سېلىش ، ئۆستەڭ چېپىش ۋە يوللارنى ياساش كېرەك ـ تە ! ...

غوپۇر هاشىم ئىش باشلاشنىڭ تۈنجى كۈنى ئەتىگەندە ، كىشىلەرنى يىغىپ :

ـــ يولداشلار ، قېرىنداشلار ! بىز ئەمدى جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق بۇ قاقاس يەردە ئىگىلىك تىكلەپ ، چۆلنى بوستان قىلىپ ، يېمەك ـ ئىچمەكىمىزنى مول قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ . ئەزەلدىن مېهنەت قىلماي هالاۋەت كۆرگەن ئادەم يوق ! خەلقىنىڭ ، يۇرتىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ ئانا تۇپراققا قانچە تەر تۆكسەك شۇنچە ئەرزىيدۇ ! ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ هالال مېهنىتى بىلەن ئۇلۇغ ! مېهنەتسىز هاياتنى هايات دېگىلى بولمايدۇ . مېهنەتسىز ئادەم تىرىك ئۆلۈك ! ... ـــ دەپ بارلىق كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىدۇ ۋە ئىلهاملاندۇرىدۇ .

بۇ سۆزلەر خېلى نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر قىلىدۇ . ئۇلار شە- هەردە ئەمگەك قىلماي ، لاغايلاپ يۈرۈپ ، ئاچ ـ توق قالسىمۇ زارلانمايدىغان كىشىلەر بولسىمۇ ، لېكىن تەشكىل ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ چىققان ئىكەن ، ئىشلىمەي بولمايتتى ، شارائىتنى كۆرۈپ زارلانسىمۇ ، قاقشىسىمۇ مۇشۇ زېمىندا كۈن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى .

غوپۇر هاشىم پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىپ ، بىر گۇرۇپپىنى گەمە كولاشقا ، يەنە بىر گۇرۇپپىنى ئۆستەڭ چېپىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . گەمە كولايدىغانلار گەمە كولاشقا ، ئۆستەڭ چاپىدىغانلار ئۆستەڭ چېپىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ . ئەمگەك جاپالىق ، شارائىت ناچار بولسىمۇ ، كىشىلەر ئۆز تىرىكچىلىكى ئۈچۈن خېلى كۈچەپ ئىشلەيدۇ . بىر نەچچە كۈن ئىچىدە كەڭ ـ كۇشادە يېتىپ ـ قوپقۇدەك چوڭ ـ كىچىك گەمىلەر كولىنىدۇ ، ئاشخانا سېلىنىدۇ ، 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىلىدۇ . بۇ جەرياندا جاپامۇ يەتكۈچە بولىدۇ ، ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلى چاڭ ـ توزان چىقىرىپ ، يۈزگە يىگنە

سانجىغاندەك ئۇرىدۇ، كۆزگە توپا كىرىدۇ، يۈزلەر يېرىلىدۇ، شور چاپ-
قاپ كەلگەن تۇزلۇق سۇ كالپۇكلارنى گەز باغلىتىپ، قورساقلارنى
غولدۇرلىتىدۇ.

بۇنداق جاپالىق، ئېغىر ئەمگەككە، شارائىتقا ھەممىلا ئادەم
بەرداشلىق بېرەلىگىنى يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمگەككە چىدىماي
شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ، بەزىلەر يارىلىنىدۇ.

لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ غوپۇر ھاشىم ئىككىلىنىپ قال-
مايدۇ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ، ھەر قانداق ئىشتا جاپادا
ئالدىدا، راھەتتە ئارقىدا تۇرىدۇ، باشلامچىلىق بىلەن ئەمگەك قىلىدۇ، يا-
مان دەپ نامى چىقىپ قالغانلارنى تەربىيىلەشتە سەۋرچان بولىدۇ، ئۇلارغا
قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، سىلىق گەپ قىلىپ، ئۇلارنى قايىل
قىلىدۇ. ئادەملەرنى ھەرقايسىسىنىڭ ئىقتىدارى، ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ ئىشقا
قويۇپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۇلار ئىككى قولىغا تايىنىپ بىنەم ئېچىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئالىي ئىشلەپچىقىرىش قورالى غالتەك بىلەن كەتمەن، ئالىي قاتناش
ۋاسىتىسى ئېشەك ئىدى. ئەينى چاغدا ئاددىي ئەمگەك قوراللىرى ئارقىلىق
بۇ يەرنى ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈش ھەققىقەتەن ئاسانغا
چۈشمىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئادەملەرنىڭ قى-
يىنچىلىقلارنى يېڭىشى ئۈچۈن، ماھىر تەشكىلاتچىنىڭ بولىشىلا كۇپايە
قىلمايتتى، بەلكى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۈلگە بولۇشى زۆرۈر ئىدى. چۆلنى
بوستان قىلىش يولىدىكى بۇ ئەمگەككە غوپۇر ھاشىم ئۆزى ئۈلگە بولىدۇ،
كەتمەن چېپىپ قوللىرى قاپىرىپ كېتىدۇ، كېچىلىرى سۇ ياقىلايدۇ، سۇ
يار ئېلىپ كەتسە، سۇغا ئۆزى چۈشۈپ سۇنى توسۇپ، لاي ئاستىدا جې-
نىدىن ئايرىلغىلى تاس قالىدۇ، باشقىلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇ
باشقىلارنىڭ ئامانلىقى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، كۆزەتچىلىك قىلىدۇ،
گەممۇ گەمە يۈرۈپ، كىشىلەرنى يوقلايدۇ، ھەر قانداق جاپالىق ئىشلاردا
تەرسا، دودەن، بەغەرەز ئادەملەر بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ، ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەربىيىلەيدۇ، ئۇلار بىلەن ئېتىز بېشىدا دۇم يېتىپ - دۇم قوپۇپ، لاي سۇ ئىچىپ، زاغرا يەپ، مەن كادىر دەپ كىبىر كۆرسەتمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەشتەك ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئويغىتىدۇ. ئۇ جاپا - مۇشەققەتنى بولۇشىغا تارتقاچقا، ئورۇقلاپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبى ئوتلۇق، ۋىجدانى پاك تۇرىدۇ.

تووۋا، ئۇ نېمىشقىمۇ بۇنداق ئىغىر، جاپالىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋالغان بولغىيتتى؟ بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. ئۇ تۇرمۇش ياشاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، تۇرمۇشتا باشتىن - ئاخىر مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ بولىدىغانلىقى، ياشىغاندا راھەتمۇ كۆرىدىغانلىقى، ئازابمۇ تارتىدىغانلىقى، خۇشاللىقنىمۇ كۆرىدىغانلىقى، خاپىلىقنىمۇ تارتىدىغانلىقى، ھاياتنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. يەنە كېلىپ ئەينى چاغدا غوپۇر ھاشىم ھەر قانداق ئىشتا شەخسىي مەنپەئەتنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقان ئىدى.

مەن غوپۇر ھاشىمنىڭ خالىس، شەخسىيەتسىز بولۇشتەك بۇ پەزىلىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «چىنىباغ» مەيدانىنىڭ سابىق ئامبارچىسى ئابلىز ئوبۇلنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى ئىشلارنى ئەسلەپ:

«ئۇ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ھازىر مەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن! ئىشقىلىپ، شۇ كۈنلەرنى كۆرمىگەن ئادەم شۇ چاغدىكى تۇرمۇشنىڭ تاتلىق ياكى ئاچچىقلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇ كۈنلەردە بىز ئاجايىپ قەيسەر، جاسارەت بىلەن ئۆتكەن ئىدۇق. ئادەم بەئەينى تۆمۈرگە ئوخشايدىكەن، ھەر قانداق قاتتىقچىلىققا چىدايدىكەن! ئەگەر بىز شۇ چاغدا تۇرمۇشنىڭ تاتلىق بولۇشىنىلا ئويلىغان بولساق، شۇ چاغدىكى قىيىن تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتۇق! بۇ سىناقتىن بىزنى غوپۇر ھاشىم غەلىبىلىك ئۆتكۈزدى. دەسلەپكى يىللاردا بىز گەمىدە يېتىپ - قوپتۇق، زاغرا يېدۇق، ئوماچ ئىچتۇق، ئوتياش ئورنىغا ياۋا پىياز بىلەن بىدە يېدۇق. قىش كۈنلىرى سۇ

بولمىغاچقا، بىر نەچچە كىلومېتىر يەردىن مۇزنى ئېشەككە ئارتىپ كېلىپ ياكى ئادەملەر كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ ئېرىتىپ ئىچەتتۇق. قىش كۈنلىرى يەرگە توڭ ياتقۇزساق، ئۆستەڭدىكى مۇزنى سۇغا كىرىپ چوقۇپ سۇ ئېلىپ كېلەتتۇق. غوپۇر ھاشىم ھەر يىلى قىشتا ئاشۇ دېھقانلار بىلەن بىللە مۇزلۇق سۇغا كىرىپ مۇز يارغان. ياز كۈنلىرى سۇ تۇتۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ھەممە يەر قۇم، شور بولغاچقا، سۇ ئاسان يار ئېلىپ كېتەتتى. چاشقانلار قىرلارنى كولاپ كامار قىلىۋەتكەچكە، ئېرىقتا سۇ كەلگەن ھامان سۇ چىقىپ كېتەتتى. ھەر ئون قەدەم ئارىلىقتا بىردىن ئادەم تەشكەككە قاراپ تۇراتتى، تەشكەك چىقسا، شۇئان تەشكەكنى ئېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئاشپەزلەر ئەكەلگەن زاڭ ياكى ئوماچنى كەتمەنگە ئېلىپ، ئېرىق بويىدا ئۆرە تۇرۇپلا ئىچەتتۇق. بۇ ئىشتىمۇ غوپۇر ھاشىم بىزگە باشلامچى بولاتتى. بىر قېتىم ئېرىقتا سۇ جىق كەلگەچكە، ئېرىق يار ئېلىپ كەتتى، غوپۇر ھاشىم دەرھال ئۆزىنى يارغا ئېتىپ، بەدىنى بىلەن سۇنى توستى، بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىدۇق، كېيىن ئۇنى لايىنىڭ ئاستىدىن ئاران تارتىپ چىقاردۇق. قارىساق تىنىقى پەسلەپ، ھالىدىن كېتىپتۇ. بۇنداق ئىش ئۈچ قېتىم يۈز بەردى. نۇرغۇن ئادەملەر «غوپۇر ھاشىم بۇ مەيداننى مەيدان قىلالمايدۇ، ئۇ يەر ئاخىر ئاشۇ يولدىن چىققان ئادەملەرنىڭ جىنايەت ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ!» دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن غوپۇر ھاشىم قەتئىي ئىرادىسى، ئېسىل خىسلىتى، قەيسەر روھى بىلەن ئاخىر ئۇلارنى تەربىيىلەپ، مەيداننى مەيدان قىلدى. بىزنىڭ ئۇ يەردە ئىشلىگەن ۋاقتىمىز دەل مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلەتتى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ غوپۇر ھاشىم ئاشۇ مۇرەككەپ ئادەملەرنى مۇقىم تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى. مۇقىملىق جەھەتتە، ئۇ جەمئىيەتكە زور تۆھپە قوشتى.

ئابلىز ئوبۇلنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەم ئاچچىق ئەسلىمە، ھەم چوڭقۇر ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى.

دېگەندەك، مېھنەتنىڭ مېۋىسى، جاپانىڭ راھىتى بولدى، شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلىنلا ئۇلار 300 مودەك بىنەم ئېچىپ، ئاشلىق تېرىدى، ئورمان قويدى، چارۋا باقتى. 1977 ـ يىلى بۇ غدايىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 460 جىڭغا يەتتى، 37 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىندى، بىر كور-پۇس ئۆي سېلىندى. قوي 300 تۇياقتا، كالا 50 تۇياقتا، ئات 30 تۇياقتا، ئېشەك 20 گە يەتتى. 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ يەر ئاشلىق، چارۋىدا ئۆزىنى قامدايدىغان ئىسمى جىسمىغا لايىق چىنباغ مەيدانىغا ئايلاندى. 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يەردە ئۈستەك چېپىلىپ 5000 مودەك بىنەم يەر ئېچىلدى. ئاشلىق ۋە چارۋىدا ئۆزىدىن ئېشىنىپ، دۆلەتكە سېتىپ بېرى-دىغان، شەھەر خەلقىنى «مەيدانىڭ تاتلىق قوغۇنى» شېكەر پەلەك بىلەن تەمىنلەيدىغان ھالغا يەتتى.

بۇ، جاپالىق ئەمگەك، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ تاتلىق مې-ۋىسى. ھايات سەپىرىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ. پەقەت خەتەردىن، ئەگرى ـ توقايلىق، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمايدىغان ئادەملا ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ بارالايدۇ ـ دە، ھاياتلىقنىڭ گۈزەل ۋە تاتلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ!...

بۇ ھېسسىيات غوپۇر ھاشىمدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن بارلىق دېھقانلاردىمۇ ئوخشاشلا پەيدا بولغان ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىدى. كۈچلۈك ئىرادىدىن پەيدا بولغان گۈزەل مەنزىرىنى كۆردى، ئۆز مېھنىتىدىن، ئەقىل ـ پاراسىتىدىن پەخىرلەندى!

بۇنداق گۈزەل، باياشات مەيدان تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش بىلەن قولغا كېلىپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىسىدا قولغا كەلدى.

1977 ـ يىل 5 ـ ئايدا تونەك بولغان ئىدى. مەيدان ئەزالىرى «ئۈچ كۈنگىچە ئۆزىمىز تونەيمىز!» دەپ تۇرۇۋشۇۋالدۇ. بۇ ئىش غوپۇر ھاشىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسە، بىرەر چاتاق چىقىش تۇرغانلا گەپ ئىدى، ئىختىيارىغا قويۇ-

ۋەتـمـسـە ، ئۇلارنـىـڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتەتتى . ئاخىر ئۇ ئەپلىك بىر چـارىـنـى تېپىپ چىقتى . بۇ چارە بويىچە تۇنىگەندە ، ھەم ئۇلارنىڭ تەلـ پـىـنـى قـاندۇرغىلى ، ھەم بىرەر چاتاق چىقىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى . ئۇ مـەيـدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر چېدىر تىكتۈرۈپ ، مەيداندىكى بارلىق ئەزالارنى شۇ يەرگە يىغدى ھەمدە ئۈچ كۈنگىچە ياخشى يېمەك ـ ئىچمەك بـىـلـەن تـەمـىـنـلـەيدۇ ،ئۇ مۇشۇ ئۈچ كۈنگىچە دېھقانلار بىلەن بىللە تاماق يـەيدۇ ، بىللە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ، بىر ـ بىرى بىلەن سىردىشىش پا- ئالـىـيىتىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ ، تەسىرلىك ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىپ ، ئۇلارغا روھىـي مەدەت بېرىدۇ . ئۇلار بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، ھاياجىنىنى بـاسـالـمـاي ، ئۇنـىـڭـغـا قـىـزغىن ئالقىش ياڭرىتىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئـىـلـگـىـرى ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قالغان قىمارۋاز ، ئوغرى ، لۈكچەكلەر غوپۇر ھاشىمنى ئۆز ئادىمىدەك كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى سـىـرىـنـى ئۇنـىـڭـغـا ئېـيتىدۇ ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ ، ئۇنىڭ كىبىرسىز ، كـىـچىك پېئىل خىسلىتىدىن ، كىشىلەرگە قىزغىن ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىـ دىـغـان چـىـقـىـشـقـاق تـەبـىـئـىـتـىدىن تەسىرلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا خـىـجىللىق ھېس قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئادەتلىرىنى تاشلاش ئۈچۈن بەل باغلايدۇ .

قاراڭ ! ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە ، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قـىـلـىـش ، بـىـر ـ بـىـرىـنـى چۈشىنىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادا غېرىبلىق ، مـىـسـكـىـنلىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلا بولۇپ قالماستىن ، يەنە كىشىلەرنىڭ كـۆڭـلـىـنـى ھەمـىـشـە ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ، بەخت ۋە ئۈمىدكە تولدۇرۇپ تـۇرىـدىـغـان ئۇلـۇغـۋار بىر ھېسسىياتنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىۋالىدۇ . بۇ ، قې- رىـنـداشلارچـە ، دوسـتلارچە ، سەمىمىي ھەم ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان مـېـھـىـر ـ مـۇھەببەت ! چۈنكى ، ئىنسان بۇ دۇنيادا مېھىر ـ مۇھەببەتكە مـوھتـاج ! بـۇ ، ئـىـنـسـانلار ئارىـسـىـدا كـەم بـولـسا بولمايدىغان ھاياتلىق ئۇچقۇنى ! غوپۇر ھاشىم مانا مۇشۇ ھاياتلىق ئۇچقۇنىنىڭ تەپتى بىلەن ئۆز ۋاقـتىدا مەيداندا بىللە ئىشلىگەن ئاددىي مەيدان ئەزالىرى بىلەن ھازىرغىچە

مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىدۇ، ئۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىدۇ، ئۇلارنى ھېيت - ئايەملەردە يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ 1994 - يىلى يازدا (ھاكىم بولغاندىن كېيىن)، «چىنباغ» مەيدانىغا خىزمەت تەكشۈرۈپ چىققاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى مەيدان ئەزاسى ئابدۇكېرىم مەنسۇرنى ئالاھىدە يوقلايدۇ. ئابدۇكېرىم مەنسۇر ئۇنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى پەدىسىدىلا: «غو-پۇر، ئەھۋالىڭ قانداق؟ بىرەر تال چېكىشمىدۇق، ئاتتىن چۈشكەن يېرى بار جۇمۇ؟» دەپ كۆرۈشكىنىچە ئىشكىنىڭ ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ:

— ئۆز ۋاقتىدا سەن مېنى مۇشۇ دەرەخكە ئېسىپ ئۇرغان ئىدىڭ، ئېسىڭدە باردۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئېسىمدە بار! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ غوپۇر ھاشىم ئوچۇق چىراي بىلەن، — ئۇ چاغدىكى ئەھۋال شۇنداق ئىدى، لېكىن ھازىر سېنى ئۇنداق ئۇرسام، قانۇن مېنى جازالايدۇ!

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دەپ ئىزاھ بېرىدۇ ئابدۇكېرىم مەنسۇر، — شۇ چاغدىكى تاياق مېنى ئادەم قىلغان، شۇ تاياقنىڭ شارا-پىتى بىلەن ھازىر ئوبدانلا ئادەم بولۇپ قالدىم!...

راست، ئابدۇكېرىم مەنسۇر ھازىر ئوبدانلا ئادەم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئوبدانلا باي بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىنەم ئېچىپ قوغۇن تېرىغان، چارۋا باققان، دەرەخ تىكىپ باغ بىنا قىلغان. ئۇ ھازىر ناھىيىلىك مەيداننىڭ سۇ كادىرى. ئۇنىڭ ھازىر بىر دانە شەخسىي توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 200 دىن ئارتۇق چارۋىسى، 20 مىڭ تۈپكە يې-قىن ئورمىنى بار. ئۇ يەنە، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن 200 مو بىنەم ئېچىپ، ناھىيىلىك مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ھازىرقى ناھىيىلىك مەيدان ئاشۇ يىللاردىكى چىنباغ مەيدانى ئاساسىدا قۇرۇلغان مەيدان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 850 دىن ئارتۇق ئادىمى، 20 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى بار. ئۇلار ھەر يىلى دۆلەتكە 600 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا پاختا ساتىدۇ، 400 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئېشىنچا ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ. ئۇلار

يەنە پۈتۈن ناھىيىنى سورتلۇق ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابدۇكېرىم مەنسۇرنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى؛ ئادەم ھاياتلىق يولىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن توسقۇنلۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتەلىسىلا، تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ!

كونىلار: «لايىنى چالا تەپسەڭ كوزا بولىدۇ، راسا تەپسەڭ جانان» دېيىشىدۇ. غوپۇر ھاشىمنىڭ قۇم - شور بىلەن قاپلانغان بۇ جاڭگاللىقتا غەلىتە - غەلىتە قىسمەتتىكى ئادەملەر بىلەن تۆت يىلغا يېقىن بىللە ئېلىپ بارغان جاپالىق، مۇشەققەتلىك كۈرىشى ئۇنى ھەقىقەتەن راسا پىشۇرۇپ، تاۋلاپ جانانغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا، ئۇ بۇ جاپالىق تۇرمۇشقا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

## ھاكىمنىڭ ئىش كۈنلىرى

### 1

غوپۇر ھاشىم 1993 - يىل 4 - ئايدا ھاكىملىققا رەسمىي سايلاندى. ئۇ ھاكىملىققا سايلانغان كۈندىن باشلاپ، مۇقەددەس بىر تارىخىي مەسئۇلىيەتنى، پۈتۈن ناھىيىدىكى 565 مىڭ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يۈك يەڭگىل ئەمەس ئىدى، بۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك جاسارەت ۋە پولاتتەك ئىرادە كېرەك!

كۆپ ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ مەنسىپىنىڭ ئۆسكەن ۋاقتى ئۇنىڭ تومان ئىچىگە تاشلانغان ۋاقتى بولىدۇ. بىر ئوچۇم خۇشامەتچىلەر، ساختىپەزلەر، پۇرسەتپەرەسلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى توماندەك ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى ئادەملەرنى، ياخشى ئىشلارنى كۆرسەتمەسلىككە ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇۋالماقچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سەزگۈر ۋە ئۆتكۈر بولسا، ئەتراپىنى ئورىۋالغان تومانىنى يېرىپ ئۆتۈپ، كىمنىڭ يامان، كىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ، يولدىن ئاداشمايدۇ!

www.uyghurkitap.com

غوپۇر ھاشىم ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئەتراپىنى ئورىۋالغان تۇ-
مانىنى يېرىپ چىقىپ كاللىسىنى سەگەك تۇتتى؛ كۆزى ئۆتكۈر بولدى.
بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ غەرەزلىك ماختاپ - ئۇچۇرۇشلىرىغا، چۆرىسىدە
ئېزىتقۇدەك يۆرگەنلەرنىڭ سىرلىق ئايلاندۇرۇشىغا ئەسرار بولۇپ
كەتمىدى، ئۇ ئادەملەرنى ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويدى، خىزمەتلەرنى
ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ سايلامدىن كېيىن، شۇ
قارارلىق ھۆكۈمەت بەنزىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق باش قوشۇش يىغىنىدا
مۇنداق دەيدۇ:

«ھازىر پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يېڭى
بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
پۇرسەت ۋە سىناق، ئۈمىد ۋە قىيىنچىلىق تەڭلا مەۋجۇت. بىز تارىخىي
مەسئۇلىيەت بىلەن ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى
زىممىمىزگە ئالدۇق. بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ، ئىككى قولدا ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئالغا
ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ
يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز لازىم!...»

ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆزى ئېيتقان مۇشۇ سۆزنىڭ قانداق
ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر نەچچە
يىلدىن بۇيانقى كۆزىتىشى، تەھلىل قىلىشى ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرگەنلىرى-
دىن قارىغاندا، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە، ئادەم ۋە خىزمەتلەردە
تېخىچە تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ بولمىغان
ئىدى. (1) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان
شەكىللىنىپ كەلگەن مەھسۇلات يېزا ئىگىلىكى، پىلانلىق يېزا ئىگىلىكى،
تاماق يېيىش يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت كونا قېلىپتىكى ئەنئەنىۋى قاراش.
ئەگەر بۇنداق كونا قاراشتىن قۇتۇلمىغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-

كىگە يۈزلىنىپ ، ئەلا سۈپەتلىك ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى ئىدىيىنى تۇرغۇزغىلى بولمايتتى . ( 2 ) « ئازراق بېيىپلا شۈكۈر قىلىش » ، « ئازراق ئىلگىرىلەپلا قانائەتلىنىش » تەك كونسېرۋاتىپلىق ئىدىيە ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان خىزمەت ئىستىلى . ئەگەر بۇنداق ئىدىيە ۋە ئىستىل ئۆزگەرتىلمىسە ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ قەلبىدە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەخىرسىز-لىك تۇيغۇسى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى تۇرغۇزغىلى بولمايتتى . ( 3 ) ئۆزىگىلا تايىنىپ ، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەرەققىي قىلىش-تەك رامكا - چۈشەكىلەر . ئەگەر بۇنداق رامكا - چۈشەكىلەر بۇزۇپ تاشلانمىسا ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ سىرتتىن تەكلىپ قىلىش ، سىرتقا چىقىپ شېرىكلىشىپ ئىگىلىك يارىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغىلى بولمايتتى . ( 4 ) نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش-قىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئوبوروتقا سەل قاراشتەك كونا ئىگىلىك كۆز قارىشى . ئەگەر بۇ خىل كۆز قاراش بۇزۇپ تاشلانمىسا ، بازار قۇرۇلۇشىغا ، بازارنىڭ يېتەكچىلىك رولىغا ئەھمىيەت بېرىش تۇيغۇسىنى شەكىللەن-دۈرگىلى بولمايتتى .

دېمەك ، ھازىر بەزى ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە يېتىشەلمەسلىك ، ئىدىيىدە دېگەندەك ئازاد بولۇپ كېتەلمەسلىك ، بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشى ھەقىقىي تىكلەنمەسلىك ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولماسلىقتەك مەسىلەر ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى . غوپۇر ھاشىمنىڭ نەزىرىدە ، ئەگەر بۇ مەسىلەرئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنمىسا ، ئىگىلىكنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغىلى ، ئىقتىسادنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرگىلى ، خەلقنى بېيىتقىلى بولمايتتى . بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى — پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيى-نىڭ ھۆججەتلىرى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قايتا ئۆگىنىپ ، ئىدىيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ئازاد قىلىش ، مېڭىنى يېڭىلاش ئارقىلىق ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارغا خاتىمە بېرىش ئىدى .

بۇ مەقسەتنى چىقىش قىلىپ كەڭ كادىرلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم ئۆگىنىش ئويۇشتۇرۇلدۇ ۋە مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلدۇ . بۇ ئىش ئۇلار-نىڭ ئىدىيىسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدۇ . ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى « كاپىتالىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ » دېگەن مەسىلىگە قارىتىپ « ئۆچكە پايدىلىق » بولۇشنى تەكىتلەش ، ئەمەلىي ئىشلەش تۇيغۇسى تۇرغۇزۇلدۇ . ۋەزىيەت كىشىنى ھەم خۇشال قىلاتتى ، ھەم تەقەززا قىلاتتى . غوپۇر ھاشىم بۇ ناھىيىنىڭ سۈيى ئەلۋەك ، زېمىنى مۇنبەت ، كان مەھسۇلاتلىرى كۆپ ، يەر بايلىقى مول بىر جاي ئىكەنلى-كىنى بىلەتتى . ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئازادلىقتىن بۇيانقى قىرىق نەچچە يىللىق تەرەققىيات ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان ئون نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق مەلۇم كۆلەمگە ۋە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغان ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 565 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىي قىلىش ، بېيىش ۋە ھاياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى . ئەگەر سىياسەت جانلىق ، تەدبىرلەر مۇۋاپىق بولىدىكەن ، بۇلار كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىش كۈچىگە ئايلىناتتى . مانا بۇ ئىجابىي ئامىللار غوپۇر ھاشىم كۆڭلىگە پۈككەن بۇندىن كېيىنكى غەلىبىلەرگە تولۇق ئىشەنچ ۋە غەيرەت بەخش ئېتەتتى .

غوپۇر ھاشىم ئاشۇ ئۇلۇغۋار پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىشقا ئا-شۇرۇش ئۈچۈن ، ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ : ( 1 ) تەرەققىيات سۈرئىتى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش . بۇنىڭدا ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئۆسۈش سۈرئىتى 12 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولماسلىق ; ( 2 ) يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش . بۇنىڭدا ، يېرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش ۋە ئەلالاشتۇرۇش

ئارقىلىق ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ نىسبىتىنى ئايرىم - ئايرىم 50 ، 20 ، 30 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش ، يېزىلاردا كىشى بې- شىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنىڭ يىللىق ئېشىپ بېرىشىنى 80 — 100 يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىش ؛ ( 3 ) سودا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش . بۇنىڭدا بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئوندىن كۆپرەك چوڭ تىپتىكى كەسىپلەشكەن بازار بەرپا قىلىش ؛ ( 4 ) ئىككىنچى ۋە ئۈ- چىنچى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش . بۇنىڭدا 9 - بەش يىللىق پىلان ئاخىرىدا ، ناھىيە بويىچە ئىككىنچى ، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقىنى 55 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋېتىش ؛ ( 5 ) يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا بۆسۈش ھاسىل قى- لىش . بۇنىڭدا ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ ، شارائىت يارىتىپ ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش . 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ، ناھىيىنىڭ يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، 80 مىڭ ئائىلىگە يەتكۈزۈش .

ئىدىيىنىڭ ئازاد بولۇشى ، كۆز قاراشنىڭ يېڭىلىنىشى ، قەدەمنىڭ بىرلىككە كېلىشى ، پىلان ، تەسەۋۋۇر ۋە تەدبىرلەرنىڭ جانلىق ، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشى غايەت زور ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى . مانا شۇ كۈچ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئى- تىنى قەدەممۇ قەدەم تېزلىتىپ ، ئۈنۈمنى بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتۈردى . بۇنىڭغا 1993 - يىلى ناھىيىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئو- مۇمىي قىممىتى 487 مىليون 110 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.8% ئاشقانلىقى ؛ 1994 - يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇ- مىي قىممىتى 604 مىليون 162 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.32% ئاشقانلىقى؛ 1995 - يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 955 مىليون 752 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.2% ئاشقانلىقى جانلىق مىسال بولالايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مانا شۇنداق تۈز سىزىق بويىچە ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىشى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە يۈكسىلىش ، گۈللىنىش ۋە جانلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . ۋەھالەنكى ، يېزا ئىگىلىكى- نىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ بېيىشقا قاراپ يۈزلىنىشى يەنە دېھقانلارنىڭ سېلىقنى ئېغىرلىتىۋېتىش ۋە بىھۇدە ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى كۆپەيتىۋېتىشتەك ناچار خاھىشلارنىمۇ پەيدا قىلىدۇ . ئەگەر بۇ خىل خاھىشلار تىزگىنلەنمەيدىغان بولسا ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ ، پار- تىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا نۇقسان يېتەتتى . بۇ جەھەتتە غوپۇر ھاشىم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە يوليورۇقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدۇ .

1991 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان سۇ ھەققى مەسىلىسىنى ناھىيە بويىچە بىر قېتىم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ، سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى بىلەن سۇ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ھەر بىر يېزا ئاھالىسىدىن يىلدا 200 يۈەندىن 300 يۈەنگىچە سۇ باشقۇرۇش قوشۇمچە خىراجىتى دەپ ئالىدىغان پۇلنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن سىرت ، بىر قىسىم يېزا - بازارلار ئارتۇق يىغىۋالغان 341 مىڭ 400 يۈەن سۇ ھەققىنى پۈتۈنلەي دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ .

1991 - يىلى يەنە ناھىيە بويىچە تۈرلۈك يوللار بىلەن نامۇۋاپىق يىغىۋېلىنغان 7 مىليون 492 مىڭ 600 يۈەن ھەق بىلەن ھەر خىل جەرىمانە شەكلىدە ئېلىنغان 18 مىڭ 700 يۈەن پۇلنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ، ئاخىرىدا قاتلاممۇ قاتلام چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ ئاممىغا ئۇقتۇرۇپ ، يىلى- نىڭ ئاخىرىغىچە 5 مىليون 661 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى دېھقانلارنىڭ قولىغا قايتۇرىدۇ ، قالغان قىسمىمۇ داۋاملىق قايتۇرۇلىدۇ .

1992 - يىلى دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى زور دە-

رىجىدە قىسقارتىپ، ئەر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەر يىللىق مەجبۇرىي ئەمگەك ئىش كۈنىنى 30 كۈن، ئاياللارنىڭكىنى 20 كۈن قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، دېھقانلارنىڭ 14 تۈرلۈك نامۇۋاپىق سېلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقى 18 مىليون 671 مىڭ يۈەن يەڭگىللەيدۇ. بۇ پۇل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يېزا نوپۇسىغا 43 يۈەن 85 پۇڭدىن توغرا كېلىدۇ.

1995 - يىلى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەنىمۇ يەڭگىللىتىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا 76 جىڭدىن چىگىت قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەنە شۇ يىلدا، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا چېتىشلىق بولغان 81 تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلايدۇ.

مەن كۆڭلۈمدە يۇقىرىدىكى سانلار بىلەن يېزا - كەنتلەرگە بارغاندا دېھقانلاردىن ئاڭلىغانلىرىمنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. بۇ سانلار ئەمەلىيەتتە، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلدى. مەن ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ دەردىنى، ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قوللانغان بۇنداق ئاقىلانە تەدبىرلىرىدىن سۆيۈندۈم. بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، دېھقانلارمۇ ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ خۇددى شەھەرلىككە، كادىرلارغا ئوخشاش بەختتىن، شادلىقتىن، ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن بەھىر ئالالايدىغان، لېكىن باشقىلار ئۈچۈن جاپا چېكىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راھەت دەپ بىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەم! ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ئىنتايىن مۇھىم! چۈنكى، بۇ تۇپراقتا ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى سىڭگەن، ھازىر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىمى ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى يەنە شۇ تۇپراققا سىڭدۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يەنە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئۈمىد - ئارزۇسى سىڭىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

داۋاملىشىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى، گۈزەللىكىنى مەڭگۈ نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

## 3

غوپۇر ھاشىم مائارىپ ئىدارىسىغا مەسئۇل بولغان ۋاقىتتا ياكى ھاكىم بولۇپ ناھىيىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ۋاقىتتا بولسۇن، باشتىن - ئاخىر مائارىپ خىزمىتىنى چىڭ تۇتىدۇ. ئۇ ھازىرقى دۇنيا رىقابىتىنىڭ يەن - تېخىمۇ رىقابەتچان ئىكەنلىكى، دۆلەتمىزنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى ئاساسلىق رىقابىتىمۇ يەن - تېخىمۇ رىقابىتى بولىدىغانلىقىنى، پەقەت پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىگەندىلا بېيىغىلى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كۈچەيگىلى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىملىك، ئىختىساسلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ يولى مائارىپتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتىدۇ. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ بارلىق مائارىپچىلارغا «ئوقۇتۇش سۈپىتى مائارىپنىڭ جېنى» دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. ئۆزى تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارغاندىمۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىدۇ. ئۇ يەنە «يەككە مائارىپى يەككەن خەلقىنىڭ مائارىپى، يەكەن مائارىپنى يەكەن خەلقى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. يەكەن خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپقا، پەن - تېخنىكىغا ۋە خەلقنىڭ مائارىپ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك!» دېگەن كۆز قاراشنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، بارلىق ساھەنى مائارىپنى تۇتۇشقا، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ. نەتىجىدە، يەكەن مائارىپى تولۇق قوللىغۇچىلارغا،

قىزغىن يېتەكچىلەرگە ئېرىشىپ ، ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قاراپ يۈزلەندى .

1991 ـ يىلى مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن ناھىيە مالىيىسىدىن 16 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى . بۇ ، پۈتۈن ناھىيە مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ . 1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ھەر يىلى مائارىپ ئۈچۈن دۆلەت ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەردىن بولۇپ 22 مىليون 971 مىڭ 206 يۈەن مەبلەغ سېلىندى . ھەر قايسى مەكتەپلەردە ئېلىپ بارغان ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 99.791 كۋادرات مېترغا يەتتى .

رەھبەرلىكنىڭ مائارىپنى مانا شۇنداق ئەمەلىي قوللىشى ، خەلقنىڭ ، جەمئىيەتنىڭ قىزغىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشى نەتىجىسىدە ، يەكەن مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلدىن يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىش نىسبىتىمۇ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ باردى .

1991 ـ يىلى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 465 نەپەر بولغان بولسا ، 1994 ـ يىلى 668 نەپەرگە ؛ 1995 ـ يىلى 741 نەپەرگە يەتتى . 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەن 100 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن 42 نەپەر ئوقۇغۇچى يەكەن ناھىيىسىدىن چىققان .

ناھىيىنىڭ چوڭلار مائارىپى خىزمىتى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتۇلۇپ ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە 15 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن ساۋاتلىق بولغانلار سانى 173 مىڭ 458 نەپەرگە يېتىپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتكەن . نەتىجىدە ، يەكەن ناھىيىسى 1991 ـ يىلى « مەملىكەت بويىچە چوڭلار مائارىپى خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە » بولۇپ باھالانغان .

كەسىپي تېخنىكا مائارىپىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تۇتۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 29 يېزا – بازاردا كەسىپي تېخنىكا مەكتىپى بولۇش، 504 كەنتتە تېخنىكا مەكتىپى ياكى ئوقۇتۇش نۇقتىسى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا ھەر قايسى يېزا – بازارلاردىن 1 مىليون 348 مىڭ 360 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

1995 – يىلى «يەكەن ناھىيىسىنىڭ 2000 – يىلغىچە بولغان مائارىپ مۇپەتتىش پىلانى» تۈزۈلۈپ، يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ۋە تۇراقلىشىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.7 پىرسەنتكە، تۇراقلىشىش نىسبىتى 97.8 پىرسەنتكە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 113 مىڭ 462 نەپەرگە يەتكەن.

مائارىپ سېپىدە قولغا كەلگەن بۇنداق زور، شەرەپلىك نەتىجىنى ئەلۋەتتە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت مائارىپچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىدىن، شۇنداقلا غوپۇر ھاشىمنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈپ، چىڭ تۇتقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشى مائارىپقا باغلىق. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلمايدىكەن، ئۇ ئەبەدىلئەبەد مەھكۇملۇقتا، نادانلىقتا، تۇرغۇنلۇقتا قېلىۋېرىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىن چىققان رەھبەرلەرنىڭمۇ كاللىسىدا زامانىۋى مائارىپ ئېڭىنىڭ بولۇش – بولماسلىقى، مەۋقەسىنى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىگە قويۇش – قويماسلىقى ئۇنىڭ ھازىرقى دۇنيانى بىلىشى، پەن – تېخنىكىنىڭ رولىنى چۈشىنىشى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن دەۋرنىڭ تەقەززاسىنى ھېس قىلالىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە باغلىق.

بۇ جەھەتتە غوپۇر ھاشىمنى مۇئەييەن مائارىپ ئېڭىغا، دەۋر روھىنى، كىشىلەر تەقەززاسىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنەلەيدىغان سەز-

گۆرلۈككە ئىگە ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئالى ۋە سەزگۈرلۈك بارلىق خىزمەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ ھاكىم بولغاندىن كېيىن، خىزمىتىنىڭ كۆپ ۋە ئالدىراش بولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن مائارىپ ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىق مەقسىتىدە، ھەر قېتىم تۆۋەنگە چۈشكەندە، ئۆزى ئۈچۈن «ئۈچنى يوقلاش»، يەنى ھەر قانداق يېزا - بازارغا بارغاندا: «بىر مەكتەپنى يوقلاش، بىر ئوقۇتقۇچىنى يوقلاش، بىر دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم مائارىپچىنى يوقلاش» تىن ئىبارەت تۈزۈمنى بېكىتكەن.

1985 - يىلى غوپۇر ھاشىم مۇئاۋىن ھاكىم ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مەلۇم بىر يىغىندا ئېيتقان: «خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەمسىتىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ!» دېگەن سۆزى شۇ ھامان ناھىيىدىكى مائارىپچىلار ئارىسىغا تارقاپ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشتىكى جانلىق چاقىرىققا ئايلانغان. بۇ سۆز مۇنداق بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان: 1985 - يىلى ئەتىيازدا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى مەلۇم يېزىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالغان. خەتتە يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ شەھەردىن ئېلىپ چىققان يېڭى ئۇننى كادىرلار بىلەن باشقا مەمۇرىي خادىملارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇ- چىلارغا ئامباردا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئۇننى بەرگەنلىكىدەك قىلمىشى پاش قىلىنغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان غوپۇر ھاشىم دەرھال ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، نەتىجىسىدىن ئۆزىنى خەۋەرلەندۈرۈشنى ئېيتقان. ئاشلىق ئىدارىسى دەر- ھال ئىككى نەپەر كادىرنى ھېلىقى يېزىغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە پاش قىلىنغان ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي راستلىقى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارغا بەرگەن ئۇننىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ، مىتە چۈشكەن ئۇن ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن، غوپۇر ھاشىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن مەسئۇللارغا يىغىن ئېچىپ: «بۇ قىلمىش خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى ماددىي جەھەتتىن كەمسىتكەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ

سەۋەبى يەنىلا كاللىدا ! ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەشكە بولىدۇكى، كەمسىتىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ ! بۇ مەسىلىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ، بىۋاستە جاۋابكارلىقى بار ئادەملەرگە لايىقىدا چارە كۆرۈپ، ئامىمىغا ئىبرەت قىلىشىمىز لازىم !» دەپ كەسكىن يوليورۇق بەرگەن. يوليورۇق ئۇزاققا قالماي ئەمەلىيلىشىپ، ھېلىقى ئاشلىق پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرگەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ناچار ئۇننى سىتىۋېلىشتا تارتقان زىيانلىرى تولۇپ بېرىلگەن.

بۇ ئىش ئامما ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، كىشىلەر نەزەرىدىكى قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

1995 - يىلى 4 - ئايدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ھۆلچىلىك يۈز بەردى. غوپۇر ھاشىم قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، ناھىيىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى خاڭدى يېزىسىغا بېرىپ دېھقانلار بىلەن مەكتەپنى يوقلايدۇ. خاڭدى ئوتتۇرا مەكتىپىدە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن كېلىپ، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ چەت، نامرات يەردە ئىشلەۋاتقان بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. شۇ كۈندىكى يامغۇر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېرىمىنى ۋەيران قىلىپ، كۆپ جانلىق ئائىلىنى غەمگە سېلىپ قويىدۇ. غوپۇر ھاشىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھال سورايدۇ ۋە دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايالى ھاكىمغا دەردىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ توققۇز بالىسى بار بولۇپ، بىر نەچچىسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن بىرەر بالىسىنىمۇ ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتەلمەپتۇ. خوتۇنى ئىشسىز ئىكەن، شۇنچە ئادەم ئاشۇ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىغا قاراشلىق ئىكەن. غوپۇر ھاشىم ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھىيىگە قايتىپ كېلىپ ئون كۈن ئىچىدە، ئۇلارنىڭ بىر بالىسىنى خاڭدى بازار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ.

غوپۇر ھاشىمنىڭ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كىشىلەرگە ئىلھام ۋە رىغبەت، كۈچ ۋە ئىرادە بەخش ئېتىدىغان ئىش ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ تەلەپچان بىر ئوقۇتقۇچىغا خاس خىسلەت بىلەن نۇرغۇن ياراملىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1996 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى كۈرەش تۇرسۇننى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا سەمىمىيلىك بىلەن: «مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، غوپۇر ھاكىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ ناھىيە مائارىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەكەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوشقان تۆھپىسى زور. ئۇ ئىشچان، جاپادىن قورقمايدۇ، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىزنىمۇ شۇنداق تەربىيىلىدى. مەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. غوپۇر ھاشىم يەكەندە يۇقىرى ئىناۋەت، يۇقىرى نوپۇز تىكلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئوبرازى مېنىڭ قەلبىمدە ھەمىشە بۇرۇنقى ئۇستازلىق سىياقىدا تۇرىدۇ» دەيدۇ.

مانا بۇ، مائارىپنى سۆيگەنلەرگە، مائارىپ بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرغانلارغا بېرىلگەن ياخشى باھا، ئالىي مۇكاپات!

## 4

ئادەم كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغانغا كىچىكلەپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرگە يېقىملىق، خۇش خۇي تۇيۇلىدۇ. ئاددىيلىقمۇ كىشىلەرگە ئۇلۇغۋار تۇس ئاتا قىلىدۇ!

ھاكىمنىڭ كاتىپى ـــ تارتىنچاق، ئەمما ئۇقۇمۇشلۇق، تەربىيە كۆرگەن نۇرمۇھەممەت ئىمىننىڭ ئېيتىشىچە، غوپۇر ھاشىم ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى خىزمەتكە كەلگەندە، ماشىنىدىن چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىدارىغا بىر خىل ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئاندىن ئىشخانىغا كىرىشنى ئادەت

قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، باشقا ھاكىم ۋە باشلىقلارمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇرۇنقىدەك ماشىنا بىلەن ئۇدۇل خىزمەت بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشتەك تۆرىچىلىك ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتكەن ئىكەن.

يەنە بىر ئىش ھازىرغىچە بەزى كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا چىرايلىق ھېكايە بولۇپ يۈرمەكتە: 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، غوپۇر ھاشىم بىر نەچچە كادىر بىلەن چارەك گۈڭشېسىنىڭ زەرەپشان يېزىسىدا كۆزلۈك بوغداي تېرىلغۇ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، كەچقۇرۇن چارەك گۇڭشېسىغا قايتقان. يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇلار بىر ئېشەك ھارۋىسىنىڭ توغرا يولدىن چوڭ يولغا چىقىش ئېغىزىدا ئېرىققا پېتىپ قېلىپ، ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. غوپۇر ھاشىم پىكاپتىن چۈشۈپ، ھارۋىدا بىر دېھقاننىڭ كېسەل بالىسى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۇققان ۋە شۇھامان پىكاپتىكىلەرنى چۈشۈرۈپ، ھېلىقى دېھقان بىلەن كېسەل بالىنى پىكاپقا چىقىرىپ، شوپۇرغا ئۇلارنى دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇغان. ئۆزى باشقا كادىرلار بىلەن بىللە پىيادە مېڭىپ، گۇڭشېغا خۇپتەن ۋاقتى بىلەن ئاران يېتىپ كەلگەن.

بۇ ئىشلار قارىماققا كىچىك ۋە ئادەتتىكىدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە بىر باشلىقنىڭ ئاممىغا، ھوقۇققا، ئىمتىيازغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى، ئۆزىنى قانداق ئورۇنغا قويۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ھوشۇر مۇسا ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ بەردى: «غوپۇر ھاكىم بىزنىڭ بۇ يۇرتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، يۈز تاپتى، نوپۇز تىكلىدى. ئۇنىڭدا كىبىر يوق، دېھقانلارنى چوڭ بىلىدۇ، يېزىلارغا بارسا، ھەرگىز ئىشخانىدا تاماق يېمەيدۇ، ئۇدۇل كەلگەن دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ نېمىسى بولسا شۇنى يەيدۇ، تاماق يېگەچ ئەھۋال ئۇقۇشىدۇ، دېھقاننىڭ دەرد ـ ئەھۋالىنى

ئاڭلايدۇ ، ئاندىن يېزا باشلىقلىرى بىلەن بىللە مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ .
ئۇنى ھازىر پۈتۈن ناھىيىدىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئادەملەر-
نىڭ ھەممىسى تونۇپ كەتتى . بالىلار ئۇنىڭ پىكاپىنى يىراقتىن كۆرۈپلا
تونۇيدۇ ھەم سالام بېرىدۇ . ئۇنىڭ ھەممە يېزىدا دېھقان ئاغىنىلىرى بار ،
ئۇلار ھاكىمنى ھەمىشە يوقلاپ تۇرىدۇ ، ھاكىممۇ ئۇلارنى تاشلىمايدۇ . ئۇ
1995 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەت ئۈستىدە كېسەل بولۇپ قالدى . دوخ-
تۇرلار : ھەددىدىن ئارتۇق چارچىغان دەپ دىئاگنوز قويدى . ئۇ قەشقەر
ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا داۋالانغاندا ، دوختۇرخانىنىڭ ۋە بىز-
نىڭ قاتتىق توسقىنىمىزغا قارىماي ، نۇرغۇن كادىر ۋە دېھقانلار ئۇنى
قەشقەرگە بېرىپ يوقلىدى ، ھەتتا قوشراپ ، دامىي قاتارلىق ناھىيىدىن
170 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق يېزىلاردىنمۇ ئادەملەر بېرىپ يوقلىدى .
خەلق ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئادەمنى ئۇنتۇمايدىكەن ! ھاكىمنى
ھەقىقەتەن قاتتىق ، جاپالىق ئىشلىگۈچىلەرنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولى-
دۇ .ئۇ ھەمىشە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە خىزمەتكە كېلىپ ، كەچ سائەت 8
— 9 لاردا قايتىدۇ ، ھەتتا ئۇ ئالتايدىن تۇغقانلىرى كەلگەندىمۇ بىرەر كۈن
ئىشتىن توختاپ قالمىدى .»

بۇ سۆزلەردە كادىر ۋە ئامىمىنىڭ ئۆز ھاكىمىغا بولغان مۇھەببىتى ،
ھۆرمىتى ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدى ئەكس ئەتكەن ئىدى !

1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا غوپۇر ھاشىم پۈتى قايرىلىپ
كېتىپ ، قان بېسىمى ئۆرلەپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ
كېسىلى تېخى ساقايمىغان ئىدى . دەل شۇ كۈنلەردە ، يەنى 4 - ئاينىڭ5 -
كۈنى تۇيۇقسىز 6 — 7 بال قارا بوران چىقىپ كېتىدۇ . غوپۇر ھاشىمغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بوراننىڭ ئۆزى سىگنال ، بوراننىڭ ئۆزى بۇيرۇق
ئىدى . شۇڭا ، ئۇ شۇ كۈنىلا دوختۇر ، سېستىرالارغا ئۇقتۇرماي دوختۇر-
خانىدىن چىقىپ كېتىپ ، ئاپەت ئېغىر بولغان چارەك ، تومئۆستەڭ ،
زەرەپشان ، ياقا ئېرىق قاتارلىق يېزا - بازارلارغا بېرىپ ، ئاپەتتىن قۇتۇل-
دۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدۇ . دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

هالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بەزى كېچىلىرى پىكاپ ئىچىدىلا بىرەر سائەت كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يەنە ئىشلەپ كېتىدۇ. ئاپەت ۋاقتىدا ئىشلەشكە، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋاقىت خاراكتېرلىك بولغاچقا، جىددىيلىكنى، كەسكىنلىكنى، تېزلىكنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ شۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن يوشۇرۇنچە چىققان پېتى 20 كۈنگىچە ئۆيگە قايتماي، ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

## 5

تۇرمۇشتا ئۇششاق - چۈششەك بىلىنگەن كىچىك ئىشلاردىن بەزىدە چوڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

1992 - يىلى ئەتىيازدا، غوپۇر ھاشىم ئاق كونۋېرتقا سېلىنغان بىر پارچە خەنزۇچە خەتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەت كىچىك مەشق دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقىغا قىڭغىر - سىڭغىر يېزىلغان بولۇپ، بەزى خەتلىرى خاتا ھەم چۈشىنىكسىز ئىدى. غوپۇر ھاشىم تەرجىمانىنىڭ ياردىمى بىلەن خەتتىن تۆۋەندىكى مەنىنى ئۇقىدۇ:

«قەدىرلىك ھاكىم بوۋا:

مەن ئىتتىپاق يولى بويىدىكى بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى. ھەر كۈنى تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپ، باللار بىلەن ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق، يول چېتىدىكى چوڭقۇر ھاڭلار بىزنى قورقىتىدۇ، بۇ يەردىكى ئەخلەت دۆۋىلىرى ۋە سېسىقچىلىق بىزنى بىزار قىلىدۇ. شۇڭا، يىراقلارغا بېرىپ ئويناىمىز، ئەمما ئاتا - ئانىلىرىمىز بىزنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشىدۇ، ھەمىشە تىل ئىشىتىمىز، بەزىدە تېخى تاياقمۇ يەيمىز. ئۇغۇ مەيلى، شۇغىنىسى، ئەخلەت دۆۋىلىرى ئارىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن لالما ئىتلاردىن قورقۇپ يولدىن ئۆتەلمەيمىز. ھاكىم بوۋا، ئەتراپتىكى ئورۇنلار بۇ يەرنى ئەخلەتخانا قىلىۋالدى، ئاشۇنداق كېتىۋەرسە، مۇھىت تېخىمۇ بۇلغىنىپ، كىشىلەرنىڭ، بىزدەك باللارنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر

يەتكۈزىدۇ . سىزنىڭ بىز گە كۆكۈل بۆلۈپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن !
سىزگە پىئونېرلارچە سالام بىلەن : تىۈقتقۇز ياشلىق ئوقۇغۇچى × × »
غوپۇر هاشىم خەتنى ئوقۇپ بۇ ئىش ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىدۇ . لېكىن بەزىلەر : « كىچىك بالىنىڭ خېتىكەنغۇ ، ئۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق » دەپ ، بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . بۇ چاغدا غوپۇر هاشىم : « ئۇ كىچىك بولسىمۇ ، شەھىرىمىزنىڭ پۇقراسى ، پىكىر بېرىشكە هوقۇقلۇق » دەپ بۇ ئىشنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشىدۇ . ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ ، ئىتتىپاق يولى بويىدىكى ئەخلەتلەرنى يۆتكەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ ، ھەپتە ئىچىدە ئەخلەتلەر يۆتكىلىپ كېتىلىدۇ . ئەمما بۇنىڭ بىلەنمۇ مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلغىلى بولمايدۇ . ئاخىرىدا بۇ يەر نا- ھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، ھېلىقى هاڭ بىلەن ئەخلەتخانا قىلىنغان يەرلەر بازار ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان كۆكتات بازىرى قىلىپ قۇرۇلۇپ ، شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىگە ئايلىنىدۇ . بۇ ئاددىي ئىش بىزگە « بىرسى ياققان ئوت مىڭنى ئىسسىتىدۇ » دېگەن چوڭ ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

## 6

تۇرمۇش سەنئەتتىن ، مەدەنىيەتتىن ئايرىلمايدۇ ! كونىلار: « بەزىدە خۇدا بىلەن رۇسۇل ، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل » دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتقان .
يەكەن قەدىمكى مۇقام يۇرتى ، مۇقام بۇ يۇرتنىڭ ۋۇجۇدىغا سى- ڭىپ كەتكەن . ئۇزاق تارىختىن بۇيان ، مۇقام بۇ يەردە ئاجايىپ ئۇلۇغ سەنئەت ئابىدىلىرىنى ، ئۆچمەس مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بەرپا قىلغان .
ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ، مەنىۋى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن مەدەنىيەت پېشۋالىرىنىڭ بولۇشى ناهايىتى مۇھىم . بىر مىللەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە بۇنداق مەدەنىيەت پېشۋالىرى ئۈزلۈكسىز يېتىشىپ چىقمايدىكەن، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارىخى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

غوپۇر ھاشىم بىلىملىك، كىتابخۇمار ئادەم بولغاچقا، ئۇ مەنىۋى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن مەدەنىيەت پېشۋالىرىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ يۇرتنىڭ مانا شۇ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن. ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئالىيجاناب تۇيغۇ ئۇنى ئىشلەشكە، قوللاشقا ۋە يار - يۆلەك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

1990 - يىلى ئۇ خانىش ئامانىساخاننىڭ مەقبەرىسىنى ياساش تۇغرىسىدىكى مۇراجىئەتنامىنى ئۆزى پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر ساھە، ھەر تەبىقە خەلقىگە، 29 يېزا - بازاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلارغا ئوقۇپ، تەشۋىق قىلىپ، 780 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاشنىڭ باشلامچىسى، تەشۋىقاتچىسى بولغان. نەتىجىدە، 1992 - يىل 7 - ئايدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەتكارى، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخېنىمنىڭ مەقبەرىسى ياسىلىپ، گۈزەل ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەيكەل ئورنىتىلغان كونىشەھەردىكى مەدەنىيەت باغچىسىنىڭ ئورنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئەتراپىغا رىشاتكا ئورنىتىش، قىرائەتخانا، زامانىۋى ھاجەتخانا، شىپاڭ ياساش، فونتان چىقىرىش قاتارلىق قۇرۇلۇش، ئەسلىھەلەر ئۈچۈن مالىيىدىن 415 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، كونىشەھەر خەلقىنىڭ گۈزەل مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىشى، ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلىنىشى ۋە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي پائالىيىتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئۇ يەنە مالىيە جەھەتتە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ «مەدەنىيەت مەركىزى» قۇرۇش ئۈچۈن، يەر ۋە 1 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يەكەن خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقاچقا، پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، 29 يېزا - بازارنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت مەركىزى ياكى پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئۆلچەمگە يەتكەن پونكىتلار 14 كە يەتكەن، 504 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيلىرى بەرپا قىلىنغان. ناھىيە بويىچە كۇتۇبخانا

خىزمىتى مەملىكەتلىك ئۆچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەت بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى «ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. ناھىيە بويىچە توققۇز قانالدا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سىملىق تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 3000 ئائىلىگە يەتكەن. قوشراپ يېزىسىنىڭ چاستوتىلىق تېلېۋىزىيىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىراق تاغلىق يېزىلاردا تېلېۋىزور كۆرەلمەسلىك، رادىئو ئاڭلىيالماسلىقتەك قالاق ھادىسىلەرگە ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلگەن.

بۇ ئىشلارنى گەرچە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا غوپۇر ھاشىمنىڭ شەخسىي تىرىشچانلىقىدىن، سەنئەت سۆيەرلىكىدىن ۋە ئەمەلىي تۇتۇپ ئىشلەش روھىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## كەلگۈسىنىڭ ۋەكىللىرىگە خەت

ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈش كەلگۈسىگە كۆيۈنگەنلىك، ئىستىقبالغا كۆيۈنگەنلىك، كېلەچەكنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرىگە كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، يەكەن بازار جامە ئالدى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھاۋا قاسىم كۈتۈلمىگەندە غوپۇر ھاشىمنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. بىر رەھبەرنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىش بۇ مەكتەپ تارىخىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى. ھاۋا قاسىم ھەيرانلىق ئىچىدە خەتنى ئوقۇيدۇ. خەتتە:

«جامە ئالدى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى پىئونېر ساۋاقداشلار: ياخشىمۇ سىلەر؟ بۈگۈن گېزىتتىن سىلەرنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە لەي نىگىدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەنگەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. سىلەر نېمىدې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەن ياخشى باللار ؟ شۇ تاپتا سىلەرنىڭ پېشانەڭلەرگە سۆيۈپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ . سىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ، تەربىيىچىڭلار نېمىدېگەن كۆيۈمچان ، تەلەپچان - ھە !؟ مەن سىلەرنى ۋە سىلەر ئۇچۇن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ! سىلەرنىڭ لەي نىڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەنگەنلىكىڭلار ناھىيىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە قىممەتلىك تۆھپە . مەن ھەممىڭلارنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ، كوممۇنىستنىڭ غايە ، گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش يولىدا لەي نىڭگە ئوخشاش جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشىڭلارنى ۋە بارلىق ئۆسمۈرلەرنى لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپ يېزىلغان ئىدى .

خەتنى ئوقۇپ ھاياجانلانغان مۇدىر ھاۋا قاسىم ۋە ئىلمىي مۇدىر خەيرىگۈللەر كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىدۇ . بۇ ياش ئۆز ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى تېتىغان ، جاپالىق مېھنىتىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرگەن ھالال بىر باغۋەنىنىڭ خۇشاللىق ، ئىپتىخارلىق يېشى ئىدى .

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا باشقىلارنىمۇ شېرىك قىلىش ئۈچۈن ، تەنەپپۇس ۋاقتىدا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشخانىغا يىغىپ خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇشىدۇ . خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا ، كۆپچىلىك ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرى بىلەن ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ، خەلق ھۆكۈمىتىگە ، خەلقنىڭ ھاكىمىغا بولغان مىننەتدارلىقلىرىنى ئىپادىلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ لەي نىڭدىن ئۆگىنىش قاتارلىق سىياسىي ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەش ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ . ئىلگىرى بۇنداق ئىشلار بولغاندا ، ناھايىتى چوڭ بولسا ئىتتىپاق كومىتېتى ، مائارىپ ئىدارىسى ئارىلىشاتتى . مانا بۈگۈن بولسا ، خەلق ھۆكۈمىتى ، ھاكىم ئۇلارنى تەبرىكلەۋاتىدۇ ، ئۇلارغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ !

شۇ كۈنى مەكتەپ ئىشلار ھەيئىتى ، پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى ، ئىتتىپاق ياچېيكىسى بىرلەشمە يىغىن چاقىرىپ ، خەلق ھۆكۈمىتىگە ،

هاكىمغا ئەمەلىي جاۋاب قايتۇرۇش ، لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ .

بىر ئايلىق پائالىيەت داۋامىدا ، مەكتەپ سىياسىي قىزغىنلىقتا چۆمىدۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋام، ئىنتىزام ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كېلىدۇ ، لەي نىڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر كۆپىيىدۇ ، سەزگۈر ھاۋا قاسىم مەكتەپتىكى لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشاللىنىدۇ . ئۇ ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلغار شەخسلەرنى تاللاپ ، ھاكىمغا دوكلات قىلىش ئۈمىكى تەشكىللەپ ، ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىدۇ .

دوكلات ئۈمىكى قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ ، پۈتۈن مەكتەپتىكى پىئونېرلارنىڭ مىننەتدارلىق خېتىنى ئېلىپ ، ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىدۇ . بۇنداق قىزغىن ، سەبىي ، سۆيۈملۈك پەرزەنتلەرنىڭ ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىشمۇ بۇ يەرنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى ئىش ئىدى . ھاكىم ئۇلارنى بەكمۇ سۆيۈنۈش بىلەن كۈتۈۋالىدۇ . ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ، خېتىنى ئوقۇيدۇ . ھاياجانلانغانلىقىدىن ھاكىمنىڭ كۆزىگىمۇ ئىسسىق ياش كېلىدۇ . ئۇ كەلگۈسىنىڭ پاك ، جۇشقۇن بۇ ۋەكىللىرىنى ماختايدۇ ، ئىلھاملاندۇرىدۇ ، ئۇلارغا بىر يۈرۈشتىن كىتاب تەقدىم قىلىدۇ ، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ ، ھاكىمنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ جىددىي يىغىنىغا چاقىرىدۇ ، ھاكىم باللارغا ئۆزرە ئېيتىدۇ ۋە قانداق پىكىر - تەلەپلىرى بولسا ، ئۆزىنىڭ كاتىپىغا ئېيتىشنى تاپىلاپ چىقىپ كېتىدۇ . ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ، كاتىپقا : « بۇلار ناھىيىمىزنىڭ كىچىك ئاۋانگارتلىرى ، مېنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىم ، پىكىرلىرىنى ياخشى ئاڭلاپ ، قىيىنچىلىقلىرى بارمۇ - يوق تەپسىلىي سوراڭ ھەم مېنىڭ ئورنۇمدا ياخشى كۈتۈپ قويۇڭ !» دەپ ئالاھىدە جېكىلەيدۇ . شۇ كۈنى كاتىپ نۇرمۇھەممەت ئىمىنىنىڭ خاتىرىسىگە : « باللار ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ، مەكتەپتىن رازى ئىكەن . لېكىن سىنىپلار يېتىشمەي-

www.uyghurkitap.com

دىكەن، خېلى بۇرۇنلا ئىش باشلىغان قۇرۇلۇش ئەترىتى سىنىپ قۇرۇلۇشىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپتۇ» دەپ خاتىرىلىنىدۇ. كېيىن، ھاكىم ئەھۋالنى ئۇقۇپ، دەرھال مائارىپ ئىدارىسى، قۇرۇلۇش ئەترىتى، بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، بالىلارنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب باھا پەرق تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇ يەردىلا مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. قۇرۇلۇش ئۇزاققا قالماي پۈتىدۇ. بالىلارمۇ ئازادە سىنىپلارغا چىقىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار يەنە بىر قېتىم چۈچۈك تىللىرى بىلەن: «ھاكىم تاغىغا رەھمەت!» دەپ چۇرقىرىشىدۇ. بۇ چۇرقىراشقا مۇشۇ ئەۋلادلار — كەلگۈسىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئىلىمگە، گۈزەللىككە، تەرەققىياتقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى ھەم ئارزۇسى سىڭگەن ئىدى!

## خاتىمە

تۇرمۇش گويا تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دەريا ئېقىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەزىدە قۇم ـ لاتقىلارنى ئېقىتىپ، قىرغاقلارنى گۇمۇرۇپ ئۆز يولىنى ئۆزگەرتىدۇ؛ بەزىدە زېمىننىڭ تەكتىدىن يول ئېلىپ يوشۇرۇن ئېقىپ، بىر يەرلەرگە بارغاندا باشقىچە ھەيۋەت بىلەن يەنە يەرنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ.

ئوتتۇز يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە، قايغۇ ۋە خۇشاللىققا، جاپا ۋە ھالاۋەتكە، بەخت ۋە بەختسىزلىككە تولغان بۇ ئوتتۇز يىل غوپۇر ھاشىمنى ئاددىي، نازۇك، تەجرىبىسىز بىر ياش زىيالىيدىن پىشقان، ئىرادىلىك، پىداكار بىر كوممۇنىستقا ئايلاندۇردى. ئۇزاققا سوزۇلغان ۋاقىت ۋە شۇ جەرياندا يېتىلگەن جاسارەت، ئىقتىدار ئانا يۇرتنىڭ قىزىق تۇپرىقى ۋە جاپاكەش خەلق بىلەن ئەنە شۇ تەرىقىدە چەمبەرچاس باغلاندى.

مەن غوپۇر ھاشىم بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈپ، خوشلىشىش

ئالـدىـدا، ئۇنىڭدىن ناھىيىنىڭ نۆۋەتتىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا سەمىمىيلىك بىلەن: « پاختىچىلىق ھازىر ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قىبلىنامىسى قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى تۆۋرۈكلۈك كەسىپ ھېسابلانماقتا. بۇ ئەلۋەتتە توغرا، لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتىشتە چوقۇم پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرماي، كۆلەمنى كېڭەيتكەن بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا دېھقانغا پايدا بولمايدۇ. كۆلەم كېڭەيگەنسېرى چىقىم ئېشىۋېرىدۇ، بۇ خۇددى « تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە » دېگەندەكلا ئىش! ھازىر بىزدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە « ۋەزىپىچىلىك » كۆز قارىشى ئېغىر، قانداق قىلىپ يۇقىرىنىڭ چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئۈچۈن باش قاتۇرىمىز. ئەلۋەتتە ۋەزىپە ئورۇندالسا، شۇجىغا، ھاكىمغا، يېزا - كەنت باشلىقلىرىغا پايدا كۆپ، نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ مۇكاپات ئالىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن دېھقانغا كېلىدىغان پايدا كۆپ بولمايدۇ، يەنىلا چىقىم بىلەن كىرىم بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. شۇڭا، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرماي، كۆلەمنى كېڭەيتىش يولى بىلەن دېھقاننى باي قىلغىلى بولمايدۇ » دەيدۇ. بۇ سۆزلەر غوپۇر ھاشىمنىڭ ئۇزاقتىن بېرى دېھقانىنىڭ مەنپەئىتى ھەم تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان يۈرەك سۆزى ئىدى. شۇچاغدىلا، مەن ئۇنىڭ ئېلىشقۇ بازىرىدا بىرمەر يۈز مودەك يەرگە ئۆزى باش بولۇپ كېۋەز تېرىپ، بۇنى « قوماندانلىق ئېتىزى » دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. مەن 8 - ئايدا، ئېلىشقۇغا بارغاندا ئاشۇ ئېتىزلارنى كۆرگەن ھەم دېھقانلاردىن: « خۇدا خالىسا، بۇ كېۋەزلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 300 جىڭدىن ئاشىدۇ » دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. دېمەك، غوپۇر ھاشىم پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش يولىدا ئۆزى باش بولۇپ سىناق قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىگە ئۈلگە كۆرسەتمەكچى بولغان.

مەن يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈپ ئۇقۇقان، ئىگىلىگەن

ئەھۋاللىرىمدىن قارىغاندا، «ۋەزىپىچىلىك» كۆز قارىشى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ھەر قانداق يېزا باشلىقلىرى بىلەن كەنت شۇجىلىرىنىڭ يانچۇقىدا ئاز دېگەندە 3 — 4 يۈز مودەك كېۋەزلىك بار ئىدى. بۇ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشنىڭ ئەپلىك چارىسى ئىدى. لېكىن بۇ چارە غوپۇر ھاشىم ئېيتقاندەك، دېھقانغا پايدا كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى، كۆلەم ئاشقانسېرى سېلىنما كۆپىيىپ، ئاخىرقى نەتىجە «دوغىنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇڭى» دېگەندەك بولۇپ چىقاتتى. مېنىڭچە، بۇھال غوپۇر ھاشىملا ئەمەس، بەلكى دېھقانلارنى ھەقىقىي باي قىلىشنى ئويلايدىغان بارلىق سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئويلايدىغان، باش قاتۇرىدىغان ئەمەلىي ئىش! چۈنكى دېھقاننى باي قىلماي تۇرۇپ، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرگىلى، بازارنى جانلاندۇرغىلى، تۇرمۇشنى يۈكسەلدۈرگىلى بولمايدۇ.

مەن 1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يەكەندىن قايتىش ئالدىدا، يېڭى خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. پارتىيە، ھۆكۈمەت غوپۇر ھاشىمنىڭ خىزمىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئارتقان ئىدى. ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دېگەن يېڭى ۋەزىپە ئۇقتۇرۇشى كەلگەن ئىدى. بۇ خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن ناھىيىگە گۈررىدە تارقالدى، ھەممە يەردە مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا، مۇشۇ ھەقتە پاراڭ ئىدى. مەن بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، پېنسىيىگە چىققان بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىغا خۇرسىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم: «غوپۇر ھاشىم ياخشى ئىشلىگەن، ئۇ كەتسە يەكەن خەلقى ياخشى بىر باشلامچىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدى ـ دە!»

بۇ سۆزگە گەرچە ئۇمىدسىزلىك، بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشى سىڭگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ غوپۇر ھاشىمغا بولغان مۇھەببىتى، ئىشەنچى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

خەلق ئۆز باشلىقلىرىنىڭ خىزمىتىنى، قىممىتىنى باھالاشقا ھەر قاچان ھەقلىق !

ئالمىشىش، يۇقىرىغا چىقىش، تۆۋەنگە چۈشۈش كادىرلار ئىچىدە بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ئىش. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ھايات ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرمۇش تەكرارلانمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قەدىمى ئەبەدىلئەبەد ئالغا تاشلىنىپ كېتىۋېرىدۇ ! ...

1996 ـ يىل، 8 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سىزدىن قالغان قەلەمنى مىڭلىغان ئەۋلادلار قولىغا ئالدۇ

« ھەممە سۆزدىن ئالدۇق نەپ ـ مەنپەئەت ،
ئېيتىدۇ يەر ـ جاھان ئۇنىڭغا رەھمەت .
قارىغىن ئۆزگە تەئەللۇق نەرسە ،
تارقالدى كەڭ ئاۋام ئىچىگە ئەبەت .
ئۇ گويا نۇرلىنىپ ئاققان بىر يۇلتۇز ،
ھە ، بۇ نۇر چاقنايدۇ ، ئۆچمەيدۇ ئەبەت . »
( گېيوتېنىڭ شىللېر ۋاپاتىدا ئوقۇغان مەرسىيىسى )

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى . ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز ئاققان ئاقار يۇلتۇزدەك ئارىمىزدىن بىمەھەل كەتتى .

ئۇ راستتىنلا ئارىمىزدىن مەڭگۈ كەتتىمۇ ؟! ياق ، ئۇنىڭ 45 يىللىق ئىجادقا تولغان يالقۇنلۇق ھاياتى ، كۆز ئالدىمىزدا چاقناپ تۇرغان شۆھرەتلىك شېئىرلىرى ، مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى ھەرگىزمۇ ئارىمىزدىن كەتكىنى يوق ، مەڭگۈ كەتمەيدۇ .

ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى « ئۆلۈم » دېگەن ئاشۇ شۇم سۆز بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى . چۈنكى ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ، ئۇ ھامان « تۈگىمەس ناخشا » نى يازغان ۋاقىتتىكى جۇشقۇنلۇق تېيىپجان ياكى « ۋەتەن

ھەققىدە غەزەل » نى يازغاندىكى مەردانە تېيىپجان ۋە ياكى « ئەزرائىل ئالدىدا » نى يازغان ۋاقىتتىكى ئۆلمەس تېيىپجان ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۆلۈم ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى . بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بارلىق سەپىداشلىرى ، تونۇش - بىلىشلىرى ، شاگىرت ۋە ئىخلاسمەنلىرىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى . ھەممەيلەن ئۇنىڭ مەردانە ، خۇش چاقچاق ئاۋا- زىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقى ، راۋان ، ھېسسىياتلىق يېڭى شېئىرلىرىنى ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ بىر نەرسى- سىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلاتتى .

بۈگۈنكى ئاشۇ قايغۇلۇق ، مۇسىبەتلىك كۈنلەردە ، ئۇستازىم ، شائىر تېيىپجان توغرىسىدىكى بەزى ئەسلىمە ، خاتىرىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قايتىدىن بىرمۇ بىر نامايان بولۇشقا باشلىدى ...

مەن شائىر تېيىپجان بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلارغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق تونۇش- قان ئىدىم . بالىلىق ۋاقىتتىكى تەسىرات ناھايىتى چوڭقۇر ھەمدە ئۇنتۇلغۇسىز بولىدىكەن . شۇ چاغلاردا شائىرنىڭ « كۈز ئاخشىمى » ، « ناخشاڭ بىلەن » ، « كۆكلەم جىلۋىسى » قاتارلىق جۇشقۇن ، يەڭگىل شېئىرلىرى بىلەن « ت . ئېلىيوپ » دېگەن يېقىملىق نامى ئاۋۋال تىلىمىزغا ، ئاندىن دىلىمىزغا ئورناپ قالغان ئىدى .

تىل دىلنىڭ ئەينىكى ، دىل روھنىڭ ئەينىكى دېگەن گەپ بار . مەن ئەنە شۇ ئەينەك ئارقىلىق شائىرنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا بىر خىل غايىبانە ئېتىقاد باغلىغان .

يىللار ئۆتتى ، كېيىن مەن ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم . بۇ چاغدا شائىرنىڭ بېشىغا « كۈن » چۈشۈپ ، تۇرپانغا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۆرۈش ۋە ئاددىي ھەۋەسكار سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى . لېكىن، كېيىنكى تەقدىرىمدە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولدى . ئوقۇشنى تۈگىتىپ شائىر ئىشلىگەن ئىدارىغا خىزمەتكە كەلدىم . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ بى-

www.uyghurkitap.com

لەن كۆرۈشۈش ، سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى . ئەپسۇسكى ، مەن بۇ ئىدارىغا كېلىپلا يېزىغا ــــ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە كەتتىم . مەن يېزىدىن قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ، « تارىختا مەسىلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » پارتلىدى . شائىرمۇ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىندى . مەن شۇ چاغدا قەلبىمدىكى بۇ مەشھۇر ئادەم بىلەن ھەقىقىي كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم . لېكىن ، مېنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشۈم تولىمۇ غەلىتە بولدى ، يەنى « ئىنقىلابىي ئامما » نىڭ « قارا گېزەندە » بىلەن كۆرۈشۈشى بولدى .

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ھەممىگە مەلۇم ، شائىرنىڭ بېشىدىكى قالپاقلار بارغانسېرى كۆپەيدى ، سىنىپىي چەك - چېگرا ئېنىق ئايرىلدى ، شائىر « سىنىپىي دۈشمەن » قاتارىدا قوشۇندىن قوغلاپ چىقىرىلدى .

بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن ئەڭ پاجىئەلىك ئىشلار ئىدى ، ئەلۋەتتە . شائىر بىلەن كەپلىشىش ، بىر يەردە تۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنغان ئىدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، 1970 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىدارىمىزغا ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيى بىلەن ھەربىيلەر تەشۋىقات دۈيى كېلىپ ، « كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » ھەرىكەتنى قانات يايدۇردى . بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدارىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى . بىر قىسىم ئىشخانىلار ياتاق قىلىندى . شۇ چاغدا ، مەن تەقسىمات بويىچە بىر نەچچەيلەن بىللە تېيىپجان ئېلىيوپ ياتقان ياتاقتا ياتتىم . بۇ چاغدا شائىر پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ نۇقتىسى بولۇپ ، كېچە - كۈندۈز مەسىلە تاپشۇراتتى ، تەقىپ ئاستىدا ياشايتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇش چاقچاق ، ئۈمىدۋار ئىدى . كەچقۇرۇنلىرى ياتاقنىڭ جىمجىت كەيپىياتىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى ، قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتاتتى ، بەزىلىرىمىز ئىختىيارسىز كۈلەتتۇق ، تەبىئىي ھالدا چاقچاقلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتۇق . كېيىن بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا بالا بولدى . ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە ، بىر

قىسىم ياشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى، مەنمۇ ئىلتىماس يازغانلارنىڭ بىرسى ئىدىم، لېكىن مەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنمىدىم، بۇنىڭدا بىرلا سەۋەب بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ «سىنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ شۇ چاغدىكى «قارا يېپ»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» تېيىپجان ئېلىيوپتىن چەك - چېگرىنى ئايرىماي، ئۇنىڭ گەپ - سۆز ھەم چاقچاقلىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىمدىن بولدى. شۇ ئىشتىن كېيىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. بۇنى تېيىپجان ئېلىيوپ سەزدى بولغاي، بىر كۈنى كەچقۇرۇن: «نېمە بولدىڭىز، بۇغۇنۇقۇپ يۈرىسىزغۇ؟» دەپ سورىدى. مەن قىسقىلا قىلىپ: «تەشكىلىي مەسىلەم ھەل بولمىدى!» دەپ، ھەل بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم كۆتمىگەن يەردىن ماڭا: «مېنىڭچە، سىز پارتىيىگە ئەركىلەيدىكەنسىز، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياش، ئۆزىڭىزگە قاتتىقراق تەلەپ قويۇڭ!» دېدى. بۇ گەپ ماڭا «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئىچىمدە ئاچچىقلاندىم. كۆڭلۈمدە: «مەن قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن بىر ياش، پارتىيىگە ئەركىلىمەي كىمگە ئەركىلەيتتىم» دەپئويلىدىم...

مانا شۇ ئىشلار بولۇپ، ئارىدىن توپتوغرا 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تېيىپجان ئاكا مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇردى ھەمدە مەنمۇ ھەممە جەھەتتىن خېلى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولغان بىر پارتىيە ئەزاسىغا ئايلاندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. شائىر بىلەن 1974 - يىلى قىشتا، تۇرپان سەپىرىدە يەنە بىر قېتىم ھەمسۆھبەت بولدۇم. مەرھۇم پەتتارجان مۇھەممىدى بىزنى تويغا تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا تېيىپجان ئاكا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن يەردىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىسى تېخى ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ بولماي ئۆيدە دەم ئېلىپ تۇرغان ئىدى. بىز — تېيىپجان ئاكا، رەپىقىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلچەم ۋە مەن كەچلىك پويىز بىلەن مېڭىپ، تاڭغا يېقىن تارلاڭ بېكىتىگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە بىزنى بىر ئىشەك ھارۋىسى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بىز تۇرپان ۋادىسىغا قاراپ خۇددى كۆمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتقان تارلاڭ ئۆستىڭىنى ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتۇق. سۇبھى ئەمەدىلا كۆتۈرۈلگەن ئىدى، ھاۋا سوغۇق، تاغ تەرەپتىن ئاچچىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. بىز جۇۋا، كۆرپىلەرگە يۆگىنىۋالغان ئىدۇق. ھارۋىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشى بىلەن مېنى شېرىن ئۇيقۇ باستى، خەلچەممۇ مۈگدەپ قالغان ئىدى. شائىر بىزنى ئويغىتىپ:

— قاراڭلار سىلەرنى، جاھاننىڭ كۆزى ئەمدى ئېچىلىۋاتسا، سىلەر كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالغىنىڭلار نېمىسى؟! تەبىئەتنىڭ سەھەردىكى بۇ گۈزەللىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئوبدان كۆرۈڭلار، ئادەمنىڭ يۈرىكى يايراپ قالىدۇ، — دېدى.

تېيىپجان ئاكىنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۇيۇقتا قىزىرىپ كۆتۈرۈلگەن كۈركەم تاڭ شەپىقىگە، چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان مۇنبەت ۋادىغا، ئاتا — بوۋىلارنىڭ ئىسىل نامايەندىسى بولغان كارىزلارغا شائىرانە نەزەر، شائىرانە تەپەككۇر، شائىرانە ھاياجان بىلەن تويماي قارايتتى. بىر ئازدىن كېيىن، شائىر خۇددى تەبىئەتكە خىتاب قىلغاندەك، مەردانە، يېقىملىق ئاۋازدا تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

يەتمەكلىك ئىرۇر مۇشكۇل، مەقسەتكە يېتەر كىم بار،
كۆن خىرەيۇ، تۈن تىرەن، ئات ئاقساق، يول تايغاق.

...

شائىر چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ جىم بولدى. مەن قىزىقىپ سورىدىم:

— ئەتىگەندىلا ئىلھام كەپتۇ — دە! ھازىرلا كۆڭلىڭىزدە يازدىڭىزغۇ دەيمەن، داۋامى باردۇ؟

ئۇ ئاستا بېشىنى چايقىدى:

— ياق ، بۇ مېنىڭ ئەمەس ، ناۋايىنىڭ غەزىلى .
مەن شۇ هامان غەزەلنى كىچىككىنە خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم . بۇ قىسقىلا ئىككى مىسرا غەزەلدە شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى ھەسرىتى ، نائۈمىدلىكى ۋە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى مۇجەسسەملەنگەن ئىدى .
بىز تۇرپاندا بىر نەچچە كۈن تۇردۇق . بۇ جەرياندا شائىرنىڭ مەندە قالدۇرغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتى — ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان چوڭقۇر ، يۈكسەك مۇھەببىتى ئىدى . راستىنى ئېيتسام ، مەندە ئۇ چاغلاردا پېشقەدەم يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بىھۇدە كۈلپەتلەرنى كۆرۈش نەتىجىسىدە ئەدەبىياتتىن سوۋۇش ، ئىجادىيەتتىن يالتىيىش خاھىشى تۇغۇلغان ئىدى . لېكىن ، مەن ئەدەبىيات ئۈچۈنلا شۇنچە بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھېچقانداق چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى كۆرمىدىم . ئۇ ئازغىنا ۋاقتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي ئوقۇيتتى ، ئويلايتتى ، مۇلاھىزە قىلاتتى . شۇ كۈنلەردە بولغان بىر ئىش ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ :
بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ناھايىتى يېقىملىق ، خۇش نەپەس بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . ئاستا كۆزۈمنى ئاچسام ، شائىر تېيىپجان ياتقان ئورنىدا يوتقانىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى ياققا يېنىك تەۋرەنگىنىچە بىر نەرسىلەرنى ئوقۇۋېتىپتۇ . مەن خىيالىمدا : « بۇ ئادەمنى كىشىلەر تېيىپ قارىي دەيدىكەن ، بەلكىم ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىدىم . لېكىن ئۇبدانراق زەن سېلىپ ، ئوقۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئايەت ئەمەس ، شېئىر ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، ياستۇق ئۈستىدە كونا بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇرۇپتۇ . شائىر ئوقۇشتىن توختىغاندا ، مەن تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم :
— شۇ كۈنلەردىمۇ بۇ نەرسىلەر كۆڭلىڭىزگە سىغامدۇ ؟
ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ :
— شائىرنىڭ كۆڭلى دەريادەك كەڭ بولۇشى كېرەك . شائىرنىڭ كۆڭلىگە ھەممە نەرسە سىغمىسا بولمايدۇ ، پەقەت بىرلا نەرسە —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساختىلىق ، يالغانچىلىق سىغماسلىقى كېرەك ! — دېدى ۋە بىر ئاز تو-رۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ ئىش ماڭا خۇمار ، ئوقۇمىسام ، يازمىسام تۇرالمايمەن . لېكىن ھازىر نېمىنى يازىمەن ؟ بېشىمنى قىمىرلاتسام تورۇسقا تېگىدۇ ، قولۇمنى مىدىرلاتسام تامغا تېگىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخ-شىسى ، ھازىرچە ئوقۇپ تۇراي ، ھامان يازىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ ، شۇڭغىچە ئوقۇپ ، مۇتالىئە قىلىپ تۇراي ، ياخشى كىتاب ئادەمگە قانات بېغىشلايدۇ ، بۇمۇ خۇددى پىچاقنى بىلەپ تۇرغاندەكلا ئىش !

بۇ سۆز خۇددى ماڭىلا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك ، ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى . مەن يازغۇچى بولىمەن دەپ يۈرگەن بىر ھەۋەسكار بولساممۇ ، لېكىن ئەدەبىياتقا ، ھاياتقا ، ئۆگىنىشكە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۇنچىلىك كۈچلۈك ، مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ، ئىچىمدە قاتتىق خىجىل بولدۇم . خىجىللىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، نەزىرىمنى شائىرنىڭ قولىدىكى كىتابقا ئاغدۇردۇم :

— بۇ قايسى كىتاب ؟ كونا كىتابتەك قىلىدىغۇ ؟

— ھەئە ، كونا كىتاب ، ناۋايىنىڭ « خەزائىنۇل مەئان » دېگەن دىۋانىنىڭ « غەرايىبوس - سىغار » ( « ياشلىق ھۈنەرلىرى » ) ناملىق بىرىنچى كىتابى ، — دېدى شائىر ۋە بىردىنلا جانلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، — بۇنىڭدىكى غەزەللەر ناھايىتى چىرايلىق ، لىرىك يېزىلغان ، شەكلىمۇ خىلمۇ خىل . مۇشۇ بىر دىۋاندىلا ئارۇز ۋەزنىنىڭ « ھەزەج بەھرى » ، « رەجەز بەھرى » ، « رەمەل بەھرى » قاتارلىق توققۇز بەھرى قوللىنىلغان . ئاڭلاپ بېقىڭ ، مەن سىزگە بىرىنچى غەزەلنى ئوقۇپبېرەي:

ئەشرەقەتمەن ، ئەكسى شەمسىل ، كەئسى ئەنۋارۇل ھۇدا ،
يارى ئەكسىن مەيدە كۆردەپ ، جامىدىن چىقتى سادا .

بۇنى نەسىر بويىچە يەششەك مۇنداق بولىدۇ :
ھىدايەتنىڭ نۇرى قەدەھ ئىچىدە قۇياشتەك ئەكس ئېتىپ چىقتى ،
يارىڭنىڭ جامالىنى مۇشۇ يەردە كۆرگىن دەپ جامدىن سادا چىقتى !

بىز كىچىك چاغلاردا موللاملار ئۆگەتكەن بۇ غەزەلنى باللار بىلەن ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ مۇنداق يادلايتتۇق :

ئەشرە قەتمەن ، ئەسكى كەتمەن ، پالتا - كۈرجەك ، لاخشىگىر ،
ئالتە تىيىنغا تاڭگا ئالدىم ، يەتتە تىيىنغا مۇشكىر .

ھەر ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق . شائىر باللىق چاغلىرىنى ئەسلەپ ناھايىتى ھۇزۇرلانغان ئىدى . ئۇ يەنە ئارقىدىنلا مۇنداق دېدى :

— ئۇ چاغدا بەزى تالىپلار ناۋايىنى قارىسىغا يادلاۋېرىپ ، شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ، زېرىككەنلىكىدىن ناۋايى توغرىسىدا مۇنداق بېيىتلارنى توقۇشقان .

ئەي ناۋايى خام قاپاق ، قايماق سېتىپ قارنىڭنى باق .
بىر بېيىتنى ئوقۇيالماي ، كۆزلىرىڭ بولدى چاپاق !

شائىر يەنە ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى ، ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭغا دىلكەشلىك ، ئازادىلىك ۋە ئاراملىق بېغىشلىغان ئىدى . ئۇ كىيىملىرىنى كېيىۋېتىپ ، يەنە شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆز باشلىدى :

— كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز شەكىلگە بەكمۇ باي ، بىز تېخى ئۇنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنىمۇ ئۆگىنىپ بولالمىدۇق . مەدرىستىكى تالىپلار ئارىسىدا « مۇئەمما » كەڭ تارقالغان . بۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى تېپىشماق شەكلى بولۇپ ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ، تىلنى راۋانلاشتۇرۇشتا بەك مۇھىم . مەن سىزگە بىرنى ئوقۇپ بېرەي ، تېپىپ بېقىڭ :

موللىنىڭ بېشىنى كەس ، مامات بولسۇن ،
قەبرى ئارا كۆمگىن ئۇنى ، ھايات بولسۇن .
...

مېنىڭ بۇنداق شەكىلدىكى شېئىرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا دەماللىققا ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىدىم. ئاخىر تېيىپجان ئاكا ئۆزى يېشىپ بەردى:

— بۇ ئىككى مىسرا بېيىتتىن «قەمبەر» دېگەن ئىسىم چىقىدۇ. بۇ كونىچە «قمبر» دەپ يېزىلىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئورۇندىن قوپقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولغان قىسقىچە سۆھبىتىمىز مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بېشىدىن شۇنىچە ئېغىر قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ كۈنلەردىمۇ قاتمۇ قات روھىي كىشەنلەردىن تېخى تولۇق قۇتۇلمىغان شائىرنىڭ شۇنچە جۇشقۇن، ئۈمىدۋار ھەم خۇش چاقچاقلىقى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۈلكە بىلەن كۈتۈۋالالايدىغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان، بەختسىزلىك ئىچىدىن ھۇزۇر – ھالاۋەت تاپالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدىم.

تۇرپاندا بولغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شائىر ئۇ يەرنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا ئايلاندى. ئوقۇتقۇچىلار، ئارتىسلار، ھەۋەسكارلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. شائىرنىڭ ئۇ يەردىكى ئىجتىمائىي، ئاممىۋى ئاساسى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالغۇدەك چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ زىيالىيلار ئىچىدىلا ئەمەس، ئاددىي پۇقرالار ئىچىدىمۇ ئابرويى چوڭ ئىدى. دېھقانلاردىن سىرداش ئۆلپەتلىرى بار ئىدى.

* *

سەممىيلىك دۇنيادىكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئادەمگىلا خاس مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

شائىر تېيىپجان ئادەملەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، ئوچۇق – يورۇق ئىدى، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئېيتىۋېرەتتى ھەم باشقىلاردىنمۇ شۇنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىدا ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

1985 – يىلى شائىر تەھرىر بۆلۈمىگە بىر تۈركۈم شېئىر بەردى.

شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىدىكى تەھرىرلەر قولمۇ قول كۆرۈپ، ئاخىرىدا مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا سۇندى. قارىسام بەزى شېئىرلارغا تەھرىرلەرنىڭ پىكىرلىرى باردەك قىلاتتى. مەنمۇ قايتا - قايتا ئوقۇپ سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئىككى پارچە شېئىر ماڭىمۇ سەل بوشراق تۇيۇلدى. ئەتىسى شائىر تۇيۇقسىز بىر ئىش بىلەن ئىشخانامغا كىرىپ قالدى. مەن شۇھامان شېئىرلار توغرىسىدا سۆز ئېچىپ:

— تېيىپجان ئاكا، شېئىرلىرىڭىزنى ھەممىمىز قىزىقىپ كۆردۇق. لېكىن ئىككى پارچە شېئىرىڭىزنى بويىڭىز بىلەن ئۆلچىسەك، سەل - پەل پاكاردەك قىلىدۇ، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدىم.

— قانداق قىلاتتىڭىز، — دېدى ئۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، — بويۇم بىلەن تەڭ كەلگىنىنى بېرىسىز، پاكار بولۇپ قالغانلىرى قېلىۋەرمەمدۇ! تەھرىرلەرگە ئېيتىپ قويۇڭ، نامدارلارنىڭ شېئىرلىرى كەلسە ئۇنچە قورۇنۇپ كەتمىسۇن، ھەممەيلەنگە ئوخشاش كۆزدە قارىسا بولۇۋېرىدۇ. بىزمۇ ئەۋلىيا ئەمەس، يازغانلىرىمىزدا ھامان ئۇنداق - مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇ ھەقىقەتەن تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئەزەلدىن يولسىز تەلەپلەرنى قويغان ئەمەس، تەھرىرلەرنى ھەمىشە ھۆرمەت قىلاتتى، تەھرىرلەرنىڭ ھوقۇقىغا ئارىلاشمايتتى، پىكىرلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلاتتى. ئۇ ئىجادىيەتتە سەممىي، تەلەپچان ئىدى. ئەسەرلىرىگە خۇددى ھيوگونىڭ: «شائىرنىڭ تەبىئەتتىن ئىبارەت بىر ئۆلگىسى ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت بىر يېتەكچىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتمەستىن، بەلكى ئىجادىيەت ئۈستىدە زېھنىنى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى كېرەك» دېگەندەك تەلەپ بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىدىن يېڭىلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، پىكرى، شەكلى يېڭى ئىدى، ئۇنىڭ ھەققىتى چىنلىق ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا:

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى ، بەس .
پىكىر — يۈرىكىم ، مىسرالار — تومۇر ،
ھەرپلەر — قېنىم ، ۋەزنلەر — نەپەس !

دېگەن ئەقىدىسىنى ، لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇردى .

شائىر ئۆزىگىلا قاتتىق تەلەپ قويۇپ قالماي ، باشقىلارغىمۇ ئوخشاشلا قاتتىق تەلەپ قوياتتى ھەم كۆيۈنەتتى . ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ھەر بىر نەتىجىدىن خۇشاللىناتتى . بولۇپمۇ ياشلارنىڭ نەتىجىسىدىن ، يۈكسىلىشىدىن چوڭقۇر پەخىرلىنەتتى . شۇ يىللاردائارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىققان بىر تۈركۈم جۇشقۇن ، ئۈمىدلىك ، ئىقتىدارلىق ياشلار شائىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى . بۇ جەھەتتە ئۇ چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ھاياجانلىنىپ ، تەسىرلىنىپ سۆزلەيتتى . كېيىنچە سۆز بىلەن قايىل قىلىپ قالماي ، قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يۈكسەك باھالىدى ، ئوبزورلار يېزىپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى ، ئۇلارنى يېتەكلىدى .

مەسىلەن ، 1984 ـ يىلى ياش شائىر ئەركىن ئىبراھىمنىڭ يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى توغرىسىدا « نۇر ئوغلىنىڭ ناخشىسى » ناملىق ئوبزور يېزىپ ، « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇردى . ياش شائىرە گۈلباھار مەمتىمىننىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرى توغرىسىدىمۇ تەھرىر بۆلۈمدە تەسىراتىنى سۆزلەپ ، بۇنداق ئۈمىدلىك ياشلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش ، ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئالاقىلىشىپ ، داۋاملىق ئىلھام بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ تۇردى .

كېيىنكى يىللاردا مەن شائىر بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇردۇم . ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق . ئۇ قورۇيىمىزدىكى كىچىككىنە باغچىنىڭ ئىشچان باغۋىنى ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە باغقا چىقىۋېلىپ ، گۈللەرنى پەرۋىش قىلاتتى ، ياۋا ئوتلارنى يۇلاتتى ، دەل ـ دەرەخلەرنى سۇغىراتتى . ئۇنىڭ قولى ئىشتىن بوشىغان چاغدا بىز ھايات توغرىسىدا ، ئەدەبىيات توغرىسىدا ۋە ھەر خىل يېڭىلىقلار

تـوغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشاتتۇق . بىر كۈنى تېيىپجان ئاكا ماڭا شۇ چاغدا ئېلان قىلىنىپ ، جەمئىيەتتە ئاز ـ تولا ئىنكاس قـوزغـىـغـان « خـەيـر ـ خـوش ، تـوققۇز كۈنلۈك ماكان » دېگەن ھېكايەم توغرىسىدا سۆز ئېچىپ :

— ھېـكـايـىـڭـىزنى دەسلەپ كۆرمەپتىكەنمەن ، جەمئىيەتتىكى ئىنـ ـكاسلارنى ئاڭلاپ قىزىقىپ ئوقۇپ باقتىم . ھەقىقەتەن مېنىمۇ قىزىقتۇردى . ھايـاتـقـا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرىپسىز ، ئاڭلىسام ، بەزىلەر ئۆزىگە ئەپكەتـ ـكـەن ئوخـشـايـدۇ ، بـۇمـۇ ياخشى بولغىنى ، بىر ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كـېـيـىـن يا ئېچىشتۇرمىسا ، يا قىچىشتۇرمىسا ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى نـېـمـىـدېـيـىـش كـېرەك ؟ ! مېنىڭچە ، كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا ، خۇددى قىچىشقان يەردە بۇرگە بار دېگەندەك گەپ بولىدۇ ! — دېدى .

— ئۇغـۇ شۇنداق ، تېيىپجان ئاكا ، — دېدىممەن شۇ چاغلاردا بو- لـۇۋاتـقـان گـەپ ـ سـۆزلـەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ، — لېكىن بەزى ئادەمـلـەر ئۆزىـنـى قويالماي قاپتۇ ، ھېكايە ئۈستىدىن خېلى ـ خېلى يەر- لـەرگـىـچـە ئەرز ـ شـىـكـايـەت قـىـلـىـپ ، خۇددى مـېـنـى بـىـر نەرسە قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازادا ئىش قىلىشىۋېتىپتۇ ! ...

— قـولىدىن كەلسە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سىزنى سوت مەيدانىغا بىر تـارتىپ چىقارسا ياخشى بولاتتى ! — دېدى شائىر بىردىنلا جىددىي تۈس ئېـلـىـپ ، — شـۇ چاغدا مانا بىز ئاقلىغۇچى بولۇپ ، ئەدەبىياتنىڭ نېمىلـ ـكـىـنـى چـۈشـەنـمـەيـدىـغان ، ئىدىيىسى كونا قېلىپتىكى ئاشۇنداق قاتمال ئادەمـلـەر بـىـلـەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشەتتۇق ! بىر يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇر- مـۇشـتـىـكـى ئاشـۇنـداق رەزىل ئىللەتلەرنىمۇ پاش قىلىپ يازالمىسا ، ئۇنى قـانداقمۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانى دېگىلى بولىدۇ ؟ ! مەيلى ، ئايرىم ئادەملەر نېمە دېـسـە دەۋەرسـۇن ، سـىـز ئالـدى بـىـلـەن خـەلـقـنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قـىـلـدىـڭـىز ، پارتىيىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش يولىدا دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتتىڭىز ، ھەقىقەت سىز تەرەپتە !

شـۇ كـۈنـى قەدىردان ئۇستازىم تېيىپجان ماڭا ئالەمچە ھېسداشلىق

قىلدى ، ئىلھام بەردى ، مەدەتكار بولدى . ئىجادىيىتىمدە قولغا كەلتۈرگەن كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەت ئۇنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈرگەن ، خۇشال قىلغان ۋە ئۈمىدلەندۈرگەن ئىدى .

قىنىقىسى ، مىللىي ئەدەبىياتنى گۈللەندۈرۈش ، ئىجادىيەت قوشۇنىنى ئۆستۈرۈش شائىرنىڭ ھەردەملىك خىيالى ، ئارزۇسى ۋە پائالىيەت نۇقتىسى ئىدى . بۇ يولدا تاشلانغان ھەر بىر قەدەم ئۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك تۇيۇلاتتى . شۇڭا ، ئەدەبىي ھاياتىمىزدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر يېڭىلىقمۇ شائىرنى چوڭقۇر ھاياجانلاندۇراتتى ، خۇشال قىلاتتى . 1988 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . ئەتىسى تېيىپجان ئاكا قورۇدا مېنى چاقىرىپ :

— سىزنىڭچە ، تۈنۈگۈنكى تەزىيە يىغىنى قانداقراق بولدى ؟ — دەپ سورىدى . قارىسام ، شائىرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ، كەيپى چاغ ئىدى .

— ياخشى بولدى ، — دېدىمەن ئەينەن تەسىراتىمنى سۆزلەپ ، — ھەر ھالدا يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېتىبارى بارلىقىغا بۇگۈن خېلى ئىشەندىم .

— يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بار ، — دېدى شائىر چۈشەندۈرۈپ ، — ئۇ بولسىمۇ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچى . تۈنۈگۈن كۆردىڭىز ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە مەسئۇللىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى ، بىز بىللە بىلەن كۆز يېشى قىلدى . بۇنىڭ خەلققە ۋە سىرتقا بولغان تەسىرى كىچىك ئەمەس . بايا ئابلىز نازىرى بىلەن دېيىشتۇق ، سىز مۇشۇ ھەقتە بىرەر نەسىر بولامدۇ ، خاتىرە بولامدۇ يازسىڭىز قانداق ؟ بۇ ئىش گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنسا ، ئۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ . پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىلغۇاتقان بۇنداق چوڭ غەمخورلۇقى ، ئېتىبارىنى ھەممەيلەننىڭ كۆرگىنى ، ئاڭلىغىنى ياخشى ...

دەرۋەقە ، شۇ كۈندىكى يىغىن ھەقىقەتەنمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى . يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۇجىسى ، رەئىسلىرى ئۆزلۈكىدىن كەلدى . ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرىسى مەرھۇمنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى نازىر ياكى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك بولمىغاچقا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەزىيە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، يولداش سۇڭ خەنلياڭ جىددىي ھالدا : « يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ بۇنداق دەرىجە ئايرىمىسى بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ياراتقان ئىجادىي مېۋىسى ، خەلق ئىچىدىكى ھۆرمىتى بىلەن ئۆلچەش كېرەك ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى خەلق بېرىدۇ » دېگەن ئىدى . بۇ سۆز يالغۇز مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىغىلا قارىتىپ ئېيتىلغان بولماستىن ، بەلكى بىر پارتىيە رەھبىرىنىڭ پۈتۈن يازغۇچى ، شائىرلارغا بەرگەن يۈكسەك باھاسى ۋە قىزغىن ئۈمىدى ئىدى .

تېيىپجان ئېلىيوپ شۇ كۈندىكى تەزىيە يىغىنىدىن ئەنە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات ئالغان ۋە پارتىيە ، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدى .

بۇ ئىش خېلى ئۇزاققىچە شائىرنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلمىدى . 1988 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، مەن شائىر بىلەن بىللە مەملىكەت بويىچە غۇلجىدا ئېچىلغان ئەدەبىي تەرجىمانلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم . بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ مەندىن شۇ ئىشنى يەنە سورىدى :

— ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدىكى نەرسىنى قانداق قىلدىڭىز ؟

مەن خىجىللىقىمنى بىلدۈرۈپ :

— شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا دەرھال بىر تەرەپ قىلماپتىمەن ، كېيىن ئۇ توغرىدىكى تەسىراتلار ئاستا ـ ئاستا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ ، ئىلھامىم كەلمىدى ، — دېدىم .

ئەھۋال راستىنلا شۇنداق ئىدى . شائىر ماڭا بۇ ئىشنى ئېيتقان چاغدا ، قولۇمدا باشقا بىر ئىش بولغاچقا ، شۇ ھامان كىرىشىپ كېتەلمىدىم ، كېيىنچە تەسىراتىم سۇسلىشىپ ، ئىلھامىم قېچىپ كەتكەن ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېيىپجان ئاكا بىر ئاز ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ :

— بىز بەزى ئىشلارنى بەكمۇ سەل چاغلايمىز ، بەزىدە ناھايىتى ئاددىي ئىشلاردىن چوڭ ھەقىقەتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئاشۇ كۈندىكى يىغىن گەرچە يىغا - زارىغا تولغان تەزىيە يىغىنى بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىي ھاياتىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ، سۆيۈندۈرىدىغان ، ئۈمىدلەندۈرىدىغان يىغىن بولغان ئىدى .

ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالدى . چىرايىمۇ تۈرۈلگەن ئىدى . كېيىن يەنە كەيپىياتىنى توغرىلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئۇ كۈنى سۈك خەنلىياڭ شۇجىنىڭ ئېيتقان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ناھايىتى جايىدا بولدى . ھەقىقەتەنمۇ يازغۇچى ، شائىر دېگەن ناھايىتى شۆھرەتلىك ، ئۇلۇغ نام ، ئۇنى ھەر قاندىق دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ . ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەخلاقىنىڭ سىمۋولى . ئەجدادلارنىڭ ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ، ئىلىم - پەن دۇردانىلىرى ئاشۇ يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن ، بىز بۇ ئۇلۇغ نامنىڭ ھۆددىسىدىن قانچىلىك چىقتۇق ؟ مەن تېخى بىر نەرسە دېيەلمەيمەن . ئۆزىنى يازغۇچى ، شائىر دەپ ئاتىغان ھەربىر ئادەم بۇ نامغا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى سىلىشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ، ئەلۋەتتە !

مەن شائىرنىڭ قەلبىدە ئاشۇ تەزىيە يىغىنى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان پىكىرلەرنىڭ ئۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك بولغانلىقىنى ئانچە ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمەن . شائىر بۈنى ئەدەبىياتىمىز بىلەن پارتىيىنىڭ ، ئەدىب بىلەن رەھبەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزەتكەن ۋە ئويلىغان ئىكەن . شۇ چاغدىلا مەن ئاشۇ تەزىيە يىغىنى توغرىسىدا بىرەر پارچە نەرسە يېزىپ ئېلان قىلمىغانلىقىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم .

غۇلجىغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە يەنە نۇرغۇن سۆھبەتلەرنى قىلىشتۇق ، سۆھبەتنىڭ ھەممىسى ھايات ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا ،

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا بولغان ئىدى.

تېيپىجان ئاكا تالانتلىق، شۆھرەتلىك شائىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە زوقمەن كىتابخان ئىدى. ئۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنى ئوقۇپ، تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ يېرىك ئەسەرلەرنى قويماي ئوقۇيتتى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتاتتى. دەل شۇ قېتىم ئۇ ماڭا يېڭىلا نەشىردىن چىققان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

— رومانىڭىزنى نەنسەندە دەم ئېلىۋېتىپ ئوقۇپ چىقتىم. ماڭا ياقتى. تۇنجى يېرىك ئەسىرىڭىز بولۇشىغا قارىماي، مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ، بۇ ھەقتە ئابلىز نازىرى بىلەنمۇ پىكىر ئالماشتۇردۇق. بەزى بابلارنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. رومانىڭىزدا مەن ئاڭلىمىغان 32 سۆز بار ئىكەن، ئاستىغا بىزىپ قويدۇم. گەرچە ئۇ يەرلىك سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىدۇ. تىل جەھەتتە خېلى ئىزدىنىپ، ئەجىر قىلىپسىز. ئەلۋەتتە، بەزى يەرلەرگە پىكرىممۇ چىقتى. بۇ ھەقتە كېيىنرەك سىزگە تەپسىلىي بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ پىكىر ۋە تەسىراتلىرىمنى بىلدۈرۈش نىيىتىم بار، ئۇنى شۇ چاغدا كۆرۈپ باقارسىز. ھازىر سىزگە ئېيتىدىغىنىم: تۇنجى قەدەمنى ئەمدى باستىڭىز، مەغرۇرلۇقتىن، كىبىردىن ساقلىنىڭ. ئادەم كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. مەندىمۇ بۇنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بار. ئۆزىنى ھەمىشە ئۇنچە - مارجانلارغا ئوخشىتىدىغان ئادەم جەزمەن كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ، شۇڭا غادىيىشنى، ئۆزىنى ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بىر روھىي ئىللەت، ياشلار، بولۇپمۇ سىلەر ئوتتۇرا ياشلىقلار بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئادەم كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغانغا كىچىكلەپ كەتمەيدۇ! بۇ جەھەتتە، زۇنۇنكام بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز، ئۇ كىچىك پېئىل، پەزىلەتلىك ئادەم، بىز ئۇنى دورىيالماي كېتىۋاتىمىز!

كۆيۈمچان ئۇستازنىڭ ئاشۇ قېتىمقى يېقىملىق سۆزلىرى، قىزغىن

ئۆمىدى، ئۇلۇغ ئادەملەرگە خاس سەممىي نەسھەتى ھازىرغىچە قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ راستتىنلا ئۆزى ئېيتقاندەك، غۇلجىدىكى يىغىندىن قايتىپ كېلىپلا بېيجىڭدىكى يىغىنغا بېرىشنىڭ ھارپىسىدىكى بىر جىددىي پەيتتە رومانىم توغرىسىدىكى خەتنى يازدى. بۇ خەت ئۇنىڭ 45 يىللىق يالقۇنلۇق ئىجادىي ھاياتىدىكى ئاخىرقى تەۋەررۈك ئەسەر بولۇپ قالدى. بۇ خەت مەن ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ شانلىق بىر يالداما بولۇپ قالغۇسى!

* *

«ئۇلۇغ ئادەم ھەمىشە بالىدۇر. ئۇ جان ئۈزۈۋېتىپ دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بالىلىقىنى قالدۇرىدۇ.» بۇ ئاتاقلىق ھىندى يازغۇچىسى تاگورنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاگورنىڭ ئەنە شۇ سۆزىگە ئاھاڭداش بولدى، كىشىلەرگە قەلبىنىڭ سەبىي ۋە پاك يەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى...

1989 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەن شائىرنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا چىقتىم. بۇ چاغدا ئاتاقلىق تىلشۇناس، يازغۇچى، شائىرلاردىن ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە شۇكۇر يالقىنلارمۇ دوختۇرخانىغا چىققان ئىكەن. بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پىكرى، گەپ ـ سۆزى ۋە سەزگۈسى خېلى جايىدا ئىدى. ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ، ھەممەيلەن بىلەن تىنچلىق سوراشتى. خىيالىدا كىملەرگىدۇر يەنە بۇرۇنقىدەك چاقچاق قىلغۇسى، قىزىق ـ قىزىق گەپلەر بىلەن كۈلدۈرگۈسى باردەك قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىپ دېيىشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ شائىر سەپداشلىرىغا كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى، يۈرىكىدىكى ئاخىرقى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئالدىرىماي، دانىمۇ دانە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەر بىلەن كۆرۈشۈۋالغىنىمغا خۇشالمەن... بۇنداق چاغلاردا

يۇرەكتىكى سۆزلەر كۆپ بولىدىكەن ... ئايرىم - ئايرىم سىردىشىپ، بۇ-
رۇن كۆڭلۈڭلارنى چېگىسىپ قويغان يەرلىرىم بولسا يېشىۋېتەي دېۋېدىم ...
ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن ... مەندىن ئۆتكەن ئىشلار بولسا رازى بو-
لۇڭلار ... شۈكۈر ئاكا، سىزنى رەنجىتكەن يەرلىرىم كۆپ، كۆڭلىڭىزدىن
چىقىرىۋېتىڭ ... ئىبراھىم ئاكا، سىز بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشالمىدۇق،
بولمىسا ئەدەبىي تىلىمىز توغرىسىدا ياخشى كىتابلارنى يېزىپ
بېرەتتىڭىز ...ئۆتكۈر بىلەن كۆپ سىرداش بولالمىدىم ... ئەپۇ قى-
لىڭلار، رازى بولۇڭلار ....
شائىرنىڭ كۆزى ياشقا تولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ
چىقىۋاتقان ئاخىرقى ئىسسىق ياشلىرى تاتارغان، ئۆمچەيگەن يۈزىنى
بويلاپ ئۆزۈلمەي ئاقتى. باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇنى ئېغىر
قايغۇ باستى. ئەگەر بۇ ھالەت ئۇزاقراق داۋام قىلسا، شائىرنىڭ كېسىلىدە
ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئىبراھىم مۇتىئى دەرھال
ئۆزىنى ئوڭشاپ، شائىرغا تەسەللى بەردى:
— كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلا، ئاداش، شائىر دېگەن ئۈمىدۋار
بولىدۇ، ئۆلسەكمۇ ناخشا توۋلاپ كېتىمىز. ئابدۇللا توقاينىڭ ھېلىقى شې-
ئىرى ئېسىڭلادا يوقمۇ؟ مەن سىلىگە ئۆز پېتى ئوقۇپ بېرەي:

جىرلى، جىرلى ئۆلەمنىمەن ئۆلگەندە دە
دەشمى قالمام ① غەزرائىلنى كۆرگەندە دە.
بىس كېتەمىز، سىز قالاسىز دېپ جىرلايمىن
جەسەدىمنى تۇپراق بىلەن كۆمگەندە دە.

بۇنى تەرجىمە قىلىمىسامۇ چۈشىنىسىلە، شائىر دېگەن ئەنە شۇنداق
بولىدۇ. سىلە جەزمەن ياخشى بولۇپ كېتىسىلە، تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى
بىللە ئىشلەيمىز ...
كونا سەپدىشىنىڭ تەسەللىسى، كۆڭۈل ياسىشى بىلەن شائىرنىڭ

① دەمشىقالمام — سۆزلەپ تۇرۇش مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈردى . ئەمدى بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ ئۇستىگە يۈتكەپ ، چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب بىلەن مۇنداق دېدى :

ـــ ئويلىسام ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن . ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ ، ناچارلىرىمۇ بار ئىكەن . بىر مەزگىل مۇقامدا يوق سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن مۇقامدا يوق شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قويدۇم.بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن ... شېئىرىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ، يۈرىكىمدە يىغلايمەن ...

شائىر يەنە جىم بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاغرىقنىڭ دەر-دىدە بىئارام بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

خەلقىمىزدە « ئات يىقىلماي يول تاپماس » دېگەن گەپ بار . تېيىپجان ئاكىمۇ 60 يىللىغا يېقىن ھاياتىدا بىر نەچچە قېتىم يىقىلىپ قو-پۇپ ، يەنە يىقىلىپ ، يەنە قوپۇپ ئاخىر يول تاپقان ئىدى . بۇ يول شائىرنى خەلق ئۈچۈن ، مىللىي ئەدەبىيات ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يا-رىتىشقا ، تېخىمۇ ساپ ، ھەقىقىي ۋىجدان بىلەن ياشاشقا ئېلىپ باراتتى . لېكىن شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتى يار بەرمەيۋاتاتتى ، شائىر ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى ، ئەپسۇسلىناتتى ...

دەرۋەقە ئەپسۇسلىنىشنى بىلىشمۇ ئادەمدە بولىدىغان خىسلەتلەرنىڭ بىرى ، چۈنكى ، ئەپسۇسلانغان شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئەپسۇسلىنىشنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان قىزغىن بىر ئۈمىدى بولغان بولىدۇ . ۋەھالەنكى ، ھاياتتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى ، ئۆمۈر بويى يامان ، سەت ، قەبىھ ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ بىرەر قېتىم ، ھەتتا ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ ئەپسۇسلانمايدۇ . بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى شائىر تۆۋەندىكى رۇبائىيىدا مۇنداق سۈرەتلىگەن ئىدى :

نامەردلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت ،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت ، ئەزەلدىن ئەبەت .
ئەگەر بار دېسەڭ ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى ،
راست ، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت !

شائىر كېيىنكى سۆزىدە ئۆزىنىڭ پىشقەدەملەرگە بولغان ئارزۇسىنى، قىزغىن ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىلەر قوشۇنىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ھەممە ئىشتا باشلامچى بولۇڭلار، ياشلىرىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى سۆزلەيلى. مېنىڭچە، ھازىر قوشۇنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مۇھىم. قوشۇنىمىز ئىتتىپاق، مۇستەھكەم بولسىلا، ئىشىنىمەنكى، ياخشى، ئۆلمەس، ئۇلۇغ ئەسەرلەر چىقىدۇ ... يۇرتۋازلىقتا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرەيلى ... ئەدەبىياتىمىز يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس، مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ...

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر دەرھال شائىرنى قۇۋۋەتلەپ، — يازغۇچى، شائىرلارنى يۇرت بىلەن باغلىغاندىن كۆرە، پۈتۈن مىللەت بىلەن باغلىغان تۈزۈك. خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ مۇنۇ بېيىتىنى سىز بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان:

ھازاران خېيش ناقابىل ئەگەر مىيى رەپت چىغىم دارەم،
ۋەلى تەرسەمكى يەك بىگانىي ئاقىل رەۋەت ئەزدەست.

مەنىسى: ئۆزۈمنىڭ تۇغقان، خىش - ئەقرىبالىرىم بولسىمۇ، كېرەكسىز، ناقابىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن قانچىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنىڭدىن مېنىڭ غېمىم يوق، پەرۋايىم پەلەك، لېكىن ماڭا يات بولسىمۇ كىم ۋە قەيەرلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىل، بىلىملىكلەردىن بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ دەرد - پىراقىدا ياقامنى چاك - چاك يىرتىمەن!

مەن بىر چاغدا بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم، سىز ناھايىتى قايىل بولۇپ يېزىۋالغان ئىدىڭىز ...

— شۇنداق، ئېسىمدە، ... — دېدى شائىر بېشىنى يېنىك ئىغىتىپ، — بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ سۆز ئىكەن، مۇشۇنداق پىكىرلەرنى شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ، بىز ئەمەل قىلالماپتۇق ... ئۇنىڭ مەنىسىگە تازا چۈشىنەلمەپتۇق ... لېكىن سىلەر بار ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلالايسىلەر ... ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئاشۇنداق ئۇلۇغ پىكىرلەرنى ئورناتقۇزايلى .

ئىبراھىم مۇتىئى شۇ ھامان ئۆتمۈش تارىخنى ئەسكە ئالدى :

— بۇ ھەقتە ھەقىقەتەن ئاچچىق ساۋاقلار كۆپ ، يۇرتۋازلىق مەسىلىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ، مىللىتىمىزدىكى بىر تارىخىي ئىللەت . 20 - يىللارنىڭ بېشىدا خەلقىمىز ئومۇمىي بىر ئېتنىك نام بىلەن ئاتالماي ، قانداقتۇ تۇرپانلىق ، قەشقەرلىك ، ئىلىلىق ، خوتەنلىك ، دولان ، تارانچى دېگەندەك يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىپ يۈرەتتى . كېيىن بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار بۇنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يېتىپ ، مىللەتنىڭ « ئۇيغۇر » دېگەن ئېتنىك نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە شۇ نام ئاستىدا خەلقىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كەلدى . ۋەتەنپەرۋەر ، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « ئۇيغۇر » تەخەللۇسىنى قويۇپ ، يۇرتۋازلىق ئىللەتلىرىگە دەككە بەرگەن ئىدى . مېنىڭچە ، ھەر قانداق يۇرتۋازلىقنىڭ ئارقىسىغا قانداقتۇ بىر شۇم غەرەز يوشۇرۇنغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭغا يول قويماسلىقىمىز ، بۇ ناچار ئىللەتنى ياش ئەۋلادلارنىڭ پاك قەلبىگە يۇقتۇرماسلىقىمىز لازىم . بۇ جەھەتتە ، سىز ئېيتقاندەك ، بىز پېشقەدەملەرنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەنە شۇ خۇنۇكلۇكنى ، ئاچچىق ساۋاقلارنى سۆزلەش مەسئۇلىيىتىمىز بار !

شائىرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك ، يەڭگىل نەپەس ئالدى . چىرايىمۇ قايىللىق ، رازىمەنلىك بىلەن خېلى ئېچىلىپ قالدى ...

توغرا ، « روناق تاپىدىغان ئەل بىر - بىرىنى باتۇرۇم دەر » دېگەن گەپ بار . بۇ ھەقىقەتنى ھەممەيلەننىڭ چۈشىنىشى زۆرۈر ئىدى . شائىرنىڭ ئويلىغىنىمۇ ، كۈتكىنىمۇ ، ئارزۇسىمۇ ، ئۈمىدىمۇ شۇ ئىدى .

مەن شۇ كۈندىكى ئۇچرىشىشنىڭ شائىر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدىم . شۇنىڭدىن

كېيىن، ئۇنىڭ خۇش خۇي چىرايىنى، يېقىملىق، مەردانە ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم. بۇ چىراي، بۇ ئاۋاز بىزدىن مەڭگۈ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. شۇم ئەجەل ئاخىر ئۇنى ئېلىپ كەتتى ...

ئەي قەدىردان ئۇستاز، سىز ياراتقان شانلىق تۆھپىڭىزنىڭ شاراپىتىدىن ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولسۇن! سىزدىن قالغان تەۋررۈك قەلەمنى يۆلىگەن، مىڭلىغان شاگىرتلىرىڭىز مەردانىلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، سىز ئورۇندىيالمىغان ئارزۇ - ئارمانلارنى جەزمەن ئورۇندايدۇ!

1989 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

# تارىم ۋادىسىدىن ئەرەفات تاغلىرىغىچە

1991 ـ يىلى مايدا بېيجىڭ ـ موسكۋا خەلقئارا پويىزىغا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندىم . دۇنيا ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەن، ھايات بەكمۇ رەڭدار بولىدىكەن ، ئادەم بېشىدىن كەچۈرگەن ئازغىنا كەچۈرمىشمۇ تۇرمۇشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىكەن . بۇ سەپەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم ، ئاڭلىدىم، ئويلىدىم . شۇنىڭ بىلەن مەندە ئاز-تولا بىرنەرسە يېزىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى . يازغانلىرىم ئوقۇرمەنلەر نەزىرىدە ، مەن كۆرگەن دۆلەتلەرنىڭ تاغ ـ دەرياسى ۋە ئىجتىمائىي ، ئېتنىك ئەھۋالى توغرىسىدا ئاددىي ساۋات بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس !

### سىبىرىيە تايگىلىرىنى بويلاپ...

1991 ـ يىلى 26 ـ ماي ئەتىگەندە ۋەتەن چېگرىسىدىن ئۆتتۈم : ۋەتەن تۇيغۇسى ھەقىقەتەن مۇقەددەس ، ۋىجدانىي تۇيغۇ ئىكەن . مەن بۇنى ئىككى دۆلەت چېگرىسى ئايرىلىدىغان 200 مېتىردەك كېلىدىغان بىتەرەپ يەردىن ئۆتىۋاتقان چاغدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم . شۇ پەيت كۆڭلۈمدىن ناۋايىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى:

« ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە ،
يەنە رەنجۇ غۇربەت ھەۋەس ئەيلىمە ! »

مەن ئۆز ۋاقتىدا جۇغراپىيە دەرسلىكىدىن سىبىرىيىنىڭ كەڭلىكى

ۋە بايلىقى ، سىبىر تايگىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىكلىكى توغرىسىدا يېزىلغان ساۋاتلارنى ئوقۇغان ئىدىم . ئەمدى بۇ گۈلنى بۇ يەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن . سىبىرىيە ھەقىقەتەن پايانسىز يېشىللىق دۇنياسى ، بايلىق مەنبەسى ئىكەن . كۆككە بوي تارتقان قارىغايلىق ، قېيىنزارلىقلار- نىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ياپيېشىل توقايلىق ئادەم كىرسە ئېزىپ قالغۇدەك دەرىجىدە سىرلىق ئىدى . ھەممە يەر گۈل - چېچەكلەرگە ، ياۋا مېۋىلەرگە تولغان باغۇ بوستانلىق ئىدى .

پويىز مانا شۇ يېشىللىق دۇنياسىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتۈپ ، توپتوغرا بەش كېچە - كۈندۈز ماڭدى . بۇنداق ئۇزاق سەپەردە كىشىگە بىر-بىر ئەمەك بولىدىغىنى ياخشى ھەمراھ ، كۆڭۈللۈك سۆھبەت . مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە زىيالىيمۇ ، تىجارەتچىمۇ ، قاسساپ- مۇ ، ئاشخانا خوجايىنىمۇ ، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان تەقۋادار مولللىمۇ بار ئىدى . ئۇلار مۇقەددەس ئارزۇ ۋە ئېتىقاد بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى .

بىز چۈشكەن پويىز خەلقئارا پويىز بولغاچقا ، ئۇنىڭدا ھەر خىل دۆلەت ، ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئادەملىرى بار ئىدى . شۇڭا ، پويىزدىكى تۇرمۇشمۇ خىلمۇ خىل ئىدى . بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تۇرمۇشى ئالاھىدە قىزغىن ۋە ئۆزگىچە ئىدى . بىزنىڭ ۋاگوندا شەرقىي ياۋروپا تەرەپكە كې- تىۋاتقان ئىككى جۈپ بېيجىڭلىق ئوغۇل - قىز بىلەن يەنە بىر جۈپ چەت ئەللىك ( ئېھتىمال ئىنگلىز بولسا كېرەك ) بار ئىدى . ئۇلار كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا ۋاگوننىڭ تارغىنا كارىدورىغا چىقىۋېلىپ ، دېرىزىنىڭ يېنىدا بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ ، سىرتنى تاماشا قىلاتتى ۋە ھېسسىياتلىرى تو- يۇقسىز ئۆرلىگەن ۋاقىتلاردا بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشىپ سۆيۈشەتتى ، يالىشاتتى ...

ياشلارنىڭ بۇ خىل « ئاشكارا ئىشقىي - مۇھەببىتى » دەرھال مې- نىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە جىددىي ئىنكاس قوزغىدى . بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ھەمراھلىرىمغا بۇ ئەھۋال ناھايىتى غەلىتە ھەم تاسا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقىتىش ئورنى
www.uyghurkitap.com

دېيىپ تۈيۈلۈپ ، ھەيرانلىق ۋە بىزارلىق بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى :
— يائاللا ، نېمىنى كۆردۈم مەن ! خۇدايىم ، كۆزۈم كۆرمىگەن بولسۇن !
— شۇنى دېسىلە ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ! ؟ ھۇ ، ناشۇكۇر بەچچىغەرلەر ! ...
— تۇفى ! ... بىنومۇس ، ھاياسىزلار ! كۈپكۈندۈزدە ، خەلقئالەم ئالدىدا يالىشىۋاتقىنىنى ! ...
لېكىن ، ئارىمىزدىكى جاھان كۆرگەن بەزىلەر ئۇنداق قارىمىدى :
— مۇھەببەت دېگەن ئوچۇق - ئاشكارا ، ئەركىن نەرسە ! ئۇلار بىر - بىرىنى لايىق تاپقان ئىكەن ، نەدە ، نېمە قىلسا قىلمامدۇ ؟ سىلەرگە نېمە دەخلى ؟ ! — دېيىشتى .
شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە ئاشكارىلىقى توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە قىزىپ كەتتى .
كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشى تەبىئىي ھادىسە . چۈنكى ، رېئاللىقتا تۇرمۇش شەكلىگە ، گۈزەللىككە ۋە ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان قاراش ، چۈشەنچە ھەم تالاش - تارتىشلىق بولۇشى تەبىئىي . شۇنداق ئىكەن ، جەزمەن غۇلغۇلا كېلىپ چىقىدۇ !
يول داۋام قىلماقتا . تۇشمۇ تۇشتىن ئۆزگىرىپ تۇرغان ھادىسىلەر ، مەنزىرىلەر بىزنىمۇ يېڭى - يېڭى ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسىراتلار ئىچىگە باشلاپ ماڭماقتا .
پويىز ماي كۈنلىرىنىڭ ئەتىگەنلىكى رۇس قىزلىرىنىڭ كۆزىدەك يايپېشىل يالتىراپ تۇرغان بايقال كۆلىنى بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى . دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭقۇر ھېسابلىنىدىغان بايقال كۆلى ھەققەتەن ھەيۋەتلىك ئىدى . ۋاگوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ، كۆلنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشاتتى . مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان ھېلىقى بىيېجىڭلىق بىر جۈپ ياش كۆلگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى

پايانسىز ئېدىرلىقلارغا قاراپ پاراڭغا چۈشتى.

— قارىڭا، نېمىدېگەن كەڭ ۋە گۈزەل زېمىن بۇ! — دېدى يىگىت ئاچكۆزلۈك بىلەن يىراقلارغا قاراپ، — ئاڭلىشىمچە، 8 - ئەسىردە تاڭ سۇلالىسى بۇ يەرلەرنىمۇ باشقۇرغان ئىكەن!...

— شۇنداق، — دەپ قوشۇنچە قىلدى ئۇنىڭ يېنىدىكى قىز - مۇ — ئاتاقلىق شائىر لى بەيىنىڭمۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن.

بۇلارنىڭ سۆھبىتى مېنىڭ خىيال قۇشلىرىمنى ئۇر كۈتتى. ئۇلار زامان بىلەن ئادەم ئىسمىنى توغرا ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ماكاننى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى 8 - ئەسىردە بۇ يەرنى ئەمەس، بەلكى يەتتە سۇنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئالغان، لى بەيمۇ ئەنە شۇ يەتتە سۇنىڭ توقماق دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ چاغدا بۇ يەرلەردە بولسا، تۈركىي خەلقلەر ياشايتتى، شۇڭا، ئۇلار بۇ كۆلنىڭ ئىسمىنى بېلىق كۆپ بولغاچقا، «بايكۆل» دەپ ئاتىغان، كېيىن رۇسلار بۇنى ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە «بايكال» دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ئىشلار توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن بىرلا نەرسە ئېنىقكى، ھەر-كىمنىڭ ھەر نېمىدېيىشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخ ھامان ئۆز ھەقىقىتى، ئۆز قىياپىتى بويىچە مەيدانغا چىقىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئوبيېكتىپ نەرسە!

پويىزنىڭ پۇشۇلداپ تۇختىشى بىلەن خىيالدىن سەگىدىم، قارىسام، ئوتتۇراھال بىر ۋوگزالغا كېلىپ قاپتۇق. ھەممەيلەن پويىزدىن چۈشۈپ ھاۋالىنىشقا، ئەتراپتىكى بوتكا، ماگىزىنلارنى ئارىلاشقا باشلىدى. بوتكىلاردا ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللار كۆپ ئىدى. لېكىن ماگىزىنلار تاقاقلىق، ئوچۇقلىرىنىڭمۇ پوكەيلىرى ئاساسەن قۇرۇق ئىدى. شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر ئۇششاق تىجارەتچىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغلىقلىرىنى ئېگىزدىن قوشۇپ چېگىۋالغان ئاياللار ئىدى. قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان چېلەك، سېۋەتلىرىدە پىشۇرۇلغان تەرخەمەك،

www.uyghurkitap.com

ياگىيۇ ياكى قىزىل تۇرۇپ، گازىر - پۇرچاق دىگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلار تۆت تەرىپىگە خۇدۇكسىرەپ قارايتتى، كىملەردىندۇر ئەندىكىپ تۇراتتى. ئۇلار پويىزدىن چۈشكەنلەر بىلەن ئەمدىلا سودا قىلىشنى باشلىغۇيدى، قەيەردىندۇر تاپانچا ئىسىپ، توك كالتەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆتۈرۈۋالغان ساقچىلار پەيدا بولدى - دە، ھېلىقى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى بەئەينى لاچىن سوققان كەپتەردەك ئۈركۈتۈۋەتتى.

شۇ چاغدا، بىردىنلا كۆز ئالدىمغا بىرۋاقىتلاردا بىزدىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئاپەتلىك يىللارنىڭ خاتىرىسى كەلدى. ئۇ چاغدا بىزنىڭمۇ جاپاكەش، كاج تەلەي خەلقىمىز قورساق بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنلەرگە يولۇققان ئىدى. قاسساپلار بىرەر پاخلاننى قازىناقلىرىدا يوشۇرۇن سويۇپ، گۆشىنى بىر جىلىڭ، يېرىم چىڭدىن بەللىرىگە تۇگۈپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سودا - سېتىق قىلاتتى. ناۋايلار بولسا، ئۆيىدە ياققان نانلىرىنى تۆت - بەشتىن قويۇنلىرىغا تىقىپ، ئىما - ئىشارە بىلەن خېرىدار چاقىراتتى. ئەگەر ئۇلار ئازراق بىخەستەلىك بىلەن ئاشكارا سودا قىلىپ قالسا، شۇ ھامان تاياق - توقماق ئاستىدا قېلىپ، ماللىرى پاك - پاكىز مۇسادىرە قىلىناتتى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى ـــ بىز ئۈچۈن ئاللىقاچان كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنى ئەمدىلىكتە يىراق سىبىرىيىنىڭ چوڭ - كىچىك بېكەتلىرىدە كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم ئىچ - ئىچىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم!

## سالام، موسكۋا!

ھېلىمۇ ئېسىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدىلا، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بۇ ئىسىمنى مېنىڭ قەلبىمگە سىڭدۈرگەن. شۇندىن باشلاپ «موسكۋا» مەن ئۈچۈن تونۇش ھەم يېقىملىق ئىسىم بولۇپ قالغان ئىدى! كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىسىمنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى

ۇرغۇن پاجىئەلىك ھەم سەلتەنەتلىك ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەنلىكىم تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە. ئەڭ مۇھىمى،
ەن ئۈچۈن يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك بولغان ئۇلۇغ كىشىلەردىن پۇشكىن،
گوگول، تولستوي، بېلىنسكىي، گوركى، پاستېرناك، شولوخوۋ
ناتارلىق يازغۇچى، شائىرلار مانا شۇ خاسىيەتلىك زېمىندا ياشاپ، ئىجا-
دىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە
ۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان! شۇڭا مەندە بۇرۇندىنلا بۇ كاتتا شەھەرنى
بىر كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل خاتىرىلەرنى بېسىپ ياتقان قىزىق
نۇپۇرىقىنى تاۋاب قىلىش ئارزۇ - ئىستىكى بار ئىدى.

مەن ئەنە شۇنداق ھۆرمەت ۋە ھاياجان ئىلكىدە، ماي ئېيىنىڭ
ئاخىرقى بىر كۈنى سائەت ئىككى بىلەن موسكۋانىڭ كىيېۋسكىي ۋوگزا-
لىغا كېلىپ پويىزدىن چۈشتۈم. كۆز ئالدىمدا ھەقىقەتەن باشقىچە بىر
دۇنيا — خىلمۇ خىل چىراي، رەڭگا رەڭ كىيىم، ئېگىز، ھەيۋەتلىك بى-
نالارغا تولغان شاۋقۇن - سۈرەنلىك بىر دۇنيا نامايان بولدى.
كىيېۋسكىي ۋوگزالى ئوكرائىنانىڭ ئىمارەتچىلىك پاسونىدا سېلىنغان،
ئانچە ھەشەم - دەرىمىي يوق ۋوگزاللارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ يەردە
مەخسۇس جەنۇبىي ياۋروپاغا بارىدىغان پويىزلار باشقۇرۇلىدىكەن. بىز بىر
نەچچە ھەمسەپەرلەر يۈك - تاقلىرىمىزنى ۋوگزالنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ
قويۇپ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق.
چۈنكى بىز بۇ يەرگە كېلىپلا گاچا، گاس ھەم قارىغۇغا ئايلىنىپ قالغان
ئىدۇق. تىل بىلمەيمىز ھەم باشقىلارنىڭكىنى ئاڭلاپ چۈشەنمەيمىز،
ھەتتا ئۆزىمىز تۇرغان يەردىن تۆت قەدەم نېرىغا بارالمايمىز. قىسقىسى،
بىز گويا باشقا بىر كائىناتتىن تۇيۇقسىز بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان
ئادەمدەك غېرىبلىق، يېتىملىك ئىچىدە قالغان ئىدۇق. ئەتراپىمىزدا يۈر-
گەن ھەر خىل ئادەملەر — قولتۇقىغا دىپلومات سومكىسىنى قىستۇرۇپ،
كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيگەن زىيالىيلار، نەسلى بۇزۇلغان
ئاجايىپ غەلىتە ئىتلارنى يېتىلىۋالغان سېرىق چاچ، كۆك كۆز خانىملار،

www.uyghurkitap.com

چاچلىرى پاخپايغان، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، بويىنىغا كرېست بەلگىلىك زەنجىر ئېسىۋالغان هامماللار بىزگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ كېتىشەتتى. ھەممىسى پەرلىرىم ئىچىدىكى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، بېشىغا شاپاق دوپپا، ئەگنىگە ئىشتانباغلىق كەك ئىشتان بىلەن مەخسۇمچە ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر - ئىككىسى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ، پىچىرلىشاتتى، كۈلۈشەتتى...

بىز ئۆزىمىزگە ئازاب، باشقىلارغا كۈلكە بولۇپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغان ھالەتتە 2 — 3 سائەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. شۇ چاغدا بىزدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ يۇك - تاقلارنى بىر يەرگە يىغىشتۇرۇپ، ياتاق بىلەن قورساقنى يەيدىغان بىر نەرسە تېپىش ئىدى. دەل شۇ چاغدا، خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئۈچ - تۆت باللار قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ، بىزنىڭ پۇت - قوللىرىمىزغا ئېسىلىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ چوڭراقى 10 — 11 ياشلىق قىز بالا، كىچىكلىرى ئالتە - يەتتە ياشلىق ئوغۇللار ئىدى، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك كىيىملىرى جۇل - جۇل، باش - كۆزى مەينەت ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ رەڭگىرويىغا، ئۆڭلىگە، ئۆز ئارا ۋىچىرلىشىۋاتقان تىلىغا زەن سېلىپ، شۇ يەردىكى سىگانلارنىڭ ياكى چىركەسلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بىز ئىشارەت بىلەن ئۇلارغا بەرگۈدەك نەرسىمىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇشىمىزغا ساقاللىق دىۋانىدىن بىرسى كەلدى. ئۇ خۇددى ئۇرۇش يىللىرىدا مېيىپ بولغان سولداتتەك، بىر پۇتىنى تىزىدىن يوق، ھاسا تايىنىۋالغان، قاسماق كەپكە شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ، ئاپئاق چاچلىرىنى پاخپايتىۋالغان، ئۆشنىسىگە كونا بىر خالتىنى ئېسىپ، قولىدا يوغان بىر قەلەي كۇرۇشكا كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز بۇ چوڭ - كىچىك دىۋانىلەردىن يانچۇقىمىزدا ئېشىپ قالغان بىر نەچچە تال كەمپۈت، پېچىنىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇق. بىر نەچچە مىنۇت ئە-

چىندە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئەھۋال بىردىنلا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېزىۋەتتى. مەن ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، كۆڭلۈمدە مۇقەددەس ئورۇن ئالغان بۇ مۆتىۋەر شەھەرگە كېلىپلا مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. ھەي... خىيال باشقا، ھايات باشقا ئىكەن - دە!

...

ئاستا - ئاستا كەچ كىرىشكە باشلىدى، بىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قالدۇق. شۇ چاغدا، تەلىيىمىزگە ھامماللار ئىچىدىن بىر - ئىككى تاتار چىقىپ قالدى. بىز ئۇلار بىلەن چالا پۇچۇق سۆزلىشىش ئارقىلىق، ۋوگزالنىڭ يۈك - تاق ساقلايدىغان يېرىنى تاپتۇق. لېكىن ھامماللار بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سومكا - ئاغارلىرىڭلاردىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، بولمىسا يوقاپ كېتىدۇ» دېدى. بۇ گەپ بىزنى بىر ئاز ئەنسىرىتىپ قويدى. بىز يۈك - تاق ساقلايدىغان بىر سىنگە بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان ماي قەلەم بىلەن بىر نەچچە تال تىرناق ئالغۇچ بېرىپ، يۈك - تاقمىزغا ئوبدانراق قاراپ قويۇشنى تاپىلىدۇق.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بېشىمىزغا يەنە بىر غەم چۈشتى. قەيەردە ئۇخلاش كېرەك؟ ئەتراپتىكى مېھمانخانىلاردىن ئورۇن تاپالمىدۇق. قولىمىزدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتىدىغان ئامېرىكا دوللىرى، سوۋېتنىڭ رۇبلىسى تۇرۇقلۇق، بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن ياتىدىغان ئورۇن تېپىلمايدىغانلىقى بىزگە بەكمۇ ئەلەم قىلدى. شۇنچە ھەيۋەتلىك، كاتتا موسكۋادا بىزدەك غېرىب - مۇساپىرلار سىغقۇدەك بىرەر پاناھلىق جاي يوقمىدۇ؟ كونىلار توغرا ئېيتىپتىكەن: «ئايىغىڭ كىچىك بولسا، دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن نېمە پايدا؟!» مېنىڭچە، جەمئىيەت تەرەققىياتى ھامان ئادەملەرنىڭ ئوبدانراق ياشىشى ئۈچۈن قولاي شارائىت يارىتىشى كېرەككۇ؟! ھازىر بۇ يەردە بىزنى قىيناۋاتقىنى يالغۇز ياتاقلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى سەپەر ئۈچۈن پويىز بېلىتى ئالىدىغان يەرنى تېپىشنىڭ قىيىنلىقى ئىدى. موسكۋادا توققۇز يەردە كاتتا - كاتتا پويىز ۋوگزاللىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە بېلەت سېتىلمايدىكەن، بېلەت شەھەرنىڭ ئاللى-

www.uyghurkitap.com

قانداق بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا سېتىلىدىكەن. دېمەك: «بىرى باغدا، بىرى تاغدا» دېگەندەك، پويىز بار يەردە بېلەت يوق، بېلەت بار يەردە پويىز يوق ئىكەن! شۇنداق قىلىپ، موسكۋانىڭ تۇنجى كېچىسىنى ۋوگزالنىڭ كۈتۈش ئۆيىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا بەزىدە ئولتۇرۇپ، بەزىدە يېتىپ ـ ياتا قىڭغىيىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. مەن ئۈچۈن، بەش كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئازابىدىنمۇ كۆرە، مۇشۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش بەكمۇ مۈشكۈل تۇيۇلدى. مۈگدەپ ئولتۇرۇپ يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. كېيىن بېشىمغا كىچىك سومكىنى قويۇپ، سوزۇلۇپ ياتتىم ـ دە، ئۇيقۇغا كەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە چۆچۈپ ئويغاندىم، سەزدىمكى، توڭلاپ، تىترەپ، شۈمشىيىپ قاپتىمەن. ماي ئېيى موسكۋانىڭ يامغۇرلۇق كۈنلىرى بولغاچقا، كەچ ۋە سەھەردە خېلى ئاچچىق سوغۇق بولىدىكەن. قارىسام، سائەت تۆتكە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋوگزالنىڭ سىرتىغا چىقتىم. سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇپۇق يورۇپتۇ. يۈزۈمگە خۇددى تاغ سەلكىنىدەك ساپ ۋە سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى. كېچە ئازراق يامغۇر ياغقاچقا، ئاسفالت يوللار چىراغ نۇرىدا پاكىز يالتىرايتتى. نەمخۇش سوغۇق ھاۋا بىلەن تېخىمۇ توڭلاشقا باشلىدىم. ھەرىكەتلىنىش كېرەك، ھەرىكەت بىلەن ئىسسىنىش كېرەك! كىيېۋسكىي ۋوگزالنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە ئۈچ بۇرجەك باغچا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا چوڭ ئاسفالت يول بار ئىدى. مەن شۇ يولنى بويلاپ چارەك سائەتتەك يۈگۈردۈم ۋە ئىسسىپ تەرلىگەندىن كېيىن، ئارقىمغا قايتىپ ھېلىقى ئۈچ بۇرجەك باغچىنى ئايلاندىم. باغچا چىرايلىق، بۈككىدە ئىدى. كوچىلارغا تېخى ئادەم چىقمىغاچقا، ھەممە يەر تىنچ ۋە خىلۋەت ئىدى. لېكىن، تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا مۇڭلۇق گىتار ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن قىزىقىپ شۇ تەرەپكە سىلجىدىم. گۈللۈكلەر ئارىسىغا قويۇلغان چەتتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئۈچ رۇس يىگىتى ئولتۇراتتى. ئوتتۇرىسىدىكى يىگىت بىر پۇتىنى يەرگە، بىر پۇتىنى ئورۇندۇققا قويۇپ گىتار چېلىۋاتاتتى، ياندىكى ئىككىسى ناخشا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. ئۇلار شىركەيىپ ئىدى، كۆزلىرى

خۇمارلاشقان، كېيىملىرى ساڭگىلى - سۇڭگۇل كۆرۈنەتتى. ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا قالايمىقان تاشلانغان ۋودكا بوتۇلكىسى، كونسېرۋا قۇتىسى، تاماكا قالدۇقى ۋە ھەر خىل سۇلياۋ خالتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئۇلار كېچىچە مۇشۇ يەردە تۈنىگەندەك، ئۆزلىرىچە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، مۇھەببەت ناخشىلىرى بىلەن مەست بولغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى بىلمىسەممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھاڭىدىن، ئاۋازىدىن، روھىي كەيپىياتىدىن بىر خىل مىسكىنلىكنى، چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. شۇ چاغدا، قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بىر چال يەردىكى بوتۇلكىلار بىلەن كونسېرۋا قۇتىلىرىنى يىغىپ يەلكىسىدىكى خالتىغا سالدى ۋە يېنىدا ھېچكىم يوقتەك قاراپمۇ قويماي، ئالدىمىزدىن دىڭگۇكلاپ ئۆتۈپ كەتتى...

مەن موسكۋانىڭ تۈنجى سەھىرىنى ئەنە شۇنداق يۈگۈرۈش، سەيلە قىلىش ۋە يېڭى تونۇشلار بىلەن غايىبانە سىردىشىش ئارقىلىق كۈتۈۋالدىم!

مەن موسكۋادا بار - يوقى تۆت كۈن تۇردۇم. كۆرگەنلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلگە پۈككەن ئاساسلىق جايلارنى كەزدىم، ئايلاندىم.

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، 8 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ چوڭ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. شەھەرنىڭ توققۇز يېرىگە جايلاشقان چوڭ - چوڭ پويىز ۋوگزاللىرى موسكۋانى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ھەر قايسى شەھەر - يېزىلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن تۇتاشتۇراتتى. شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كېرېمىل سارىيى بىلەن قىزىل مەيدان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىگە يارىشا سەلتەنەت ۋە سالاپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى قەدىمكى چېركاۋلارنىڭ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك مۇنارلىرى بىلەن يېڭى پاسوندىكى قات - قات ئىمارەتلەر رۇس خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بىلەن كۈچلۈك مىللىي روھىنى

نامايان قىلاتتى ! مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى ۋە ھەيران قالدۇرغىنى ، پۈتۈن موسكۋا شەھرىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئوراپ تۇرىدىغان 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مېترو ( يەر ئاستى تۆمۈر يولى ) بولدى ، ئۇ دۇنيا بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مېترو بولۇشقا مۇناسىپ ياسالغان ئىدى . ئۇنىڭ ئازادە ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى پەن ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولسا ، ئۇنىڭ گۈزەل نەقىش ۋە بېزەكلىرى يۈكسەك سەنئەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى . خۇددى يەرنىڭ قەھرىگە سىڭىنغاندەك بۇنداق چوڭقۇر ، پۇختا ، مۇرەككەپ ۋە بەختەر قۇرۇلۇشنى پەقەت يۈكسەك زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ۋە يۈكسەك سانائەتنىڭ كۈچى بىلەنلا قىلغىلى بولاتتى . موسكۋا مېتروسىغا ھەقىقەتەن رۇس خەلقىنىڭ يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ھالال قان ـ تەرى سىڭگەن ئىدى . شەھەردىكى قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ئەڭ ئەرزىنىمۇ يەنە شۇ مېترو ئىدى . 15 كوپېك ( بىزدىكى بىر نەچچە پۇڭغا تەڭ ) بىلەن مېترونىڭ خالىغان يېرىدىن چۈشۈپ ، خالىغان يېرىدىن چىققىلى بولاتتى . موسكۋا شەھىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ناھايىتى ئەرزان ، راۋانلىقى ئىدى . كوچىلارنىڭ ھەر قانداق بىر دوقمۇشىغا ئون نەچچىدىن تېلېفون بوتكىسى ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئىككى كوپېكلىك تەڭگە پۇل بىلەن ناھايىتى تېزلا موسكۋانىڭ ھەر قانداق يېرى بىلەن ئازادە سۆزلەشكىلى بولاتتى .

« ئۆزبېكىستان رېستورانى » موسكۋادىكى ئۆزبېك ، قازاق ، ئۇيغۇر ، تاتار ... ئىشقىلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر يىغىلىدىغان سورۇن ئىكەن ، مەنمۇ ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە شۇ يەرنى تېپىۋالدىم ، تاماق مەسىلىسى ھەل بولدى . ياتاقنىمۇ موسكۋادا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرگەن ھەمشەھەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر زاۋۇتنىڭ مېھمانخانىسىدىن ھەل قىلدۇق .

ھايىت ـ ھۆيت دېگۈچە تۆت كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، موسكۋادىن ئايرىلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى . مەن پويىزغا چىقىدىغان ۋاقىتتا ،

ھەممە يېرى ھايات شاۋقۇنلىرىغا تولغان ، كىشلەر تىرىكچىلىك ۋەسۋە-سىسى بىلەن جىددىيلىشىپ يۈرىدىغان بۇ مېخانىك دۇنياغا ئاخىرقى قېتىم چوڭقۇر نەزەر بىلەن يەنە بىر قېتىم قارىدىم . كۆڭلۈمدە ھۆرمەت ۋە ئەپ-سۇس ، قىيالماسلىق ھەم بىزارلىققا ئوخشاش مۇرەككەپ تۇيغۇلار پەيدا بولدى !

شۇنداق ، ئادەمنىڭ روھى بەكمۇ مۇرەككەپ نەرسە ، ئۇ خۇددى چىلەكتە قۇيغاندەك ياغقان يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا پەيدا بولغان ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن چاقنىغان خىلمۇ خىل نۇرلارنىڭ بەزىسى ناھايىتى جۇلالىق ، روشەن بولسا ، بەزىسى بەكمۇ خۇنۇك ۋە بەدرەڭ بولىدۇ !...

## سوۋېت - رۇمىنىيە تۆمۈر يولىدا

موسكۋادىن كەچتە قوزغالغان پويىز ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن ئۇكرائىنانىڭ مەركىزى كىيېۋتىن ئۆتتى . يىراقتىنلا بۇ قەدىمكى ، مەشھۇر شەھەرنىڭ ئالتۇن مۇنارلىق چېركاۋلىرى ، كۆككە بويسوزغان زامانىۋى ئىمارەتلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا چاقناپ ، جۇلالىنىپ تۇراتتى . بوك - باراقسانلىق ئىچىدە سالاپەت بىلەن ئاستا ئېقىپ چىنقان ھەيۋەتلىك دنىپىر دەرياسى شەھەرگە تېخىمۇ ھۆسن ۋە گۈزەللىك قوشقان ئىدى . مەن بۇ شەھەردىن ئۆتۈۋېتىپ ، مۇشۇ يەردە ياشىغان ، ئىجاد قىلغان ئۇلۇغ يازغۇچى ، شائىرلاردىن 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئىنقىلابىي دېموكراتىك شائىر تاراس گېرىگورېۋىچ شېۋچ-ېنكو ( 1814 — 1861 ) بىلەن ئىۋان فرانكو ( 1856 — 1916 ) نى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالدىم . مەن مۇشۇلارنىڭ ئەسىرى ئارقى-لىق كىيېۋ شەھىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى خىيالەن كۆرگەن ئىدىم . مانا بۈگۈن شۇ خىيالىي شەھەر يول ئۈستىدە بولسىمۇ كۆز ئالدىمدا ئەينەن نامايان بولدى .

پويىز چۈشتىن كېيىن ، سوۋېت - رۇمىنىيە چېگرىسىغا كەلدى ،

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىن نۇرغۇن رۇمىنىيىلىك يولۇچىلار پويىزغا چىقتى . مەن ياتقان ئۆيگىمۇ ئىككى رۇمىنىيىلىك ئورۇنلاشتى . ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان يۈك - تاقلىرىدىن قارىغاندا ، تىجارەتچىلەردەك كۆرۈنەتتى . مەن ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم . 60 ياشلار ئەتراپىدىكى ئاق چاچلىق ، دوغلاقتىنا كەلگەن بىرسى تولىمۇ خۇش پېئىل ، دىلكەش ئادەم ئىكەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىما - ئىشارە ئارقىلىق ئەھۋاللاشتىم . ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاز - تولا تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئۇنىڭغا ناۋات بىلەن چاي دەملەپ ، بېيجىڭدىن ئېلىۋالغان ئالىي سورتلۇق پېچىنىلەرنى بەردىم ، ئۇمۇ ماڭا ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن شاكالاتلاردىن بەردى . شۇنداق قىلىپ ، بىز قول ئىشارىتى بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەمسەپەرلەردىن بولۇپ قالدۇق .

ئىيۇنىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارېستقا كەلدىم . بەزىلەر بۇ شەھەرنى « بۆكەرەش » دەپ ئاتايدىكەن . بەلكىم بۇ تارىختا تۈركلەر تەرىپىدىن قېپقالغان نام بولسا كېرەك . بۇخارېست دېگەن ئىسىم ۋە بۇ شەھەر ماڭا كىچىكىمدىنلا دۇنيا جۇغراپىيىسى دەرسى بىلەن « ستىپان بەگ » ، « دوناي دولقۇنى » قاتارلىق بىر نەچچە كىنولار ئارقىلىق تونۇش ئىدى . بىز بۇخارېست ۋوگزالىدا پويىزدىن چۈشۈپلا خۇددى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ۋە خامۇش بولۇپ قالدۇق . يەنە شۇ تىل دېگەن بۇ ئەتىۋارلىقنى بىلمىگەچكە ، ئەتراپىتىكى كىشىلەر بىلەن مۇھىت بىز ئۈچۈن يوچۇن ۋە سىرلىق ئىدى . پارقىراپ تۇرغان كۆزىمىزلا ھەر خىل چىراي ، ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل شەكىللەرگە تولغان جىددىي ، شاۋقۇنلۇق بىر ھايات ئېقىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى . بىز يۈك - تاقمىزنى خالىيراق بىر يەرگە تارتىپ ، شۇ يەردە مۈكچىيىپ ئولتۇردۇق . خىيالىمدا ، تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ ، تىل بىلىدىغان تونۇش بىرسى ئالدىمدا خىزىرغا ئوخشاش پەيدا بولۇپ ، بىزنى بۇ گاراڭلىقتىن ، غېرىبلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغاندەك قىلاتتى . شۇ چاغدا ، ئارىمىزدىكى قاسساپلىق بىلەن بېيىغان بىرسى قاتتىق ئۇلۇغ - كىچىك

تىنىپ مۇنداق دېدى :

— خەپ !... تىل دېگەن شۇنداق بولسا ، باللىرىمغا بىر نەچچە خىل تىل ئۆگەتمىسەم ! تىل بىلمەسلىكىمىز بەكمۇ جاندىن ئۆتتى !...

— شۇنداق ، — دېدى يەنە بىرەيلەنمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، — باشقا تىللارنى بىلىش خۇددى بىر قۇلۇپقا چۈشىدىغان بىر نەچچە ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن ! دېمىسىمۇ ، بىز هازىر تىلىمىز تۇرۇپ گاچىغا ، قۇلىقىمىز تۇرۇپ گاسقا ئايلىنىپ قالدۇق !

— مەن بۇرۇن ، بىزنىڭ تىلىمىز ئىمان بىلەن كەلگەن تىل ، ھەممىدىن ئۇلۇغ ، ھەممىدىن ئەزىز دەپ قارايتتىم ، — دېدى ھېلىقى قاسساپ يەنە ئۆكۈنۈش بىلەن ، — نەدىكىنى ، قەشقەردىن چىقىپلا ھېچنىمىگە ئەسقاتمىدى ! ئەمدى مەن قايتىپ بېرىپ ئىككى بالامنى چەت تىل ئۆگىنىشكە بېرىمەن . تىل بىلىش — ئۇلۇغ ئىش ئىكەن !...

بۇ ، شەپقەتسىز رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ساپ ۋە سەممىي ھېسسىيات ئىدى . يۇقىرىدىكى سۆزلەر بىلەن تەبىئىي هالدا تۇغۇلغان تىل توغرىسىدىكى سۆھبەت خېلى ئۇزاق ۋە چوڭقۇر داۋام قىلدى . مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بۇ چالا ساۋات ھەمراھلىرىمغا ناۋائىنىڭ تىل توغرىسىدىكى مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردىم :

« تىلدۇر كىم ، نىشان بېرەر ئۆلۈككە جاندىن ،
تىلدۇر كىم ، بىرەر جانغا خەۋەر جانانىدىن .
ئىنسانىنى تىل قىلدى جۇدا هايۋاندىن ،
بىلكىم ، گۆھىرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن . »

شۇنداق ، تىل بىلمىگەن ئادەم خۇددى بۇتقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ، پىكىر - تۇيغۇسىنى باشقىلارغا يەتكۈزەلمەي ، بىزگە ئوخشاش هاڭۋېقىپ تۇرۇۋېرىدىكەن . تىل بايلىقى ھەقىقەتەن ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر بايلىقى ئىكەن !...

تۇۋا ، « تىلىسەڭ تاپارسەن » دېگەندەك ، « خىزىر» غا يولۇقۇش

ئۆمىدىمىز تۈيۈقسىز رېئاللىققا ئايلاندى . بىزنىڭ ئالدىمىزدا راستىنلا خە
زىر — زەڭگەر ئاسماندەك كۆك كۆز ، قىرقىم چاچ ، غۇنچە بوي ، قىرىق
ياشلار ئەتراپىدا بىر ئايال پەيدا بولدى . ئۇ بىز بىلەن بىر ۋاگوندا بىر
كۈن بىللە سەپەرداش بولغان رۇمىنىيىلىك ئىدى . ئۇ بىزنىڭ گاڭگىراپ ،
يېتىمسىراپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى پەملىگەن بولسا كېرەك ، يېنىمىزغا
كېلىپ ، ئىشارەت بىلەن : « نەگە بارىسىلەر ؟ نېمە قىلماقچى ؟» دېگەن
گەپلەرنى ئۇقتۇردى . ئىشقىلىپ ، بىز ئاشۇنداق ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن
دۇنيانىڭ بىر ئۇچىدىن يوچۇن ، بىگانە بولغان مۇشۇنداق سىرلىق ، قايناق
يەرلىرىدىمۇ كۆڭلىمىزنى ئۆتكۈزدۇق . ھېلىقى ئايال ئۆزىنىڭ بىر
ھەمراھىنى چەتتە توختىتىپ قويۇپ ، مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلىدى - دە ،
ۋوگزالنىڭ ئىش سوراش ئورنىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى بىر قىز بىلەن بىر
نەرسىلەرنى دېيىشتى ، كېيىن يەنە قولۇمدىن يېتىلەپ ، بۇ چوڭ ۋە مۇ-
رەككەپ ۋوگزالنىڭ بىر نەچچە يەرلىرىگە ئاپاردى ھەم بىلەتكە قول
قويدۇرىدىغان ئورۇننى ، ئەتىسى بىز ماڭىدىغان پويىزنىڭ سائەت نەچ-
چىدە قوزغىلىدىغانلىقىنى ، يېقىن ئەتراپتىكى مېھمانخانىنى ھەم ۋوگزالنىڭ
چوڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مېترونىڭ كىرىش ئىشىكىنى كۆرسىتىپ ،
قەغەزگە ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق سىزىپ چۈشەندۈرۈپ ، يۈك -
تاق ، پۇل - پۇچەككە ئوبدان ھېزى بولۇشىمىزنى تاپىلىدى - دە ،
چىرايلىق سالام بېرىپ خوشلىشىپ كەتتى . مەن بۇ ئايالنىڭ بىزدەك نا-
تونۇش غېرىب - مۇساپىرلارغا قىلغان غەمخورلۇقىدىن ، شاپائىتىدىن
قاتتىق تەسىرلەندىم . دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ ئىكەن . ھايات
ۋە تۇرمۇش ھەمىشە ئەنە شۇنداق ياخشىلىقنى ، ئۇلۇغلۇقنى ، ھىممەتنى
ئۆزىگە بۇرچ قىلغان ئادەملەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل ۋە چىرايلىق كۆرۈنە-
دىكەن . قايسى بىر دانىشمەن توغرا ئېيتىپتۇ : « ئالەم ئۇلۇغ كىشىلەرگە
باي ، ئاخىر ، ھەر بىر يېزا ، ھەر بىر شەھەر ، ھەر بىر ئۆلكە ئۆزىنىڭ بۈ-
يۈك كىشىلىرىگە ئىگە ئەمەسمۇ !»

بىز شۇ كۈنى كەچتە ، بۇخارېستتىن 250 كىلومېتر يىراقلىقتىكى



www.uyghurkitap.com

كونستانتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. كونستانتا رۇمىنىيىنىڭ قارا دېڭىز بويىدىكى ئەڭ چوڭ پورتى ھەم كېمىسازلىق سانائىتى مەركىزى ئىكەن. شۇ سەۋەب بىلەن ماڭا كارپات تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى كەڭ ۋە مۇنبەت تۈۋەن دوناي تۈزلەڭلىكىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى.

مەن ھەمراھلىرىم بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كونستانتىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇس رۇمىنىيە ۋاقتى كەچ سائەت يەتتىدە بىلەن بۇلغارىيە چېگرىسىدىن ئۆتتى. بىز كېچىچە قاپقاراڭغۇ ئورمانلىقلاردىن، يوپيورۇق شەھەر - مەھەللىلەردىن ۋە خامۇش ئۇيقۇغا چۆمگەن پايتەخت سوفىيىدىن ئۆتۈپ، سائەت ئىككى بىلەن تۈركىيە چېگرىسىغا كەلدۇق. سائىتىمگە قاراپ ھېسابلاپ كۆرسەم، 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتردىن ئارتۇق بۇلغارىيە زېمىنىنى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئالتە يېرىم سائەتتە كېسىپ ئۆتۈپ بوپتۇق!

## ئىككى قىتئەگە تەئەللۇق شەھەر

ئىستانبول مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەسەۋۋۇرۇمدىكى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ئوردا - قەسىرلەردەك ساماۋى شەھەر ئىدى!

ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى كۆن بىلەن تەڭ مەن بۇ شەھەرگە كىرىپ كەلدىم. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا نامايان بولغىنى، قانداقتۇ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئازادە، تىنچ ۋە خىرامان شەھەر ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن ئاپتوموبىل قىيان بولۇپ ئېقىۋاتقان، جىددىي ھەرىكەت رىتىمى بىلەن تۇرمۇشنىڭ قىقاس - چوقانلىرى پەلەككە يەتكەن شاۋقۇنلۇق شەھەر ئىدى.

7 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بىلەن ئىككى يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئاپتوموبىللارنى ئۆز يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ شەھەر ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك، تىرىكچىلىك ۋە كۆزگە كۆرۈنمەس رىقابەتلەر بىلەن ئېغىر ھاسىرايتتى، پۇشۇلدايتتى...

مەن بىر - بىرى بىلەن يول تالىشىپ، قاتتىق سىگنال بىلەن سەپ - سەپ تۇرۇپ كەتكەن ئاپتوموبىللارغا قاراپ خىيالغا چۆمدۈم: ئىنسانلار ھەر خىل تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى ۋە كەڭ - ئازادە ئاسفالت يوللارنى پەقەت ئاسانراق مېڭىش، تېزراق مېڭىش ئۈچۈنلا ياسىغان، لې-كىن ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئەسلىدىكى مەقسىتىگە يېتەلمىگەندەك قىلىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قۇچاق ئاچقان، ئاپتوموبىللارغا تولۇپ كەتكەن بۇ شەھەر ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ئارتۇقچە بايلىقنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىۋاتقاندەك، ئەگەر ئۇ مۇۋاپىق تەكشەلمىسە، شەھەرنىڭ گۈزەل قامىتى مۇكچىيىپ، ساپ ھاۋاسى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بۇلغىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى!

توۋا، ئادەملەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - پاراستى ئارقى-لىق بەرپا بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاخىر كېلىپ، يەنە شۇ ئادەملەرنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن! ئېھتىمال، بۇمۇ تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنى بولسا كېرەك. بولمىسا، ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە پايدىلىق تەبىئىي نۇر بىلەن يورۇقلۇقنى توسۇپ، ئاسمان - پەلەك بىنالارنى سېلىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئاپتوموبىللارنى ئىجاد قىلىپ، قىقاس - چوقانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نېرۋى-لىرىنى قاقشىتىدۇ ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە بوغۇلۇپ ياشايدۇ؟!

دەرۋەقە، بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانلارغا ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش بەخش ئەتتى. ئەگەر سىز كۆڭۈل ئېچىشنى خالىسىڭىز، ئۆيدىن چىقمايلا تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇلار بىلەن كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلالايسىز؛ ساياھەتكە چىقماقچى بولسىڭىز، ئاپتوبۇس، پويىز، ئايروپىلان، پاراخوتلار بىلەن ھېچقانداق رىيازەت چەكمەيلا جاھاننى ئايلىنالايسىز؛ قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرسىڭىز، قىشتا پارۋاي، يازدا شامالدۇرغۇچ بىلەن راھەتلىنىسىز. ئىشقىلىپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى ھېسابىغا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

جـەمئـيـەت تەرەققىياتى، زامانىۋى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بەرپا بولۇشى كىـ شـىـلـەردە يـېڭى بىر خىل « مەدەنىيەت كېسىلى » نىمۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ. چـوڭ شەھەرلەردىكى قىستاڭچىلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە مۇھىتنىڭ بۇلـ غـىـنـىـشـى قاتارلىق ئەھۋاللار كىشىلەرنى ھۇدۇقـقاق، غەمكىن، چاچقۇن، ئۇيـقـۇسـىز قىلىپ، بىر مۇنچە جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلارغا گىرىپتار قىـ لـىـپ قـويـدى. ھەمـمـىـگـە مەلۇمكى، مۇزىكا كىشىگە ئېستېتىك لەززەت بـېـرىـدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ رىتىمى گۈزەل، جاراڭلىق، مۇڭلۇق، دولقۇنـ لـۇق، يـېـقـىـملىق بولىدۇ. يەڭگىل مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندا، كىشىلەر شۇ ھامـان ئـىـچ پۇشقىدىن خالاس بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدۇ. لېكىن يـېقىمسىز ئاۋاز پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەمنىڭ ئىچىنى تىتىلدىتىپ، جـېـنىنى قاقشىتىدۇ، زېرىكتۈرىدۇ، بىئارام قىلىدۇ. پويىز، تراكتور، ئاپـ تـومـوبـىـل، مـوتـسـىكلىت، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ۋە چوڭ ئاۋات بـازارلاردىـكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، چۇقان - سۈرەنلەر ھەقىقەتەن ئادەمنى بـىـزار قـىلىپ، نېرۋىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆتكەندە، ياپونىيەدىكى بـىـر داشـۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتىكى پار بازغىنىنىڭ ئاۋازىـدىن ئـىچى تىتىلداپ، بىئارام بولۇپ، ئاخىر چىدىيالماي بېشىنى پار بـازغـىـنـىـنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ بېرىپ، بىراقلا تىنچلانغانلىقى بۇنىڭ قورـ قۇنچلۇق دەلىلى ئەمەسمۇ ؟!

ئىـسـتـانبول ئەنە شۇنداق كېچە - كۈندۈز ئادەم ۋە ئاپتوموبىللار بـىـلـەن جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئويغاق، ھەممە يەر جىددىي ھەرىكەت بىلەن رىقابەتكە تولغان تىنىمسىز، شاۋقۇنلۇق، كاتتا شەھەر ئىكەن. ئۇ، سۇ ۋە قـۇرۇقـلـۇق يـولـىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا جايلاشقاچقا، قاتنىشى قولاي، بازارلىرى ئاۋات ھەم جانلىق ئىكەن.

مـەن ئىستانبولغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، دېڭىز كۆرۈش ئىشـ تـىـيـاقـى بـىلەن مەرمەر دېڭىزىنىڭ بويىغا كەلدىم. بۇ يەر تېخىمۇ ئاۋات، قـايـنـاق ھەم كـۆڭۈللۈك ئىدى. بەزىلەر دېڭىز بويىدىكى ئىستىراھەت باغـ چىلىرىدا سالقىنداپ، دەم ئېلىپ، ھايات پەيزىنى سۈرەتتى؛ بەزىلەر دېڭىز

www.uyghurkitap.com

ئۇپقۇنلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان قىيا تاشلارغا مىنىۋېلىپ ، بېلىق
تۇتاتتى ؛ بەزىلەر دولقۇن ئۆرۈپ تۇرغان مۇزدەك سۇغا چۆمۈلۈپ ، ئىرا-
دىسىنى چېنىقتۇراتتى . مەن ئىككى قەۋەتلىك ساياھەت پاراخوتىغا
چۈشۈپ دېڭىزنى ئايلاندىم . دېڭىز ھەيۋەتلىك گۆرۈلدەيتتى ، گويا مەڭگۈ
ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغاندەك ، نەرە تارتىپ چايقىلاتتى . ئۇنىڭ
نەشپۈت چېچەكلىرىدەك بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆكۈش ، تىنىق
سۈيى كەچكى شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ رەڭلىنىپ جۇلالايتتى . ئۇنىڭ ئۇپۇق
سىزىقى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن يىراق چېتىدە پايانسىز بىر يېشىللىق ئا-
لەمى پەيدا بولۇپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل كەڭ ۋە راھەتلىك سېزىم
ھاسىل قىلاتتى ... قىسقىسى ، دېڭىز ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى ،
ھەيۋىتى ، سەلتەنىتى ۋە باغرىدا يوشۇرۇپ ياتقان ئاجايىپ سىرلىرى بىلەن
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . ئېھتىمال ، بۇ پاراخوتتا ماڭا ھەمراھ
بولۇپ دېڭىز ساياھىتى قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ماڭا ئوخشاش دېڭىزنى تۇنجى
قېتىم كۆرۈۋاتقىنى يوق بولسا كېرەك ، شۇڭا مەن ھەممە نەرسىگە قىزى-
قىش ، ھەۋەس ۋە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتىم ، كۆز ئالدىمدا داۋالغۇپ
تۇرغان بۇ يېشىل دۇنيا ماڭا ئاجايىپ سىرلىق ۋە مۆجىزىلىك كۆرۈنەتتى .
دېمىسىمۇ ، دېڭىز بەزىدە شىددەتلىك چايقىلىپ ، دولقۇن ئۆرۈپ گۈركى-
رەيتتى ؛ بەزىدە تېپتىنچ ، مۇلايىم بولۇپ قالاتتى ؛ بەزىدە كۈن نۇرىدا
ئالتۇندەك جۇلالىنىپ ، گۈزەل ، يېقىملىق كۆرۈنەتتى ؛ بەزىدە تۇمان
قاپلاپ ، سۇرلۇك تۈس ئالاتتى . ئىشقىلىپ ، ئۆزگىرىشچان ، كۆپ قىرلىق
بۇ جانلىق ئالەم كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىدەك رېئال
تۇيغۇ ۋە تەسىرات بېرەتتى ...

مېنىڭ چوڭقۇر خىياللىرىمنى شەپەق نۇرىدىن قىزارغان دېڭىز
سۈيى ئۈستىدە بەزىدە قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ ، بەزىدە ساداقنىڭ ئو-
قىدەك سۇغا قاراپ شۇڭغۇپ يۈرگەن بىر نەچچە بېلىقچى قۇشلارنىڭ
ھەرىكەتلىرى بۆلۈۋەتتى . دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى ئۇلار ئۈ-
چۈن مۇزىكا ، دېڭىزنىڭ قەھرلىك ئۇپقۇنلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئۇسسۇل

مەيدانى ئىدى .

مەن كېتىۋېتىپ، بىر نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم . ئالدىمدا ئۆنچە - مەرۋايىتتەك جىمىرلاپ تۇرغان تىپتىنىچ سۇ ئۈستىدە خۇددى مۇئەللەقتە تۇرغۇزۇلغاندەك بىر مۇنار پەيدا بولدى . پاراخوت ئۇنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغان راۋاق شەكىللىك مۇنار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەيران بولدۇم . لېكىن ھەيرانلىقىم ئۇزاققا بارمىدى، شۇ يەردىلا بۇ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشنىڭ سىرىمۇ ئايدىڭلاشتى . ئۇنى تۈركچە « قىز كۆلى » ( قىز راۋىقى ) دەيدىكەن . رىۋايەت قىلىنىشىچە، قايسىبىر تۈرك سۇلتانىنىڭ ئامراق قىزى بىر ئاددىي يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ . پادىشاھ بۇنى نومۇس بىلىپ، قىزنى تۇسۇپتۇ، قىز يىغلاپتۇ، ئازابلىنىپتۇ، غەمگە پېتىپتۇ . بىر كۈنى پەرىشان ھالدا ئۆزى يالغۇز باغنى ئايلىنىپتۇ . تۇساتتىن ئالدىغا يوغان چار يىلان ئۇچراپتۇ، قىز قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە كېسەل بولۇپ قاپتۇ . پادىشاھ قىزىدىن ئەنسىرەپ، تىنچ ۋە خالىي يەردە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مەرمەر دېڭىزىنىڭ ئۈستىگە راۋاق سالدۇرۇپتۇ ۋە قىزىنىقۇرۇقلۇقتىن، ئادەملەردىن ئايرىپ، كېمە بىلەن شۇ يەرگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپتۇ . بىر كۈنى خىزمەتكار بازاردىن مېۋە ئېلىپ كەپتۇ . قىز مېۋىلەرنى سېۋەتتىن ئېلىۋاتسا، ھېلىقى يىلان يەنە مېۋىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قىزنى چېقىپتۇ، قىز ئۆلۈپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇرۇقلۇققا ئەكىلىپ قويۇپتۇ . ئەسلىدە، ھېلىقى يىگىت يىلان سۈرىتىگە كىرىپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئۇلار شۇ يول بىلەن مۇرادىغا يەتكەن ئىكەن ...

مەن رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بۇ مۇھەببەت داستانىنى ئاڭلاپ، پاك ۋە ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ھەر قانداق يەردە، ھەر قانداق كۈچنىڭ تۇسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇددى مۇشۇ دېڭىزدەك تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتكە ۋە ئەبەدىي ئۆچمەس روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم !

پاراخوت مەرمەر دېڭىزىنى يېرىم دائىرە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا فوسفور بوغۇزىغا يېقىنلاپ كەلدى. مەن يىراقتىنلا بۇ مەشھۇر بوغۇزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ھەيۋەتلىك پولات ئاسما كۆۋرۈكنى كۆرۈپ ھاياجانلاندىم.

فوسفور بوغۇزى قارا تېل بىلەن ئېيتقاندا، «كالا كېچىكى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى يۇنان لىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى زېۋسنىڭ ئۆزگەرگەن بىر ئىلاھىي كالا پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ بوغۇزدىن ئۆتكەن ئىكەن.

فوسفور بوغۇزى گويا ئىنسانلارنىڭ قولى بىلەن ياسالغان زۇمرەت ئېقىندەك، ئۆزىنىڭ يەكگىل شاۋقۇنى، گۈزەللىكى، ئىللىقلىقى، لاتاپىتى ۋە بارلىق مۆجىزىسى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ۋە بىردەم بولسىمۇ، ئادەمنى تۇرمۇشنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن خالىي قىلىپ، خىيالىي بىر دۇنيا قوينىدا ياشاۋاتقاندەك راھەتلىك ھېس قىلدۇراتتى.

ئىككى قىرغىقى يېشىللىققا ۋە كۆركەم ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە تولغان فوسفور بوغۇزى ئىستانبول شەھىرىنى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇراتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە گويا ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئېسىلىپ تۇرغان پولات كۆۋرۈك بولسا، خۇددى بىر تەبىئىي بەلباغقا ئوخشاش ياۋروپا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان بۇ كاتتا كۆۋرۈكنىڭ مۆجىزىلىك قۇرۇلۇشى بولدى. بۇ قۇرۇ-لۇشنىڭ ئۆزى بىر كامالەتكە يەتكەن سەنئەت ئىدى، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرى ئەنە شۇ قۇرۇلۇش سەنئىتى بىلەن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. سۇ يۈزىدىن 60 نەچچە مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكنىڭ سۇغا تۇتاشقان ھېچقانداق تۈر-

غۇسى يوق ئىدى. زامانىۋى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم شەكىلدە ياسالغان بۇ كۆۋرۈكنىڭ تاغ ئۈيۈتمىسىدەك مەزمۇت تېنى بوغۇزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئىككى مۇنارغا ئېسىقلىق ئىدى!

سەيلە كېمىسى بوغۇز ئىچىدە ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىن قاينام بولۇپ كۆتۈرۈلگەن سۇلار ئەتراپقا ئاق چېچەكتەك بۇژغۇن چاچرىتاتتى. مەن پاراخوت سۇپىسىدا تۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدىم، ھاۋا خېلى ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن پاراخوت سۇپىسى شۇنداق سالقىن ۋە راھەتلىك ئىدى. كۈن ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرىدىن دېڭىز ۋە كۆۋرۈك تېخىمۇ يالتىراپ كەتتى. شۇ چاغدا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەيۋەتلىك مۇنار، بۈككىدە دەل - دەرەخ، كۆركەم بىنا - ئىمارەت ۋە قەدىمكى، سەلتەنەتلىك قەلئەلەرنىڭ سۇدا ئەكس ئەتكەن رەڭگارەڭ مەنزىرىسى پەيدا بولدى. بۇ مەنزىرە ئەسلىدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە سېھىرلىك ئىدى.

قايتىش سەپىرىمىزدە، مەن ئاسما كۆۋرۈك بىلەن بوغۇز ئېقىنىغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم. يېڭىلا يېقىلغان چىراغ ۋە ئاپتوموبىللار بىلەن بۇ يەر تېخىمۇ نۇرلىنىپ، جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بوغۇز ئىچىدىكى ھەر خىل پاراخوتلارنىڭ گۈدۈك ئاۋازىمۇ ئەتراپتا ياڭراپ، كىشىلەرگە ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقان بىر خىل ئالدىراشلىق مەنزىرىنى ھېس قىلدۇراتتى!

ئۆز ۋاقتىدا، بۇ بوغۇز ئىلاھىي كالا بىلەن بىر مەلىكىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، مانا ئەمدى ئىلاھ ئەمەس، ئاددىي خەلق تەرىپىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك پولات كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۈستىدىكى لەھەڭدەك كاتتا پاراخوتلار بىلەن تۈمەنمىڭ «مەلىكە» لەر ئۇ قىرغاقتىن بۇ قىرغاققا ئۆتۈپ، جاھان كەزمەكتە ئىدى.

## «زەمبىرەك قۇۋۇقى» ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈركلەر بۇ يەرنى «توپقاپى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە قەلئە سېپىلى بار ئىكەن. سېپىل بۇندىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى قىياپىتىنى تېخى يوقاتمىغان، بەزى يەرلىرى ھەتتا يېڭىلا سېلىنغان قورۇلۇشتەك چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم تۇراتتى. مەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى، قورۇلۇشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. تۇرۇپلا ئادەمنى يىراق ئۆتمۈشنىڭ غۇۋغالىق خاتىرىلىرى ئىچىگە ئېلىپ كەتسە، تۇرۇپلا كەلگۈسىنىڭ شېرىن غايىلىرى بىلەن ھازىرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئىچىگە سۆرەپ كېلەتتى. بۇ يەر ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر تارىخىي مەكتەپ، ئۆز باغرىدا ئەجدادلارنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغان تىلسىماتلىق دۇنيا ئىدى. خىيال قۇشلىرىم ئاستا - ئاستا پەرۋاز قىلىپ، بۇ يەرنىڭ «كونستانتىنپول» دېگەن ئىسمىدىن «ئىستانبول» دېگەن ئىسمىغا ئۆزگەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قانلىق جەڭ خاتىرىلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى:

مىلادى 1453 - يىل 6 - ئاپرېلدا كونستانتىنپول ئاسمىنىدا توساتتىن گۈلدۈرمامىدەك توپ - زەمبىرەك ئاۋازلىرى ياڭراپ، يالقۇنلۇق ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلدى، پۈتۈن شەھەر ئۇرۇش ئوتى بىلەن قاپلاندى. ئەسلىدە، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 320 جەڭ كېمىسى بىلەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ قەدىمكى شەھەرنى قورشىۋالغان ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ 6 - پادىشاھى، 21 ياشلىق بۇ تۈرك سۇلتانى شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىگە 1058 يىل پايتەخت بولغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھونلار، ئازارلار، ئاۋارلار، پارسلار، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان بۇ مۇستەھكەم قورغاننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى

ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان ئىدى .

تۈرك قوشۇنلىرى ئاۋۋال غەرب تەرەپتىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھۇجۇم قىلدى . شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى بۇ يەرگە تاش ۋە پىششىق خىشتىن ئىككى قات سېپىل سالغان بولۇپ ، سېپىل ئۈستىگە ھەر 100 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن مەزمۇت ئىستىھكام قۇرغان . سېپىل سىرتىغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ خەندەك قېزىلغان بولۇپ ، سېپىل ئۈستىگە شوتا بىلەن چىقىش بەسى مۈشكۈل ئىدى . شۇڭا ، سېپىلنى ئاۋۋال ئېغىر زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتتى . ماتېماتىكا ئىلمى بويىچە ياسالغان بۇ خىل ھاۋان زەمبىرەكلىرىگە سېلىنغان تاش ئوقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 500 كىلوگرام كېلەتتى . بىر مەھەل توپقا تۇتقاندىن كېيىن ، ئون مىڭلىغان ئەسكەرلەر خەندەكنى تىندۇرۇش مەقسىتىدە ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ ، غايەت يوغان سوغىلارنى دومىلىتىپ خەندەككە قاراپ ئاتلاندى . شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى ئىستىھكام ئىچىدە ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، قارا مىلتىق ھەم تاش ئاتار توپلار بىلەن داۋاملىق قايتۇرما زەربە بېرىپ تۇردى . نۇرغۇنلىغان تۈرك ئەسكەرلىرى يارىلىنىپ ، خەندەككە يېقىن بارالماي چېكىندى .

قاتتىق ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ، تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II باشقىچە يول تۇتتى ...

كونستانتىنىپولغا دېڭىز ئارقىلىق كىرىدىغان ئېغىزلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈر زەنجىرلەر بىلەن توسۇۋېتىلگەن ئىدى . مەھمۇد II ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقى ئارقىلىق قەلئەگە يوچۇق ئېچىشنى پىلانلىدى . پىلان بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كۆنى ئاخشىمى ، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ 70 كېمىسى ئالتۇن مۈڭگۈز ئېغىزىدىكى تۆمۈر زەنجىرلەردىن بەرپا قىلىنغان توساقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، گالاتىيە قىرغىقىغا بېرىپ توختىدى ، ئارقىدىنلا ئادەم كۈچى بىلەن كېمىلەرنى سۆرەپ قىرغاققا چىقاردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، قۇرۇقلۇق ئۈستىگە قېلىن ، پۇختا تاختا

تايلارنى ياتقۇزۇپ بىر خىل ياغاچ يول ياسىدى. تاختايلارنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن مىقداردا كالا ۋە قوي يېغىنى سۈركەپ، كېمە سۆرەشكە تولىمۇ ئۇسالغۇلۇق قىلىدىغان سۈركىلىش كۈچىنى ئازايتتى. شۇنىڭ بىلەن كېمىلەرنى تاختاي يول ئارقىلىق ئىتتىرىپ، ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىنىڭ گىرۋىكىگە ئېلىپ باردى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، 70 كېمىنى تۇشمۇ تۇشتىن سۇغا چۈشۈرۈپ، لەيلەتمە كۆۋرۈك هاسىل قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە چاقىقان ئىستىهكاملارنى قۇردى. تۈرك ئەسكەرلىرى مۇشۇ لەيلەتمە كۆۋرۈك ئارقىلىق 29 ـ ماي تاڭ سەھەردە كونستانتىنپولغا شىددەتلىك هۇجۇم قوزغىدى.

شەرقىي رۇم قوشۇنلىرى ئالتۇن مۈڭگۈز قولتۇقىدا تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزمەستىن توپقا تۇتۇشى ۋە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ بىر خىل رىتىمدا قىلغان هۇجۇمىدا قەلئە سېپىلىدىن بىر ئېغىز ئېچىلدى. ئۇلار مانا شۇ ئېغىزدىن شەهەرگە بېسىپ كىردى. 53 كۈن مۇهاسىرىدە تۇرغان مۇستەهكەم قورغان ئاخىر يىمىرىلدى. تۈرك ئەسكەرلىرى شەهەردە ئۈچ كۈن بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. نۇرغۇنلىغان ئاهالىلەر قۇل قىلىندى. كۆركەم، هەيۋەتلىك ئوردا ـ سارايلار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن بىناھا، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. خرىستىئان دىنىنىڭ بارلىق بۇتلىرى چېركاۋلاردىن چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىنىڭ مېهراب ـ تەكچىلىرى ياسالدى. خرىستىئان دىنىنىڭ 9 ـ ئەسىردىن بۇيانقى كاتتا ئىبادەتخانىسى، شەرق بىناكالىق سەنئىتىنىڭ جەۋهىرى بولغان «ئاياسوفىيە» ئىبادەتخانىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول دېگەن تارىخى ئىسمىمۇ ئىستانبولغا

ئۆزگەرتىلدى . شۇنداق قىلىپ ، 1000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي رۇم ئىمپېرىيىسى كونستانتىنپولنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى !

مەن ئۇزاق تارىخنىڭ بىردىنبىر شاھىدى بولغان مانا شۇ قەلئە سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ ، ئاشۇ قانلىق خاتىرىلەرنى ئەسلىگەن ۋاقتىمدا ، بۇ دۇنيانىڭ ئەزەلدىن داۋالغۇپ تۇرغان تىنچسىز ، غەلىيانلىق بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ، ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىن ئېلىشىش ، تىركىشىش ، ئايرىلىش ، قوشۇلۇش ۋە كۆچۈش ، يوقىلىشقا ئوخشاش تەكرارلىنىشلار ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغان ۋە شۇنىڭ ھېسابىغا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم ...

## رەڭگارەڭ دۇنيا

ئىستانبۇلنىڭ بازار - رەستىلىرى ناھايىتى قايناق ۋە ئاۋات ، ئىزدىگەن ھەر قانداق نەرسىنى تېپىش مۇمكىن . ماللار كۆپ ، بازار ئەلۋەك بولغىنى بىلەن باھا مۇقىم ئەمەس ، پۇلنىڭ قىممىتى تۇراقسىز . بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇئەييەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرماي قالمايدۇ . شۇڭا ، ئىستانبول كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قېرى ، ئاجىز سائىللار بىلەن پۇت - قوللىرى مەينەت، كىيىم - كېچەكلىرى ناچار ئۇششاق دېۋانىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئىستانبولنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ، ئىجتىمائىي كەيپىياتى خېلى رەتلىك ھەم مەدەنىيەتلىك ئىكەن . مەن ئاممىۋى سورۇنلاردا بىرەر ئادەمنىڭ بىزدىكىگە ئوخشاش مەجنۇنلارچە ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ياكى ئالا - تاغىل ناخشا توۋلاپ ، كىشىلەرنى بىزار قىلغىنىنى ۋەياكى كوچا - كويلاردا مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم . كىشىلەر مۇناسىۋەتتە سىلىق - سىپايە ، گەپ - سۆزدە قىزغىن ۋە ئەدەبلىك ئى-

كەن . ئېھتىمال ، بۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ھەم تەربىيە كۆرگەنلىكىگە باغلىق بولسا كېرەك !

مەن بۇ قەدىمكى ، قايناق شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇش جەريا- نىدا ، بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ئائىلە قۇرۇلمىسىنىڭ بىزگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بى- لەن كارى بولماي ، ياشانغانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا غېرىبلىق ، مىسكىنلىك بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم . 70 ياشتىن ھالقىغان بىر قېرى ئادەم مېنىڭ ھەمراھىمغا مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قى- لىپ بېرىپتۇ : ئۇنىڭ ئوغلى « بورسا » دېگەن يەردە ياشايدىكەن ، بىر كۈنى ئىستانبولدىن ئۇنىڭغا « داداڭ ئۆلدى » دېگەن تۇيۇقسىز بىر خەۋەر بېرىپتۇ . ئوغۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا بىر نەچچە ئايدىن بېرى كېلىپ باقمىغان دادىسىنىڭ ئۆيىگە مىراس ئالغىلى ئالدىراپ كەپتۇ . لېكىن ئى- شىكتىن كىرىپ قارىسا ، دادىسى ھايات تۇرغۇدەك . ئۇ دادىسىغا تەپتارتماستىن يۈزمۇيۈز : « مەن سېنى ئۆلدى دەپ ئاڭلاپ كېلىۋېدىم!...» دەپتۇ .

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى . شۇ ھامان ئېسىمگە ناسىر خىسراۋنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى كەلدى :

« قېرىغا ياردەم قىل سۆيۈنگەن تېغىڭ ،
بۇنى چۈشىنىسەن قېرىغان چېغىڭ ! »

دەر ھەقىقەت ، ھاياتتا شۇنداق ئاددىي ۋە ئادىل بىر مىزان بار : ئاتا - ئاناڭ قېرىغاندا سەن ئۇنىڭغا قانداق قارىغان بولساڭ ، سېنىڭ بالىلىرىڭمۇ سەن قېرىغاندا ، ساڭا شۇنداق قارايدۇ ! چۈنكى ياشلىق كى- شىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىي تۇرمايدۇ ، ئۆزۈڭ سەزمەيلا قېرىپ قالىسەن . ئۇ خۇددى قىشتىكى قاردەك تۇيۇقسىز ۋە شەپىسىز بېسىپ كېلىدۇ . ئادەم



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىرىغان چىغىدا ئەگەر مېھىر - شەپقەت، ئىززەت - ئىكرامغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنتۇلغان، تاشلانغان بولسا، ئۇنىڭ كۈنى غەم - غۇسسە، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆتىدۇ. مېنىڭچە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى پەقەت ئىنسانلارغا خاس بولغان مۇقەددەس بىر تۇيغۇ! لېكىن، بۇ ئەللەردىكى بەزىلەر: ئادەملەر قانچە نادان بولسا، شۇنچە مېھىر - شەپقەتلىك بولىدۇ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى ئادەمدە زامانىۋى ئاڭ كۈچىيىپ، مېھىر - شەپقەت ئازىيىدۇ دەپ قارايدىكەن. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئادەملەرنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھەم ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلماي، ئەكسىچە، ئۆز ئارا مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلگەن ۋەھشىيلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويامدۇ؟!... ھېچكىمنى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى سۆيمىگەن ئادەمنى باشقىلار سۆيەمدۇ؟! تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر خۇددى ئاپ. چېخوپ ئېيتقاندەك: «ئىنسان شەخسىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ھىممەتلىك، ئاق كۆڭۈل، خۇش مۇئامىلە ۋە كۆڭۈلچەك بولىدۇ!»

ھەممىگە ئايانكى، قېرىلىق، ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ بېشىدىكى كۆلپەتلىك تەقدىر، بۇنىڭدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن قېرىلىقنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىنى ئازايىتىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇ پەقەت پەرزەنتلەرنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە ھۆرمەت - مۇھەببىتى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ!

## «توپقاپى» ئوردىسىدىكى تارىخ

ئىستانبولنىڭ ياۋروپا قىسمىدا، «توپقاپى» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتا بىر مۇزېي بار. تەخمىنەن مىلادى 1478 - يىللىرى بەرپا بولغان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇزېيىنى ئىستانبولغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەم بىر كۆرمەي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بەش خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولغان قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر ساقلانغان. ئەسلىدە، بۇ يەر تۈرك سۇلتانى مەھمۇد II نىڭ ئىستانبولنى ئىستېلا قىلىپ، پايتەختنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىن قۇرغان خان ئوردىسى ئىدى. كېيىن، يەنى 1858 ـ يىلى ئىستانبولنىڭ ئاسىيا قىسمىدا يېڭى ئوردا ــ «دولما باغچا» پۈتكەندىن كېيىن، بۇ يەر تاشلىنىپ قالغان. 1922 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، بۇ يەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «توپقاپى مۇزېيى» غا ئايلاندۇرغان. بۇ مۇزېيدا، تۈركىيە دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئەتىۋارلىق بىباھا بۇيۇملار بۆلۈمى، پادىشاھلىق سەرپايلار بۆلۈمى، مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈم ۋە بۆلەكلەر بار. مەن نۇرغۇن چەت ئەللىك دوستلار بىلەن بىللە يىراق تارىخنىڭ شاھىدى ۋە مىللىي روھنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ داڭلىق مۇزېينى بىرمۇ بىر زىيارەت قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلغىنى «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى» بىلەن «جانان بۇيۇملار بۆلۈمى» ۋە «گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى» بولدى. «مۇقەددەس ئامانەتلەر بۆلۈمى» دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆمۈش ئۆيى ①، ئالتۇن ساندۇقى، قىلىچى، ئوقياسى ۋە ئۇزۇن لىباسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار بار. بۇ تارىخىي تەۋەررۇكلارنى ياۋۇز ② سۇلتان سەلىم مىلادى 1517 ـ يىلى مىسىرغا ھۇجۇم قىلغاندا، شۇ يەردە قولغا چۈشۈرۈپ، ئىستانبولغا يۆتكەپ كەلگەن ئىكەن. بۇ بۆلۈمنىڭ ئەينەكلىك تام بىلەن ئايرىلغان خاس ھۇجرىسىدا، ئۈستىگە قىزىل تون، بېشىغا تەقىيە كىيگەن بىر ئادەم توختىماي قۇرئان قىرائەت قىلىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇ بۆلۈمدە يەنە ئالتۇن بىلەن ياقۇتتىن ياسالغان كىچىك ـ كىچىك قۇتىلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلى، چېچى، چىشى، ئاياغ ئىزى، قەبرە

① كۆمۈش ئۆي ــ چىملىدىقتا ئوخشاش قىلىپ ياسالغان ياتار جاي.

② ياۋۇز ــ قەھرىمان، باھار مەنىسىدە

توپىسى ۋە مۆھۈرى قاتارلىق مۇقەددەس خاتىرىلەرمۇ بار. يەنە بىر يەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىفتە قەبىلىسىگە مۇسۇلمان بولۇشنى دەۋەت قىلىپ، تېرىگە يازغان مۇبارەك خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىمۇ قويۇلغان ئىدى. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئەينەكلىك ئىشكاپلاردىكى قىپقىزىل دۇخاۋىلارنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە جەسۇر، باھادىر ساھابىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى جەڭلەردە ئىشلەتكەن قىلىچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مەن بۇ قىلىچلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچىنىڭ ھەققەتەن يوغان ۋە ئۆتكۈرلۈكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. مەن كىچىكىمدە، مەدداھلاردىن ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى مۇنداق تەرىپلىنەتتى: ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان زۇلپىقارنى شۇنداق بىر شىلتىۋىدى، تاغلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، كۇكۇم تالقان بولدى... نەچچە چاقىرىم يەردىكى سەپ - سەپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرى چامغۇردەك يەرگە تۆكۈلدى!..

بۇ رىۋايەت مۇبالىغە ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، ئىسلام ئېچىش يولىدىكى باتۇر، جاسارەتلىك ساھابە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئىشلەتكەن قىلىچى ئىدى. قىلىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتر، كەڭلىكى بىر سويام ئەتراپىدا كېلىدىكەن، قىلىچنىڭ بىسى ھېلىمۇ پارقىراپ تۇرىدىكەن. مەن قىلىچقا قاراپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەققەتەن مەدداھلار تەرىپلىگەندەك پالۋان قامەت، باھادىر، جەسۇر زات ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم!...

«جانان بۇيۇملار بۆلۈمى» دە، ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك جۇلالىنىپ تۇرغان جانان چىنە - قاچىلار بار ئىدى. بۇ بۇيۇملار ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگو، تۈركىيە ۋە ياپونىيە خانلىقلىرىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان سوۋغا - سالاملىرى بىلەن «يىپەك يولى» ئارقىلىق كەلگەن سودا تاۋارلىرى ئىدى. يوغان ئىككى ئۆيدىكى جاھازلارغا تىزىلغان يۈەن، مىڭ ۋە

چىنىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى جانان چىنە، تەخسە ۋە ھەر خىل چەينەك، لوڭقىلار شۇنداق نەپىس، سىپتا ھەم رەڭدار ئىدى. مەن بۇ بۆلۈمنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى گويا ئىستانبولدا ئەمەس، جاڭنەندە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

«گۈللۈك كەشتە بۇيۇملار بۆلۈمى» دە، ئىككى پارچە ئاددىي تاختاي كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتاتتى. ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىلىنغان بۇ ئىككى پارچە تاختاي مەخسۇس ياسىلىپ، قىزىل دۇخاۋا بىلەن ئەستەرلەنگەن كۆركەم ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككى پارچە تاختاينىڭ يۈزىدە ئاجايىپ بىر شەكىللىك ھەم خەتكە، ھەم گۈلگە ئوخشايدىغان بەلگىلەر بار ئىدى. تاختاينىڭ ئاپئاق يۈزىدىكى سۇس سارغۇچ بۇ بەلگىلەرگە زەن سېلىپ قارىسا، «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر پەيدا بولاتتى. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ تاختاي تۈركىيىگە ئافرىقىنىڭ ئابون دېگەن يېرىدىن ئەۋەتىلگەن ئىكەن. شۇ يەردە بىر خوجايىن دەرەخ كېسىپ، تاختاي تىلدۇرغاندا، يوغان بىر دەرەختىن تىلىنغان تاختايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق بىر ئالامەت كۆرۈنگەن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ كىشى تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئالدىدا ھەيران بولۇپ، بۇ تاختايلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى تۈركىيىگە ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە يالداما قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن.

بۇ بۆلۈمدە يەنە نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە كىم تەرىپىدىن سىزىلغانلىقى نامەلۇم بولغان 64 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى رەسىملىرى قويۇلغان ئىدى.

مەن ئۆز ۋاقتىدا شاھ ئوردىسى، ھازىر مۇزېي بولغان بۇ ھەشمەتلىك، مەزمۇت، ئازادە سارايدىن قايتىپ چىققىنىمدا، ئۆزۈمنى گويا يىراق تارىخنىڭ قاتمۇ قات تىلسىماتلىرى ئىچىدىن بىردىنلا رېئال دۇنيانىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرى ئىچىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم!

# تۈركىيىنىڭ يۈرىكى

مەن بۇ يەردە، 127 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىن بۇ كاتتا شەھەرگە نەزەر سالدىم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، يېشىللىقى ۋە قاينام - تاشقىنلىقى بىلەن نامايان بولغىنى تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە ئىدى.

مەن «ئاتا مۇنارى» ئۈستىدىكى رېستوراندا قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ قەدىمكى ھەم ياش شەھەرنى قانغۇچە تاماشا قىلدىم. ئەنە، كۆككە بوي سوزغان سەپ - سەپ زامانىۋى ئىمارەتلەر؛ ئەنە، كۆل نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ھەشەمەتلىك «ئىسلام خانىقاسى»؛ ئەنە، ھەر خىل كىيىم ۋە ھەر خىل چىرايدىكى تاماشىچىلار بىلەن جانلىنىپ كەتكەن كۆركەم سەيلىگاھ — «جۇمھۇرىيەت باغچىسى»؛ ئەنە، تاغ باغرىدىكى قارىغايلىقىچە سوزۇلغان قەۋەت - قەۋەت خىلۋەت ماكان... پۈتۈن شەھەر ئادەمگە گويا بىر تەرەپتىن، بۈككىدە باغ ئىچىدە تۇرغاندەك يېشىللىق دۇنياسى بولۇپ كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جىمى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن قىزىل كاھىشلار بىلەن ئادەمگە بىر خىل قىزغىنلىق ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى.

ئاناتولىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئەنقەرە دەرياسىنىڭ گۈزەل ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەر ھەقىقەتەن كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كوچا - رەستىلىرى ئېگىز - پەس ھەم ئويمان - چوڭقۇردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شەھەر قۇرۇلۇشى يەنىلا رەتلىك ھەم ئېدىتلىق ئىدى.

مەن بۇ شەھەردە تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان «زامانىۋى ئاياللار»نىمۇ، كۆزىدىن باشقا يېرىنى يۆگەپ، ئۆزىنى باقىي ئالەمنىڭ مەئىشەتلىرىگە ئاتىۋەتكەن روپاشلارنىمۇ كۆردۈم. يەنە پۈزۈر كىيىنىپ، مودا ئۈچۈن ھەمىشە تەسۋى سىيرىپ يۈرىدىغان

كاتتا زىيالىيلار بىلەنمۇ، تىرىكچىلىك كويىدا تەرلەپ - پىشىپ يۈرگەن، بازار - رەستىلەردە يايما يېيىپ كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرىدىغان ناتىۋان شەھەر پۇقرالىرى بىلەنمۇ ئۇچراشتىم.

ئەنقەرەدە قەدىمكى قەلئە ئىچىگە جايلاشقان «ئاناتولىيە مەدەنىيەت مۇزېيى» بار. بۇ يەر ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئەنقەرە شەھىرىنىڭ مېھمانخانىسى ۋە سودا سارىيى بولغان ئىكەن. كېيىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا، قايتا رېمونت قىلىنىپ، مۇزېيغا ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇ مۇزېيدىكى بۇيۇملار ئاساسىي جەھەتتىن دەۋر تەرتىپى بويىچە قويۇلغان. بىرىنچى قىسمى، كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلار بولۇپ، ئۇ خىلمۇ خىل ئىپتىدائىي تاش قوراللار بىلەن ھەيۋەتلىك تام سۈرەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىككىنچى قىسمى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى بىلەن برونزا قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۈچىنچى قىسمى ئەڭ قەدىمكى برونزا قوراللار بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭغا «بۇ ئازكىن» دېگەن يەردىن قېزىۋېلىنغان ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ ھەيكىلى بىلەن خان جەمەتىنىڭ جەسەتلىرىگە قوشۇپ دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار قويۇلغان. تۆتىنچى قىسمىغا، پوتونلەي مىلادىدىن بۇرۇنقى 18 - ، 19 - ئەسىرگە تەۋە ھىتىت خانلىقى دەۋرىدىكى ھەر خىل پۇللار، ھىتىت مىللىتىنىڭ يېزىقى ئويۇلغان ھەر خىل تاش ئابىدىلەر قويۇلغان. بۇنىڭدا مىنى مىلادىدىن 1600 يىل بۇرۇن ياسالغان توت قۇلاقلىق، رەڭدار كوزا ئالاھىدە جەلپ قىلدى. بۇ ساپال كوزىدا توي مۇراسىم ئەھۋاللىرى — قىز بىلەن يىگىتنىڭ تونۇشۇش ۋاقتىدىن تارتىپ، توي كېچىسىدە بولىدىغان پىنھان، شېرىن پائالىيەتلەر رەسىم بىلەن شۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە ئېنىق تەسۋىرلەنگەن.

مەن بۇ مۇزېيدا ياش بىر چۈشەندۈرگۈچى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، تۈركلەر «ئانادولۇ»، بىز «ئاناتولىيە» دەپ ئاتايدىغان بۇ جۇغراپىيىلىك ئىسمىنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادى 1096 - يىلىدىن

1270 ـ يىلىغىچە غەربىي ياۋروپادىكى خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم)نى قايتۇرۇۋېلىش نامى ئاستىدا ئوتتۇرا شەرققە قارىتا بۇلاڭچىلىق نىيىتىدە ئېلىپ بارغان يەتتە قېتىملىق ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرىنىڭ 2 ـ قېتىمقىسىدا، كىچىك ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ئەھلى سەلىپچىلەرگە قارشى سالجۇق تۈركلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ماڭىدىغان چاغدا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يول بويىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزاتقان ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن قېتىق تۇتقان. شۇ چاغدا، بىر تۈرك ئەسكىرى ئانىسى قېتىق قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا، قولىدىكى قاچىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئانىسىغا مۇنداق دېگەن: «ئانا، دولدۇر!» («ئانا، تولدۇرۇپ قۇي!») شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى (ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئاسىيا قىسمى) نىڭ نامى تۈركچە «ئانادولو» بولۇپ قالغان.

قىسقىسى، مەن «ئاناتولىيە مەدەنىيەت مۇزېيى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ، دۇنيا بويىچە تۇنجى ئالتۇن پۇل ئىجاد قىلىنغان دەۋرلەرگىچە بولغان ئۇزاق ھەم شانلىق تارىختىن ئاز ـ تولا خەۋەردار بولدۇم. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقىلەر شۇ زاماننىڭ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەتتى!

## «ئۆرۈك بايرىمى» تەسراتى

مالاتىيە تۈركىيىنىڭ خېلى قەدىمكى ھەم تەرەققىي تاپقان ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ يەر يەنە زۇڭتۇڭ تۇرغۇت ئۆزالنىڭ يۇرتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاق رەختلەرگە سىزىلغان يوغان رەسىملىرى ئېگىز بىنالارنىڭ ئاملىرىغا ئېسىلغان.

مالاتىيىدە، ھەر يىلى 22 ـ ئىيۇل كۈنى ئەنئەنىۋى «ئۆرۈك بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بايرام ئۈچ كۈن بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە داغدۇغا ۋە شاد - خۇراملىق قاپلايدىكەن .

بايرامنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە ، مالاتىيە شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا كاتتا سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى . بۇنىڭغا ئەنقەرەدىن كەلگەن ناخشا - ئۇسسۇل چولپانلىرى ، قوشنا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن مەخسۇس « ئۆرۈك بايرىمى » ئۈچۈن تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئارتىسلار قاتناشتى . كەڭ ۋە يۇمىلاق تەنتەربىيە مەيدانى شادىمان تاماشىبىنلار بىلەن تولغان ئىدى . ھەممە يەر ئېلېكتر چىراغلارنىڭ نۇرىدا يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى . ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئەپچىلگىنە ياسالغان سەھنىدە ئالدى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ، مىللىي خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئورۇندالدى . ياش ئوغۇل - قىز ئارتىسلار « شانلىق ئورپا » ، « جورا » قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشىلار بىلەن « ئوت ئۇسسۇلى » ، « ھالاي ئۇسسۇلى » قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغاندا ، پۈتۈن مەيدان داۋالغۇپ ، ئالقىش سادالىرى كۆككە يەتتى . مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگىنى ، 18 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغان ياش تاماشىبىنلارنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى ، مىللىي خەلق سەنئىتىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ، مۇھەببىتى ۋە قىزغىن ئالقىشى بولدى . ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، ئارتىسلارغا تەڭكەش بولۇپ ناخشىغا قوشۇلاتتى ۋە بۇ ناخشىلارنى ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇراتتى . ئۇسسۇل ئوينالغاندىمۇ ، ئۇلار ساز رىتىمىگە ئەگىشىپ ، قول ۋە بەدەنلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ، پۈتۈن مەيداننى گويا كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىر خىل شادىيانە ، جۇشقۇن تۈسكە كىرگۈزەتتى .

بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ۋە قىزغىن كەيپىيات مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇش بىلەن بىر چاغدا ، چوڭقۇر ئويغىمۇ سېلىپ قويدى . خىيالىم ئىختىيارسىز ھالدا يۇرتۇمغا ۋە بۇ يەردىكى بىر قىسىم ياش ئەۋلادلارنىڭ روھىي ھالىتىگە يۆتكەلدى . مەن ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىمىزگە بولغان بىر خىل سۇس ۋە بىگانە

پوزىتسىيىسىنى ئويلاپ، قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئەڭ ئاددىيىسى «12 مۇقام» دەك بۈيۈك سەنئەت مىراسىمىزغا بەزى ياشلار قانداقتۇر ياقتۇرماسلىق، قىزىقماسلىق ۋە ئېتىبارسىز قاراشتەك ئېچىنىشلىق روھىي ھالەت بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، مۇقامنىڭ ئېسىل نەغمىلىرى چەتنىڭ خۇنۈك جاز مۇزىكىلىرىغا؛ ئۇنىڭ ياڭراق داستانلىرى غىلجىڭ كوچا ناخشىلىرىغا يەتمەيمىش! ۋەھالەنكى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بۇ بىباھا جەۋھەرنى بىزنىڭ ئەمگەكچان، دانائاتا - بوۋىلىرىمىز ئالتۇننى مىسقاللاپ قازغانغا ئوخشاش قېزىپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئېسىل دۇردانىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلاپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ خۇددى رۇس يازغۇچىسى سالتىكوپ شېدرىن ئېيتقاندەك: «قەدىمكى دانىشمەنلىك شۇ قەدەر كۆپ دۇردانىلەرنى مىراس قالدۇرغانكى، ئەگەر ئۇلارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرىدىغان بولساق، نەتىجىدە يىمىرىلمەس بىر پۈتۈن دەۋر مەيدانغا كېلىدۇ.»

تۈرك ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتنى ئاشۇنداق قىزغىن سۆيۈشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، يېڭىلىققا، زامانىۋىلىققا سەل قارىغانلىقى ياكى قارشى تۇرغانلىقى ئەمەس، بەلكى تارىخنى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۈزۈپ قويماي، شۇ تۇپراق، شۇ روھ بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئىنتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان پوزىتسىيىمىز تارىخقا تۇتقان پوزىتسىيىمىزگە ئوخشاش بولۇشى لازىم. تارىختا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت چوڭ رول ئوينىغان، شۇڭا ئۇ نەچچە مىڭ يىللاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. ئۇنىڭ يارامسىز تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ! دېمەك، بىز ھەم ئۆتمۈشتىن پۈتۈنلەي مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكنى تەشەببۇس قىلمايمىز. چۈنكى، ھايات، دەۋر ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ؛ ھەم ئۆتمۈشنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىشنىمۇ تەشەببۇس قىلمايمىز، چۈنكى، تارىخ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، مىللىي ئىنكارچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

لىق كېلىپ چىقىدۇ !

مەن مالاتىيىدىكى « ئۆرۈك بايرىمى » غا تاسادىپىي داخىل بولۇپ قېلىش پۇرسىتىدە ، تۈرك ياشلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىي روھ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم .

## تاغلىق يېزىغا سەپەر

مەن تۈركىيىدە ئىستانبول ، ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ ، زامانىۋى شەھەرلەردىن باشقا ، مالاتىيە ، دىيارباكىر ، دۇئانشەھەر ، قەھرىمان ماراش قاتارلىق ۋىلايەت ، ناھىيە ۋە تاغلىق يېزىلارنىمۇ زىيارەت قىلدىم . بۇ يەرلەر ئىستانبولدىن 1400 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ ، لېكىن قاتناشنىڭ زامانىۋىلىقى بىلەن بۇ يەرلەر يولۇچىلارغا ھېچقانچە يىراق ۋە جاپالىق بىلىنمەيدىكەن . تۈركىيىدە قاتناش ـ نەقلىيات ئىشلىرى ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغان ئىكەن . چوڭ ـ كىچىك يوللارنىڭ ھەممىسىگە قاراماي ياتقۇزۇلغان ، تۈز ۋە سىلىق . ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسلارمۇ تېز سۈرئەتلىك ، يېڭى ، زامانىۋى ئىكەن . بۇ يەردە ئاپتوبۇسلارنىڭ قاتناش ۋاقتى كۈن بىلەن ئەمەس ، سائەت بىلەن ھېسابلىنىدىكەن . شۇڭا ، ئۇلار بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ دەل ئۆزىدە يولغا چىقىپ كېچە ـ كۈندۈز ماڭىدىكەن . ھەربىر ئاپتوبۇستا ئىككىدىن شوپۇر ، بىردىن كۈتكۈچى بولىدىكەن . كۈتكۈچىلەر يولۇچىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۈز ـ قوللاردىكى تەر ـ پۇراقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەتىر سۈيى ، ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ھەرخىل سوغۇق ئىچىملىك ، قورساق ئاچقاندا ، بولكا ـ پېچىنىلەرنى بېرىپ تۇرىدىكەن . يولۇچىلار ئۇيقۇسى كەلسە ، ئورۇندۇقنى ئارقىغا ياتقۇزۇپ بەخىرامان ئۇخلايدىكەن . ھەرقايسى شەھەر ، ۋىلايەتلەردىكى قاتناش شىركەتلىرى يولۇچىلارنى تالىشىش ئۈچۈن ، مەخسۇس خادىملار ئارقىلىق ئۆز شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇس سۈ-

پىتىنى ۋە كۈتۈش ئەھۋالىنى يولۇچىلارغا بەس - بەستە تەشۋىق قىلىدىكەن. شۇڭا، ئوخشاش مەنزىلنىڭ بىلەت باھاسى ئوخشاش بولمايدىكەن. تۈركىيىدىكى ئۇزۇن يوللۇق سەپەر تۇرمۇشىدا ھەرخىل مىللەت، ھەر خىل تەبىقىدىكى يولۇچىلارنىڭ ئۆز ئارا ئىناق، مۇلايىم ۋە ئەدەبلىك ئىكەنلىكى مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. ئاپتوبۇستا ياكى يول ئۈستى بېكەتلىرىدە بىرەر ئادەمنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ياكى قىزىرىشىپ قالغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاپتوبۇس ئىچى تىنچ، ئازادە ئىدى، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن سۆزلەشسىمۇ، باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. بۇنداق سەپەرلەردە ئاياللارغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار يالغۇز بولسا، ناتونۇش ئەركىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرمايدىكەن، ئىككى كىشىلىك ئورۇندا ئاشۇ ئايال يالغۇز ئولتۇرۇپ ماڭىدىكەن.

مەن «ئۆرۈك بايرىمى» ھارپىسىدا ئىستانبولدىن كەچتە يولغا چىقىپ، 1300 كىلومېتر يىراقلىقتىكى مالاتىيىگە 18 سائەتتە يېتىپ كەلدىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ يەردىن يەنە شۇنداق تېز ۋە ئازادە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دۇئانىشەھەرگە كەلدىم.

دۇئانىشەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 66 - يىللار بىلەن مىلادىدىن كېيىنكى 395 - يىللار ئارىسىدىكى رۇم ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە قۇرۇلغان تاغلىق ناھىيە بولۇپ، ھازىرقى نوپۇسى 60 مىڭدىن ئارتۇق، ناھىيىدە سۇگۇت، بىجاقچى، ئالتۇن توپ، كۇچۇكلۇ قاتارلىق 36 يېزا - كەنت بار. ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى 15 مىڭدىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ تۈزلەڭلىكلىرى، تاغلىرى، ئېتىز - ئېرىقلىرى ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بۇغداي، قوناقنى بىنەمگىلا تېرىيدىكەن، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى يېرىم ماشىنىلاشقان بولۇپ، 40% ئەتراپىدىكى دېھقاننىڭ تراكتور، كومبايىن ۋە يۈك ئاپتوموبىللىرى بار ئىكەن. تاغلىق يېزىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئېلېكترلەشكەن. شۇڭا، بۇ يەردىكى بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە تېلېفون بار ئىكەن.

مەن بۇ يەردىكى دېھقان ۋە تۈگمەنچى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيىدە بىللە تاماق يېدىم. تۈركلەر مەيلى شەھەر ۋە يېزىلاردا بولسۇن، ئوخشاش قېلىپتا تاماق يەيدىكەن. ئۇلاردا ئۇن تامىقى ئاساسەن يوق ھېسابىدا بولۇپ، كۆندە بىر ۋاخ شورپا ( سۇيۇقئاش ) ئىچىدىكەن. كۆپ ھاللاردا پاتلىجان (چەيزە)، بىبەر (لازا)، دوماتىست (شوخلا) لارنىڭ ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش، سامساق، فىننە كۆكى، قارامۇچ قاتارلىقلارنى سېلىپ، دۇملەپ پىشۇرۇپ يەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر قانداق تامىقىدا سالاتا ( خام سەي ) بىلەن يوئۇرت ( قېتىق ) كەم بولمايدىكەن.

مەن دۇئانىشەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا بۇ يەردىكى زىيالىيلار ۋە « تۈركىيە گېزىتى » نىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن تونۇشتۇم. بىر كۈنى ئۇلار مېنى ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى پارتقا ( باغچىغا ) باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى ۋە مەندىن تۈركىيەنىڭ قايسى يازغۇچىلىرىنى بىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا سورىدى. مەن ئۇلارغا ياشار كامال بىلەن ساباھىددىن ئەلىنىڭ « مەمەت ئاۋاق »، « يېتىم يۇسۇپ » قاتارلىق روماىلىرى توغرىسىدا سۆزلىگىنىمدە، ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقتى ۋە بۇ يازغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى توغرىسىدا سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆزۈم ھېس قىلغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە بۇ كىتابلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ خېلى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار ياشار كامالنى ئالاھىدە چوڭ بىلىدىكەن. ئۇنى « ھەقىقىي خەلقپەرۋەر يازغۇچى » دەپ قارايدىكەن. ئېھتىمال، بۇ، ياشار كامالنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئورنى ھەم تۈركلەرنى دۇنياغا تونۇتقان ھازىرقى زامان يازغۇچىسى بولغانلىقىدىندۇر !

دۇئانىشەھەردە ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى، جۇڭگونىڭ كۇمۇش يىڭنىسىنىڭ بۇ يەردىكى ئاجايىپ شىپالىق خاسىيىتى بولدى. تۈركىيىدە ماكانلىشىپ قالغان قەشقەرلىق تۇرغۇن دېگەن دوختۇر جۇڭگونىڭ كۇمۇش يىڭنىسى بىلەن بۇ ئەتراپتا خېلى چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. ئۇنى

كىشلەر ۋىلايەتتىن ـ ۋىلايەتكە، ناھىيىدىن ـ ناھىيىگە تەكلىپ قىلىپ داۋالىنىدىكەن . دوختۇرمۇ چاقىرغىنىدا بىر سەييارە داۋالاش پونكىتى قۇرۇپ، تۈرك، كۆرت قاتارلىق بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇل-دۇرۇشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ بىردىنبىر سايمىنىمۇ، دورىسىمۇ، دەسمايىسىمۇ ئاشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان كۆمۈش يىڭنە ئىكەن . مەن ئۇنىڭ قولىدا ساقايغان قاسىم ئابى دېگەن بىر كۆرت تۈگمەنچى بىلەن ئەھۋاللاشتىم . 60 ياشتىن ھالقىغان، قاتاڭغۇ، ۋىجىك بۇ ئادەم يېرىم پالەچ بولۇپ، پۇتۇنلەي يېتىپ قالغان ئىكەن . دوختۇر ئۇنى بىر مەزگىل يىڭنە ۋە قو-شۇمچە دورىلار بىلەن داۋالاش ئارقىلىق سەللىمازا ساقايتىپتۇ . ھازىر بۇ تۈگمەنچى رەسمىي ئىشقا چۈشۈپ، كۈندە يېرىم كۈن توك تۈگمىنىنى باشقۇرىدىكەن . دوختۇر ھازىر ئۇنىڭ تاختايلىق ئۆيىدە ـ يېتىپ قوپۇپ كېسەل داۋالاۋېتىپتۇ . بۇنىڭدىن باشقا، كۆمۈش يىڭنە ئون نەچچە يىل تۇغمىغان ئايالالارنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ . يىڭنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىككى ئايال يېقىندا ھامىلدار بوپتۇ . مانا بۇ مۆجىزىلىك خەۋەرلەر ئاناتو-لىيە يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى جايلارغا تارقىلىپ، جۇڭگونىڭ كۆمۈش يىڭنىسىدىكى سىر ـ ھېكمەت كىشلەرنىڭ چوڭقۇر دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپتۇ .

ھازىر بۇ دوختۇر شۇنداق ئالدىراشكى، ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت 12 گىچە ئىشلەپمۇ كېسەللەرنى داۋالاپ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن .

مەن بۇ دوختۇرنىڭ داڭقىنى چىقارغان، تۈرك ۋە كۆرتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇلارغا ھايات لەززىتىنى تېتىتقان جۇڭگونىڭ كۆمۈش يىڭنىسىگە ۋە ئۇنى ئىجاد قىلغان ئەقىللىق، دانا ئەجدادلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ئېيتتىم، ئاپىرىن ئوقۇدۇم!

مەن بۇ تاغلىق ناھىيىدە بىر مۇساپىر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ۋەتەن، يۇرت مۇھەببىتى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئەمەلىي تەسىراتقا ئىگە بولدۇم . ئۇ 20 نەچچە ياشلىق، ئاق يۇسىملاق بىر يىگىت ئىدى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن، ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن

قاغىلىقتىن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ، قايتىش ۋاقتىدا پاكىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ . كېيىن يەنە جاھان كۆرۈش ھەۋىسى بىلەن تۈركىيىگە كەپتۇ . بۇ يەردىمۇ بىر نەچچە ئاي ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتۈپتۇ . ھازىر ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەرخىل ماللىرىنى يىراق - يېقىندا سۇ قىلىپ بېرىپ ، تاپان ھەققى ئېلىش بىلەن جان باقىدىكەن .ئۇمېنىڭ : « كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ ؟ بۇ يەر ياخشىمىكەن ؟ » دېگەن تۇنجى سوئالىمغا بىر خىل ئېچكى ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن : « نېمىسىنى دەيسىز ، ئەپەندىم ! ياشلىقتا كەپقاپتۇق ، ئەمدى يا ئۇياقتا ، يا بۇياقتا ئۆتەلمەي ، ئاچا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان مۇساپىر بولۇپ قالدۇق !... » دېدى ۋە ئۆزىنىڭ تېخىچە تۈركىيە پۇقراسى بولالمايۋاتقانلىقىنى ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپمۇ رەسمىيەت ئۆتىيەلمەيۋاتقانلىقىنى زەردە بىلەن سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا : « ئاتا - بوۋىلىرىمىز بەكمۇ دانا ئىكەن ، ئۇلار ھەممە يەرگە بېرىپ ، ھەممىنى كۆرۈپ بېقىپ ، ئاخىرىدا ، ‹ تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز › دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇپتىكەن . خۇدايىم ئادەم تۇغۇل ، جان - جانىۋارلارنىمۇ ئۆز ئۇۋىسىدىن ئايرىمىسۇن ! قارىمامسىز ئەپەندىم ، مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرسەم ، بۇ يىل يۇرتىمىزدىن ھەجگە كەلگەن بىر نەچچە ياش باللار بۇ يەرگە كېلىپ ، بىزمۇ تۈركىيىدە قالىمىز ، يازدەم قىل دەۋاتىدۇ . مەن ئۇلارغا سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ ، ‹ كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بول › دېگەن گەپ بار ، مۇساپىرچىلىق ، غېرىبلىق مەن بىلەنلا كەتسۇن . يۇرتقا كېتىڭلار ، يۇرتىمىز بۇ يەرگە قارىغاندا نامراتراق بولسىمۇ ، لېكىن قۇچىقى كەڭرى ، مېھرى ئىسسىق ! دەپ قايتۇرۇۋەتتىم » دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . مەن ياشلىق ھەۋىسىگە بېرىلىپ ، بىر مەزگىل قىزىقىپ ، تېڭىرقاپ ئاخىر پۇشايمان يەپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئاددىي ، لېكىن مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندىم . ئۇنىڭ سۆزىدە بىر ھەقىقەت — دۇنيادا يۈزلىگەن دۆلەت ، مىڭلىغان مىللەتلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئادەمنىڭ تۇغقان

ئانىسى بىلەن ئۆستۈرگەن ۋەتىنىنىڭ پەقەت بىرلا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك بىر ھەقىقەت بار ئىدى ! شۇنداق ، خۇددى دەل - دەرەخلەر ئۆزىنىڭ ئۇرۇقى چۈشكەن يەردە يىلتىز تارتىپ ، ۋايىغا يەتكەندەك ، ئادەممۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جانىجان يېرىدە يىلتىز تارتىدۇ ، شاخلايدۇ ، باراقسانلايدۇ ! ھەر قانداق بىر ئادەم بالىسى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىنى زادى كۆڭلىدىن چىقىرالمايدۇ .

مەن بۇ يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ، خىيال ئېكرانىمدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئوقۇغان « ۋەتەن تۇپرىقى ئالتۇن » دېگەن بىر چەت ئەل چۆچىكى لىپپىدە پەيدا بولدى . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە ھېكايە قىلىنغان ئىدى : « بۇرۇنىسىدا ياۋروپالىق ئىككى ئالىم ئېفىئوپىيىگە ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، يول باشلاشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ .

بۇ ئىككى ئالىم مەلۇم ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، مەملىكىتىگە قايتماقچى بوپتۇ . ئۇلار پاراخوتقا چىقىش ئالدىدا پادىشاھ ياساۋۇللار بېگىدىن قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ . ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا سوۋغا - سالاملارنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ، ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىمىنى سالدۇرۇپتۇ ۋە ئاياغلارنىڭ چەمىدىكى لاي - توپىلارنى پاك - پاكىز تازىلاپ بولۇپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ . بۇ ئىش ئالىملارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ . ياساۋۇللار بېگى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ :

— پادىشاھىمىز سىلەرگە ئاق يول تىلىدى . سىلەر ئارىلىقى يىراق كۆرمەي ۋەتىنىمىزگە كېلىپ ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار . بىز ۋەتەن زېمىنىنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز ، بۇ زېمىندا تېرىقچىلىق قىلىمىز ، ھەر خىل چارۋىلارنى باقىمىز ، ھېرىپ چارچىساق يېتىپ ئارام ئالىمىز . بۇزېمىنغائاتا - بوۋىلىرىمىز كۆمۈلگەن ، سىلەر ئېگىز تاغلاردا ، چوڭقۇر جىلغىلاردا ، كەڭ تۈزلەڭلىك ۋە ئورمانلىقلاردا كۆرگەن ئاشۇ يوللاردا ئاتا - بوۋىلىرىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىزى ھەم بىزنىڭ ئىزىمىزا بار ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ ئىزى بولىدۇ ! ئېفئوپىيىنىڭ تۇپرىقى — بىزنىڭ ئاتىمىز ، ئانىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز . بىز سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلارنى قىلىپ ، قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدۇق ، بىراق ئېفئوپىيىنىڭ تۇپرىقى بىز ئۇچۇن ئىنتايىن قىممەتلىك ، بىباھا بولغاچقا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن زەررىچىلىكمۇ — ئايىغىڭلارغا يېپىشقان چاڭ .. توزانلىرىنىمۇ بېرەلمەيمىز !... »

بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىمۇ ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن :

« بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپ ، چۈشتى تېنىمگە ئىشتىياق ،
ئانا يۇرتنى كۆرمىسەم ، تەركىي ھايات بەك ئار ئىكەن .
ئول خۇدا بەرسە مەدەت ، ئاتامنى مەن ئىزدەپ تاپاي ،
يۇرتى بارلارغا ھامان رەنا سۈپەتلەر يار ئىكەن .
ئىسفىھان شەھىرىم ئارا رۇخسەت قىلىڭ قايتاي بۈگۈن ،
ئەل سۆيەر ئوغلانغا يات يۇرت جەننىتى ھەم تار ئىكەن !»

شۇنداق ، ۋەتەن ـ يۇرتنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن بۆشۈك ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ قەدىردان تۇپراق بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا ، تېخىمۇ ئالىيجاناب ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ !

## قەھرىمان ماراش

بۇ يەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى — چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى شانلىق كۈرەش تارىخى ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن باشقا يەرلەردىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇراتتى . بۇ يەرنىڭ ئازادە ، رەتلىك كوچىلىرىدا ئەنقەرە، ئىستانبولدىكىدەك يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئاياللارنى ، چىرايلىق ، سالقىن باغچىلاردا قۇچاقلىشىپ ، سۆيۈشۈپ يۈرگەن « زامانىۋى » قىز ـ يىگىتلەرنى ھەرگىز كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزىگە خاس ئەقىدە ۋە ئۆزىگە خاس تۇر-

مۇش رىتىمى بىلەن بىر خىل سالماق، تەمكىن ۋە خىرامانلىق ئىچىدە ياشايتتى.

مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا، تۆت كوچىنىڭ دوقـمۇشىغا جايلاشقان كىچىك، لېكىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك قىبرىس مەيدانىغا كەلدىم. بۇ يەردىكى ئۈچ بۇرجەكلىك گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خاتىرە مۇنارىسى ۋە مۇنارنىڭ بىر تەرىپىدە ئاتا تۈرك — مۇستاپا كامالنىڭ ھەيكىلى، يەنە بىر تەرىپىدە، قولىدا تاپانچا تۇتقان بىر سۇتچى ئىمامنىڭ ھەيكىلى، ئۈچىنچى تەرىپىدە بولسا، ئىككى پەقىر ئايالنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. ئاياللارنىڭ بىرسىنىڭ ھەيكىلىگە يەنە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش — ئۇنىڭ رومىلىغا ئېسىلغان ھالدا يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان بىر فرانسۇز ئەسكىرىنىڭ كۆرۈنۈشى قوشۇپ قاتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ مۇنار ۋە ھەيكەل تۈركىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇنداق بىر رېئال ۋەقەنىڭ شاھىدى ھەم خاتىرىسى ئىكەن:

1919 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ بىر جۈمە كۈنى، ماراشلىق ئاياللار ھاممامغا چۈشىدىغان يەردە بىر فرانسۇز ئەسكەر يېڭىلا ھاممامدىن چىققان ياش بىر چوكاننىڭ رومىلىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يامان نىيەتتە بولماقچى بولىدۇ. بۇ نومۇسلۇق ئەھۋالنى بىر چەتتە سۈت سېتىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم كۆرۈپ، تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ ـ دە، قوينىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئاجىز ھەمشىرىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، فرانسۇز ئەسكەرنى نەقمەيداندا ئېتىپ تاشلايدۇ ۋە دەرھال جامائەت توپلانغان چوڭ جامەگە كىرىپ، مېھرابقا چىقىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان خەلققە مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

«جامائەت، خالايىق! ۋاقىپ بولۇڭلاركى، دۈشمەننىڭ مۇستەمـلىكە بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان، باسقۇنچىلار قىز ـ ئاياللىرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ۋاقىتتا جۈمە نامىزى ئوقۇساق ھەرگىزمۇ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ! ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتىپ، پاك تۇپرىقىمىز ماراشنىڭ چېكىسىگە تۈرك بايرىقىنى قاداپ، ئاندىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇساق

www.uyghurkitap.com

خۇدامۇ ، خەلقمۇ راۋا كۆرىدۇ ! »

شۇنىڭ بىلەن چوڭ جامەدىكى پۈتۈن جامائەت ، ئاندىن پۈتۈن شەھەردىكى خەلق قوزغىلىپ فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ ۋە توختىماي كۆرەش قىلىپ ، 1920 ـ يىلى شۇبات ئېيى ( يانۋار ) دا پۈتۈن ماراش بويىچە غەلىبە قىلىپتۇ . خەلق ھېلىقى ئاددىي سۈتچىگە « سۈتچى ئىمام » دېگەن ھۆرمەتلىك نامنى ، مۇستاپا كامال بولسا ، ماراشقا « قەھرىمان ماراش » دېگەن شانلىق نامنى بېرىپتۇ !

مانا بۇ كىچىككىنە ، ئەمما تەسىرلىك ۋەقە خەلقنىڭ تارىخنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا ، خورلۇققا قارشى كۆرەشنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھامان خەلق تەرىپىدىن شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولىدىغانلىقىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ !

قەھرىمان ماراشتا ، مېنى ھاجى بىلال ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ مۆجىزىلىك بۆرۈتى ئالاھىدە قىزىقتۇردى ۋە ھەيران قالدۇردى . بۇ ئادەم قاپقارا بۆرۈتىنى مايلاپ ، پاتلاپ ، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە ئالتۇن زەرلەر بىلەن كەشتە توقۇلغان قىپقىزىل قىسقا كەمزۇلنى كىيىپ ، چۈچىلىق ئاق بەلبېغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى تاپانچىسىنى قىستۇرۇپ ، سىز بىلەن كۆرۈشكەندە ، كۆز ئالدىڭىزدا گويا قەدىمكى زاماننىڭ ئىلاھىيلاشقان چەۋەندازى ياكى چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىكى خىيالىي قەھرىماندەك كارامەت بىر ئوبراز پەيدا بولغاندەك بولىدۇ . چۈنكى ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغىنى ۋە ھەيران قىلىدىغىنى ، بۇ ئادەمنىڭ قاپقارا ، ئۇزۇن بۆرۈتى ! ئۇزۇن دېگەندە ، ئادەتتىكى ئۇزۇن — شاپ بۆرۈت ئەمەس ، بەلكى بىر تەرىپى 40 سانتىمېتر ، ئىككى تەرىپىنى قوشقاندا 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ۋە ھەيۋەتلىك بۆرۈت . مۇبادا ، سىز بۇ گەپكە ئىشەنمىسىڭىز ، بۇ بۆرۈتنىڭ ئىگىسى ھاجى بىلالنىڭ ھەر قېتىم ئۆيىگە كىرىپ ـ چىققاندا ، بۆرۈتىنىڭ كىشەككە تاقىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يانتۇ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرسىڭىز ، بەلكىم ئىشىنىپ قالارسىز !

بۇ تېخى دۇنيا بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك بۇرۇت ئىكەن . 1 ـ دەرىجىلىك بۇرۇتىنىڭ ئىگىسىمۇ مانا مۇشۇ ماراشلىق تۈرك بولۇپ ، ئۇ ھازىر گېرمانىيىدە ئىكەن . ئۇنىڭ بۇرۇتى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولغاچقا ، بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، بۇرۇتىنىڭ ھەر ئايلىقىنى 200 ماركتىن ئىستراخوۋانىيە قىلدۇرۇپتۇ !

## ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇقەددەس تاۋاپگاھ

مانا بۇ يەر دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ــ مەككە ، قۇياش ئوت چاچرىتىپ تۇرىدىغان ئاتەش زېمىن !

گىياھسىز تاغ ئارىسىدا جىمىرلاپ تۇرغان بۇ قەدىمكى شەھەر كىشىگە گويا رىۋايەتلەردىكى بىر كېچىدىلا چۆل ـ جەزىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان سىرلىق ئوردا ـ قەسىرلەردەك بىلىنىدۇ . چۈنكى ، بۇ زامانىۋى شەھەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت پۈتۈنلەي كۆيۈك تاغ ، قاقاس چۆل ، پايانسىز جەزىرە ! بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى يېلىنجاپ تۇرغان ئوت ، بۇ يەردە كېچىككىنە يېشىللىق ، كىچىككىنە سۇ ئادەمگە تۇتىيادەك ، ھاياتلىقنىڭ ، ئۈمىدنىڭ ، ياشاشنىڭ بەلگىسىدەك مۆجىزىلىك كۆرۈنىدۇ !...

لېكىن ، ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق ئىلىم ـ پەننىڭ شارائىتىدىن خېلى ھوزۇرلۇق ياشايدۇ ، سىرتتا ئادەمنىڭ مېڭىسى قاينىغۇدەك ئىسسىق بولسىمۇ ، لېكىن ھەرقانداق ئۆيگە كىرسە سالقىن ، سوغۇق ، راھەتلىك . ئادەمگە گويا بىر نەچچە مېتىر ئارىلىقتىكى تالا بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەسىل پەرقى باردەك سېزىلىدۇ !

مەن قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كېلىپ ، 100 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىللە بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتىم .

مانا بۇ يەر ھىجرىيىنىڭ ھەر يىلقى زۇلھەججە ئېيىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئېتىقادىنى بىرلا ۋاقىتتا نامايان قىلىدىغان كاتتا سورۇنى . ئۇلار ئۆز ئېتىقادى يولىدا ناھايىتى جەسۇر ۋە مەردانە بولىدۇ ، 50 گرادۇسلۇق پىژ - پىژ ئىسسىق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ ، ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى بوشاشتۇرالمايدۇ ! بەش قىتئەدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەل- گەن بۇ مۇسۇلمانلار بۇ يەرگە كېلىپلا ، ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئەقىدە بىلەن : « ئاللا ! ئاللا !» دەپ ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ ۋە توۋا - ئىستىغبار ئېيتىدۇ . ئۇلار ئوقۇغان ھەمدۇسانا خۇداغا بولغان تەبئىي چوقۇنۇشتىن بولسا ، توۋا - ئىستىغبار كىشىلەرنىڭ ئۆزگە بولغان تەسەللىسى ، كۆڭۈلنى روشەنلەشتۈرۈشى ۋە روھىي جەھەتتە يەڭگىللەپ ، تېخمۇ ياخشىراق ياشىشى ئۈچۈندۇر !

ھەج قىلغۇچىلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنىدىن بۇرۇن مانا شۇ مۇقەددەس شەھەر مەككىگە كېلىپ بولۇشى كېرەك . ئۇلار بۇ يەرگە قەدەم قويۇپلا ، مەسچىدىل ھەرەمنى تاۋاپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ ، يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ . بۇ جەرياندا ، بىر پارچە قارا ساماۋى تاش — ھەجرۇل ئەسۋەدنى بۆسە قىلىشقا مۇيەس- سەر بولالىغانلار ئەڭ بەختلىك ھېسابلىنىدۇ .

بۇ تۆت چاسا قەدىمكى ئىمارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس تاۋابگاھى « بەيتۇللا » بولۇپ ، ئەسلى ئىسمى « كەئبە » . بەيتۇللا مۇسۇل- مانلارنىڭ قىبلىسى ، تاۋاپ قىلىدىغان كەئبىسى . بۇ توغرىدا قۇرئاندا مۇنداق ئايەتلەر يېزىلغان : « ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا ( ئىبادەت ئۈچۈن ) تۇنجى سېلىنغان ئۆي مەككىدىدۇر ، مۇبارەكتۇر ، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر . ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر بار ، ماقامى ئىبراھىم[①] شۇلارنىڭ بىرى . بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ ، قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىن- دى » ( سۈرە ئال ئىمران ، 96 - ، 97 - بەتلەرنىڭ بىر قىسمى ) .

---

① ماقامى ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى سېلىۋاتقاندا دەسسەپ تۇرغان جايى . بۇ جاي ئۆزلۈكىدىن ئېگىزلەپ - پەسلەپ تۇرغان .

رىۋايەت قىلىنىشچە ، كەئبىنى بىنا قىلىش ئۈچۈن ، خۇدادىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى كەلگەن ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى قەيەرگە بىنا قىلىمەن دەپ مۇراجىئەت قىلغاندا ، خۇدا بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئەمر قىلغان ، ئاق بۇلۇت زېمىنغا سايە چۈشۈرگەن ، خۇدا ئىبراھىمغا : كەئبىنى مۇشۇ بۇلۇتنىڭ سايىسى چۈشكەن يەرگە بىنا قىل ، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ شۇ سايە بىلەن باراۋەر بولسۇن ، كەئبىنىڭ تېمىنى تۇرسىنا ، تۇرزىيا ، كوھى سەبرىلبانان ، كوھى جودى ، كوھى ئەبۇقۇبەيس دېگەن بەش تاغدىن تاش ئېلىپ سال دەپ پەرمان بەرگەن !

بۇ بەش تاغدىن تاش ئېلىپ كېلىشنىڭ ھېكمىتى شۇكى ، كەئبىنى تاۋاپ قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بەش تاغنىڭ ئېغىرلىقىچىلىك بولسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە يەنە شۇ كىشىگە ئاشۇ بەش تاغنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كەلگۈدەك ساۋابلىق يېزىلىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت .

شۇنداق قىلىپ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى كەئبىنى بىنا قىلدى . بۇ ، تۆت چاسا ئۆي بولۇپ ، ئېگىزلىكى 50 مېتر كېلەتتى . ئۇنىڭ تېمىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە بىر پارچە قارا مېتېئورىت تاش ئورنىتىلغان ، « ھەجرۇل ئەسۋەد » دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇقەددەس تاشمۇ ئاشۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇكىدۇر .

ئەگەر سىز ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ بىرەرسىگە چىقىپ ، پەسكە نەزەر سالسىڭىز ، مەسچىدىل ھەرەم گويا تۇرغۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىر پارچە نەقىشلىك يەردەك ، ئۇنىڭ مەركىزىدىكى بەيتۇللا بولسا ، بەئەينى ئاسماندىن ساقىپ چۈشكەن تۆت چاسا قارا ئۇيۇلتاشتەك كۆرۈنىدۇ .

مەسچىدىل ھەرەمنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈن بولىدىغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىپ ، يەتتە ئېگىز مۇنار ياسالغان . مەسچىدىل ھەرەم ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق جەۋھىرى ، ئىسلامىيەت مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلى سۈپىتىدە ، ئەسىرلەردىن بېرى قەدىرلىنىپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ ، دەرۋازا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈزىگە ئىسلامىيەت نەققاشچىلىقىنىڭ دۇردانىسى سۈپىتىدە ھەر خىل نازۇك ۋە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان ...

مىڭلىغان ، يۈز مىڭلىغان ھەج قىلغۇچىلار « ئاللاھۇئەكبەر !» دەپ تەكبىر ئېيتىپ ، خۇددى ئۇركەشلەۋاتقان ئەزىم دەريادەك تەۋرىنىپ ، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ مەركىزىدىكى سەيناغا قاراپ ئاقىدۇ ۋە پەلەككە يەتكەن ھەمدۇسانا سادالىرى بىلەن بەيتۇللانى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ . كۆچىلۇكلەر تۇرتۇپ ، قىسىلىپ يۈرۈپ ، ھەجرول ئەسۋەد تېشىنى بوسە قىلىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ ، كەئبىنىڭ ئۈستىدىكى كەشتىلەنگەن قارا يوپۇققا ئېسىلماقچى بولىدۇ !

ھەج قىلغۇچىلار بەيتۇللانى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يېنىدىكى سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىلىقىدا يەنە يەتتە قېتىم يۈگۈرىدۇ . بۇ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك خوتۇنى بۈۋى ھەجەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزدەپ ، ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرگەن مۇساپىسى بولۇپ ، ھەج قىلغۇچىلار بۇ يۈگۈرەشنى ئىخلاس بىلەن بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۈۋى ھەجەرنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ، بۈۋى ھەجەر تېزلا ھامىلىدار بولىدۇ . لېكىن ، بۇ خۇشاللىق ئىش ئۇنىڭ تۇغماس چوڭ خوتۇنى بۈۋى سارەنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۈندەشلىكىنى قوزغايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۈۋى ھەجەرنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ، بۈۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشقا مەجبۇرلايدۇ . ئامالسىز قالغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چوڭ خوتۇنىنىڭ زورلىشى بىلەن بۈۋى ھەجەرنى بىر تۇلۇپ گىياھ ، بىر قەترە سۇ بولمىغان دەشت - باياۋانغا ئاپىرىپ ، بىر مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك ھەم سۇ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ . بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، بۈۋى ھەجەر ئاشۇ دەشت - باياۋاندا كۈندەك نۇرلۇق ۋە بەخت - سائادەتلىك بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . بۇ چاغدا بۈۋى ھەجەرنىڭ سۈيى تۈگەپ كېتىدۇ . ئۇ بوۋاقنى يۆگەپ قويۇپ سۇ ئىز-

دەشكە كىرىشىدۇ. بىر چاغدا، سافا تېغىدىن: «بۇ يەردە سۇ بار!» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ، بۇۋى ھەجەر سافا تېغىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ، قارىسا، سۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇ چاغدا، مەرۋە تېغىدىن «بۇ يەردە سۇبار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بۇۋى ھەجەر يۈگۈرۈپ مەرۋە تېغىغا كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردىمۇ سۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرىدۇ. ئەسلىدە «بۇ يەردە سۇ بار!» دەپ توۋلىغان شەيتان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بۇۋى ھەجەر دەرھال بالىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، بوۋاقنىڭ تاپىنى تەگكەن يەردىن ئىككى بۇلاق پەيدا بولۇپ، لۆمۈلدەپ چىققان سۇنىڭ ئەتراپقا يامراپ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇۋى ھەجەر ھاياجاندىن تەمتىرەپ كېتىپ: «زەمزەم!» (توختا!) دەپ توۋلايدۇ. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېقىۋاتقان سۇ چېپپىدە توختايدۇ. دېمەك: ئاللاتائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئالدى بىلەن زەمزەمنى ئىنئام قىلغان!

ھەج قىلغۇچىلار مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ئىچىگە تەقلىدىي شەكىل بىلەن ياسالغان ئەنە شۇ سافا بىلەن مەرۋەدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك تاغ ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بەيتۇللانىڭ ئالدىغا قايتىدۇ ۋە كۈن مېرىدىئاندىن قايرىلغاندا، جامائەت ئۇزلۇكىدىن سەپراس بولۇپ، لەرزان ئېيتىلىۋاتقان تەكبىرگە ئەگىشىپ رۇكۇدا تۇرىدۇ، سەجدە قىلىدۇ.

ھىجىرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى «قىيامدا تۇرۇش» كۈنىدۇر. بۇ كۈنى ھەج قىلغۇچىلار مەككىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەرەفات تېغىغا چىقىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا تۆگىگە مىنىپ تۇرۇپ، ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن بۇ خاسىيەتلىك يەردە تىك تۇرۇپ سۈكۈت قىلىدۇ، ئارقىدىن ئوتتەك قىزىق، گىياھسىز بۇ تاغنى تاۋاپ قىلىدۇ.

بىر خىل رەڭ، بىر خىل ئۆلچەمدە ئاپئاق ئېھرام باغلىغان، قولىغا

ئاق كۇنلۇك تۇتقان 2 مىلىيوندىن ئارتۇق ئادەم جىمجىت ياتقان بۇ قاقاس تاغ باغرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇپ، ئادەم دېڭىزىغا، ھايات قاينىمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىسسىق تىنىقى، ئاپتوموبىللارنىڭ شاۋقۇنلۇق ھارارىتى، كۆكتە يېلىنجاپ تۇرغان كۈننىڭ ئوتلۇق تەپتى قوشۇلۇپ، بۇ قاقاس تاغ، كۆيۈك زېمىن بەئەينى چوغ ئۈستىدە پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان كاۋاپقا ئايلىنىدۇ. ئەقىدە ۋە ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھەج قىلغۇچىلار مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا قەلبىنى پۈتۈنلەي ئاللاغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادار قۇل، مۆمىن بەندە ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاجىز، كېسەلمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدۇ، بەزىلەر ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ، تىقما - تىقماقچىلىق ئىچىدە دەسسىلىپ كېتىدۇ! شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا بەختلىك ھېسابلايدۇ، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك، مۇقەددەس يەردە جان تەسلىم قىلىپ « جەننەتى » بولغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ!..

مەن دېڭىزدەك گۈركىرەپ، چايقىلىپ تۇرغان پايانى يوق ئادەملەر دۇنياسىغا قاراپ، مۇھەببەت بىلەن ئەقىدىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك ۋە قەيسەر بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. بىر خىل كىيىم بىلەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك ئادەم ئېقىمى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلاپ كېلىۋاتقان ئاق دېڭىزغا ئوخشايتتى. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك، ئاق ۋە قارا تەنلىك بۇ ئادەملەر تىلى، چىرايى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بىر دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، ھىمرلاش بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلار مانا مۇشۇ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان ئەرەفات تاغ باغرىدا ئەتىگەندىن كۈن پاتقۇچە تۇراتتى. ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى بۇ قاقاس تاغ ئېتىكىدە بولىدىغان پائالىيەتنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىدى:

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغان ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى بەش تاغدىن تاش ئېلىپ ئىشلەتكەن، پەقەت ئەرەفات تېغىدىن تاش ئالمىغان.

شۇ چاغدا ، تاغ خۇداغا ناله قىلىپ : ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس كەئبىگە مېنىڭ تاشلىرىمنى ئىشلەتمەيدۇ ؟ دېگەن . خۇدا تاغنىڭ نالىسىنى قوبۇل قىلىپ ، مۇنداق نىدا قىلغان : ئى ، ئەرەفات ! سەن رەنجىمە ، مېنىڭ بەندىلىرىم كەئبىنى تاۋاپ قىلغان ۋاقتىدا ، سېنىمۇ قوشۇپ تاۋاب قىلسۇن !

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئەرەفات تېغىغا چىقىش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئەنە شۇنىڭدىن قالغان .

ھەج قىلغۇچىلار ئەرەفات تېغىدىكى پائالىيەتنى تۈگىتىپ ، كۈن بىلەن تەڭ ئۇ يەردىن قايتىدۇ ۋە يېرىم يولدىكى « مۇزدەلفە » دېگەن يەرگە كېلىپ تۈنەيدۇ . بۇ يەرمۇ پاكار - پاكار كۆيۈك تاغ باغرىدىكى قۇم - شېغىللىق كەڭرى تۈزلەڭلىك بولۇپ ، كىشىلەر قۇم - شېغىل ئۈستىدە ناماز ئوقۇيدۇ ، ئىبادەت قىلىدۇ ، ئارام ئالىدۇ ۋە ئەتىسى مىنادا شەيتانغا ئاتىدىغان 21 تال تاشنى مۇشۇ يەردىن تېرىۋالىدۇ . ئەسلىدە ، مۇزدەلفە ئۆتەڭ دېگەن سۆز بولۇپ ، بۇرۇن كىشىلەر پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ئەرەفات تېغىغا چىقىدىغان ۋە قايتىدىغان ۋاقىتدا مۇشۇ يەرنى ئۆتەڭ قىلغان . ھازىرقى كىشىلەرنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇشى ۋە بىر كېچە تۈنۈشى مانا شۇنىڭدىن قالغان . يەنە بىر رىۋايەتتە ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرىپ ، مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويۇپ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستانغا ، ھاۋا ئانا مۇشۇ يەردىكى جەددە تېغىغا چۈشكەن . ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇلار مۇشۇ يەردە قايتا تېپىشقان ۋە جۈپلىشىپ ئادەمزاتنى پەيدا قىلغان . ھەج قىلغۇچىلار مانا شۇنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ، بۇ يەردىمۇ ئىبادەت قىلىپ ، بىر كېچە تۈنەيتتى دېيىلىدۇ .

ھەج قىلغۇچىلار زۇلھەججەنىڭ 10 - كۈنى ( قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى ) يەنە بىر قېتىم جىددىي ھەرىكەت بىلەن مىناغا كېلىدۇ . مىنا مەككىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يەنە بىر مۇقەددەس جاي . ھەج قىلغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلار بۇ يەردە ئۈچ كۆن تۇرىدۇ، ئۈچ كۆن جەريانىدا چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرسىگە يەتتە تالدىن جەمئىي 21 تال تاش ئاتىدۇ. ئەسلىدە «زۇمرەت ئاغچا» دەپ ئاتالغان بۇ سايدا «شەيتان» سىياقىدا بىر تاش بولۇپ، تاۋاپچىلار شۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئاتاتتى. ھازىر ھەج قىلغۇچىلارنىڭ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ سايغا كەڭلىكى 80 — 90 مېتر، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك سېمونت كۆۋرۈك ياسالغان، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى - ئۈستىگە چىراغ ۋە شامالدۇرغۇچلار ئورنىتىلغان. نەچچە يۈزمىڭ ھەج قىلغۇچىلار دەۋرەپ كېلىپ، شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا، ئۈستىدە گىرە بولۇپ، ئاۋۋال كىچىك شەيتانغا، ئاندىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتانغا قارىتىپ تاش ئاتىدۇ. قورام تاشلار بىلەن مۇنار شەكلىدە ياسالغان بۇ «شەيتان» لارنىڭ ئۈلى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا، ئۇچى كۆۋ- رۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. قەيەردە تۇرۇپ ئاتسا بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى كىچىك شەيتاننىڭ ئىسمى جۇمۇ ئوغرا، ئوتتۇرانچى شەيتاننىڭ ئىسمى جۇمۇرە ئۇستا، چوڭ شەيتاننىڭ ئىسمى جۇمۇرە ئۇكۇپا بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇلارغا قارىتىپ تاش ئېتىشى يامانلىق، رەزىللىك، شۇم- لۇق ۋە قاباھەتكە قارشى ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك خوتۇنى بۈۋى ھەجەردىن بولغان ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا - بالىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جىمى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. بۇ ئىش پەرىشتىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپتۇ ۋە ئۇلار ئاللاغا: «خۇدايا، ئىبراھىم ساڭا دوست، سادىقمەن دەيدۇ، ئەمما سەندىنمۇ بەك ئوغلىغا مېھرىبان، سادىقتەك قىلىدۇ» دەپ شىكايەت قىپتۇ. ئاللا پەرىشتىلەرگە ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە دوست، سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا: «قۇربانلىق قىل!» دەپ ئەمر قىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 500 قوي قۇربانلىق قىپتۇ، لېكىن خۇدا بۇنى قوبۇل

قىلماي « يەنە قۇربانلىق قىل ! » دەپتۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم 1000 كالا قۇربانلىق قىپتۇ ، خۇدا يەنە قوبۇل قىلماپتۇ ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 10 مىڭ تۆگە قۇربانلىق قىپتۇ ،خۇدايەنەقوبۇل‌قىلماي : « قۇربانلىق قىل ! » دەپ قايتا ئەمر قىپتۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ : « ئى ، خۇدا ، نېمىنى قۇربانلىق قىلسام ، دەرگاھىڭدا قوبۇل بولىدۇ ؟ » دەپتۇ . خۇدادىن پەرمان كەپتۇ : « مەندىن باشقا نېمىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ ، شۇنى قۇربانلىق قىل ! » . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆپ ئويلىنىپ ، ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش قارارىغا كەپتۇ . ئۇنى پاكىز يۇيۇپ - تاراپ ، چىرايلىق كىيىندۇرۇپ ، دالاغا باشلاپ مېڭىپتۇ . شۇ چاغدا قەيەردىندۇر بىر شەيتان كېلىپ : « ئى ، ئىسمائىل ، ئاتاڭ سېنى مىنا تېغىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرىدۇ . بارما ! » دەپتۇ . ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئىشەنمەپتۇ ، شەيتان يەنە : « قېچىپ كەتكىن ، بولمىسا ھالاك بولىسەن ! » دەپتۇ . شۇ چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام : « ئوغلۇم ، كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ . « بىر قېرى كىشى كېلىپ ، ئاتاڭ سېنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ ، قېچىپ كەت دەۋاتىدۇ ! » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام . « ئوغلۇم ، ئۇ شەيتان دېگەن لەنەتگەردى ، ئۇنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمە ، ئۇ يەنە كەلسە ، تاش بىلەن ئۇرغىن ! » دەپتۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام .

شۇنىڭدىن كېيىن ، شەيتان يەتتە قېتىم كەپتۇ . ھەر كەلگەندە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىپ شەيتاننى قوغلاپتۇ ! شۇنىڭ بىلەن ھەججگە بارغانلار شۇ يەردە شەيتانغا يەتتە قېتىم تاش ئېتىش سۈننەت بولۇپ قاپتۇ .

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىنا تېغىغا بېرىپ ، خۇدانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئوغلىنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا ، يەنە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر كۆك قوچقارنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ كەپتۇ . ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇرۇن قىلغان قۇربانلىقىنىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولۇپ ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا كۆك قوچقارنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكىگە زىيادە خۇرسەن بوپتۇ ۋە « ئالLاھۇئەكبەر ، ئالLاھۇئەكبەر ، لائىلەھە ئىلLەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ئالLاھۇئەكبەر ، ۋەلىلLا ھىلھەمدۇ » ① دەپ تەكبىر ئېيتىپتۇ . شۇندىن باشلاپ ، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش ۋە تەكبىر ئېيتىش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولۇپ قاپتۇ .

دېمەك ، مىنا تېغىغا چىقىپ شەيتانغا تاش ئېتىش ، قوي ـ كالىلارنى قۇربانلىق قىلىش، تەكبىر ئېيتىپ ھېيت ئۆتكۈزۈش مانا مۇشۇ تارىخىي رىۋايەتلەردىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان « سۈننەت » ۋە « ۋاجىپ » لاردۇر .

ھەج قىلغۇچىلار قۇربان ھېيتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ، زۇلھەججەنىڭ 12 ـ كۈنى مەككىگە قايتىپ ، پەرز ھەجنى ئاخىرلاشتۇرۇشى ۋە بەيتۇللا بىلەن سافا ـ مەرۋەنى ئۈچىنچى قېتىم تاۋاپ قىلىپ ، يۈگۈرۈپ بولۇپ ، ئېھرامدىن چىقىشى شەرت .

ھەج قىلىپ مەككىگە كېلىش ۋاقتىدا ، ھەر قانداق ئادەم ئۈستىدىكى ئادىي ياكى شاھانە كىيىملەر بولسىمۇ سېلىۋېتىپ ، ئىككى پارچە ئاق رەخت بىلەن بەدىنىنى ئورايدۇ . بۇ « ئېھرامغا كىرىش » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ، باي ـ كەمبەغەللىك ، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى ئايرىماي ، ھەممە ئادەم باپباراۋەر ھەم پاك ، يەكدىل بولۇشنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت .

مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرزنىڭ بەشىنچىسى بولغان « ھەج قىلىش » 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، سەھرايى كەبىرنىڭ غەربىدىكى ئافرىقىدىن ئۇلۇغ ئوكيانغا تۇتىشىدىغان جۇڭگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە . بۇ ئۇزاق تارىخىي

---

① خۇدا ھەممىدىن ئۇلۇغ ، بارلىق مەدھىيە ۋە ماختاشلار خۇدانىڭ ئۆزىگىلا خاس دېگەن مەنىدە .

جەرياندا ، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار جاپالىق ، مۇشكۈل سەپەرئۈستىدەخېيىم - خەتەرگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن ياكى مەككە - مەدىنىنىڭ ئاتەش ئىسسىقلىرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار « تەقۋادار شېھىد » ، « ھاجى ھەرەم » دېگەن ناملارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلماقتا ۋە بۇ خىل قەيسەر روھ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالماقتا ...

## مەدىنە يولىدا ئويلىغانلىرىم

مەدىنە مەككىدىن 450 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس جايى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەدىنە مەسچىتىدە ، ھەج قىلغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپ 40 رەكەت ناماز ئوقۇشى شەرت .

مەدىنىنىڭ يولىدا ھازىر گەرچە كىچىك - كىچىك شەھەرچىلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كۆپ قىسمى يەنىلا نىل رەڭلىك ، قوڭۇر رەڭلىك ، كۆك رەڭلىك كۆيۈك تاغ ۋە قاقاس چۆل . چۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن قوش لىنىيىلىك ئازادە ئاسفالت يول كىشىگە گويا چۆلنىڭ قارا دۇردۇن بەلبېغىدەك كۆرۈنىدۇ . 450 كىلومېتىر يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئوخشاش ئارىلىقتا ئورنىتىلغان نۇر قايتۇرغۇچى سايمانلار كېچىدە ئادەمگە خۇددى نۇر ئېقىمى بولۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشاش يېقىملىق ، راھەت سېزىلىدۇ .

مەن ھاۋا تەڭشىگۈچى بار سالقىن ئاپتوبۇستا راھەتلىنىپ كېتىۋېتىپ ، بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ مەدىنىدىن مەككىگە پىيادە ، تۆگە بىلەن قېچىپ بارغانلىقى ۋە كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ؛ بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ، ھەج قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرلەرنى پىيادە ياكى تۆگە بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئازابلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىسمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئويلاپ كەتتىم. ئۇلار بۇ يەرلەرنى بىسىپ ئۆتكەن، ھىجرەت قىلغان، تاۋاپ قىلغان، ئۇلار دىلىغا ئىشقى سىڭىپ كەتكەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇ گىياھسىز ئاتەش چۆللەردىن، ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن كۆيۈك تاغلاردىن پىيادە ياكى تۆگە بىلەن ئۆتكەن. ۋاھ!... بۇ نېمىدېگەن جاپالىق، مۇشكۈل سەپەر؟!... مەن ھازىر زامانىۋى ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپمۇ يەنە قىينىلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ چاغدا، ھاۋا تەڭشىگۈچى ئۇسكۈنىلەر نەدە؟! مۇنداق تېز سۈرئەتلىك ئاپتوبۇسلار نەدە؟! ھاۋا تەڭشىگۈچىنىڭ بۇ ئوتلۇق زېمىنغا كىرگىنىگە تېخى 50 يىل بولدى، ئاۋام خەلق بەھرىمەن بولغىنىغا ئەمدى 20 يىلچە بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇلار ئوت بىلەن، ئوت چاچقۇچى زېمىن بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئوخشاشلا ھەج قىلغان! ئۇلار دوزاخ ئازابىدەك بىلىنىدىغان بۇ مۇشكۈل يولنى ئاز دېگەندە نەچچە ئون كۈندە بىسىپ بولىدىغان بولغىيدى! ئېھتىمال، تۈلۈمدىكى سۇلىرى تۈگەپ كەتكەندە، ئۇلار ئاشۇ كۆيۈك تاغ، قايناق زېمىننى جان - جەھلى بىلەن ئاختۇرۇپ، قۇملار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان قامغاقلارنى كولاپ، ئۇنىڭ يىلتىزىدىكى سۇلارنى سىقىپ ئىچىپ، ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان تاتلىق جانلىرىنى تەستە قۇتۇلدۇرغان ياكى شۇ يەردە خۇددى قىزىق تونۇرغا چاپلانغان نانىدەك پىشىپ قورۇلۇپ، جانلىرىدىن ئايرىلغان بولغىيدى! ...

مەن ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بۇ پايانسىز چۆللۈككە قاراپ، قەيەردىندۇر ئۆتمۈش ھاياتنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرمەكچى بولغانىدەك يىراقلارغا نەزەر سالدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ھىجرىيىنىڭ 2 - يىلىدىن 7 - يىلىغىچە مانا مۇشۇ ئوتتەك دەشتى باياۋاندا، ئىسلام ئېچىش يولىدا بولۇپ ئۆتكەن بەدرى، ئوھۇد، خەيبەرگە ئوخشاش تالاي غازاتلارنىڭ قانلىق كارتىنىلىرى بىلەن قىقاس - چۇقانغا تولغان سادالىرى نامايان بولغانىدەك بولدى. ھازىر قارىماققا تىنچ، خىلۋەت، ھەتتا ئۆلۈكتەك كۆرۈنگەن بۇ زېمىن ۋە بۇ تۇپراق ئۆز ۋاقتىدا تالاي - تالاي مۇقەددەس جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تالاي - تالاي باھادىر - پالۋانلارنى

يۇتۇۋەتكەن سىرلىق، غۇۋغالىق يەرلەر ئىدى! شۇنداق، ئىنسانلار ھەمىشە ئەنە شۇنداق ئۈزۈلمەس ئېلىشىشلار ئىچىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتقان! بۇرۇنقىلار بىھۇدە قان تۆكمىگەن، بۇ قانلار ھېسابىغا قۇمدەك چېچىلىپ، بىر - بىرىگە ئەشەددىي رەقىب بولۇپ كەتكەن ئۇششاق ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىرلىشىپ، بۈگۈنكى بىرلىككە كەلگەن، مۇستەھكەم روھىي تۈۋرۈككە ئىگە ئەرەب دۆلىتى بارلىققا كەلگەن، بۇ قانلار ھېسابىغا يەنە ئۆز پۇشتىدىن تامغان قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىكتىن ئادەمنى قەدىرلەيدىغان دەسلەپكى مەدەنىيەت بەرپا بولغان!

مەن ئاستا كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان بۇ قەدىمكى ئاتەش زېمىنغا قاراپ، تاغ باغرىدا، چەكسىز قۇملۇق ئۈستىدە دەريا ئېقىنىدەك جىمىرلاپ، لاپىلداپ تۇرغان ئاۋۇن (گېرەم - سەرەم) نى كۆرۈپ، بەدىنىمنىڭ كۆيگەندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ، قۇمغا چۈشكەن ئوتتەك كۈن نۇرىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن كۆزلەر قاماشتى، ئىسسىق تەپتىدىن زېمىن ھۆپۈلدەپ، ھاسىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى ...

مەن ئاشۇنداق ئوتلۇق جەزىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇلار بىنەم ئېچىپ، تىرىقچىلىق قىلىۋاتاتتى؛ دەرەخ تىكىپ، بۇ قاقاس چۆللۈككە يېشىل ھايات ئاتا قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، غەيرىتىگە تەھسىن ئېيتتىم. ئېھتىمال، ئۇلار مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىندا ئۆسۈپ، مۇشۇ ئىقلىمدا، مۇشۇ ھاۋادا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىمۇ مۇشۇ ئاتەشلىك زېمىن ۋە ئوتلۇق ھاۋا بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندۇر! ...

دەرۋەقە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى بۇ قۇرغاق، ئىسسىق مەملىكەتنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۇنچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپتۇ. مەسىلەن، بىر دېھقان يەر تېرىيمەن دەپ

ئوتتۇرىغا چىقسا، ھۆكۈمەت ماشىنا بىلەن ئۇنىڭ يېرىنى ھەيدەپ، ئوغۇتلاپ، قۇدۇق قېزىپ بېرىدىكەن. دېھقان پەقەت ئۇرۇق چېچىپ، پەرۋىش قىلىدىكەن. مايسا ئۈنۈپ چىققان ھامان ھۆكۈمەت يەنە دېھقانغا نەقپۇل مۇكاپات بېرىدىكەن. ئاشلىقنى يىغىپ ساتىدىغان چاغدا، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن. بۇ توغرىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە: بىز سىلەرگە ئەرزان باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرەيلى، بۇنداق بىھۇدە چىقىم تارتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ دېگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى: بىز سىلەرنىڭ ئەرزان ئاشلىقىڭلاردىن ئون ھەسسە قىممەت زىيان تارتساقمۇ، ئۆزىمىزنىڭ يېرىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئاشلىقىنى تېرىيمىز! دېگەن. چارۋا مەسىلىسىمۇ شۇنداق. ئەگەر بىرەر كىشى چارۋا باقىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ھۆكۈمەت بىر قوي ئۈچۈن ئون رىيال (16 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ) مۇكاپات بېرىدىكەن، قويلىرىنى ساتىدىغان ۋاقتىتا، دۆلەت باھاسىدىن ئىككى ھەسسە قىممەت باھادا سېتىۋالىدىكەن. بۇنىڭغا يانداپ، كۆكەرتىش ئىشلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ. ئەگەر كىمدە كىم بىر تۈپ دەرەخ تىكىپ ئەھيا قىلسا، 100 رىيال مۇكاپات بېرىدىكەن.

دېمەك، بۇ تەدبىرلەر ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئويلانغان ئاقىلانە ۋە جىددىي تەدبىرلەر ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن، مەيلى مەككىدە، مەدىنىدە ياكى جىددىدە بولسۇن، جۇددى ئالتۇن زۇننارغا قويۇلغان يېشىل ياقۇت كۆزدەك، كۆكۈلمەيدانلىقلار، بۇك - باراقسان باغچىلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىش شۇنداق ئەھمىيەت بىلەن تۇتۇلغانكى، ھەتتا بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە نەچچە يۈز مېتىر يەردىن سوزۇلۇپ كەلگەن بىردىن سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلغان! مانا بۇھال بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆستۈرگەن قاقاس زېمىننى يېشىللىققا پۈركەپ، تۇرمۇشىنى بېزەۋاتقانلىقىنى، تېخىمۇ ئۈمىدلىك، پاراغەتلىك كېلەچەك ئۈچۈن ئىنتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

قىسقىسى، گادايلىقتىن بايلىققا، قاقاسلىقتىن يېشىللىققا، تۇرغۇن-

لۇقتىن تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلەنگەن بۇ قەدىمكى ، مۇقەددەس جاي ئۆزىنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنى ، شۆھرىتى ۋە سەلتەنىتى بىلەن مەندە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە تەسىرات قالدۇردى !

## شور دەريا بويىدىكى ئۆلپەتچىلىك

كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا « شور دەريا » توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم . كىمدۇ : « شور دەريادىكى پاراخوتنى يوغان لەھەڭلەر توسۇۋېلىپ ، ھەجگە ماڭغانلارنى ئۆتكىلى قويمايدىكەن . شۇڭا ، پاراخوتنىڭ ئالدى تەرىپىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ زۇلپىقارىدەك يوغان ئىككى قىلىچ بار ئىكەن ، بۇ قىلىچلار لەھەڭلەرنى كېسىپ ، شور دەريانى قانغا بويايدىكەن ... » دېسە ، يەنە كىمدۇ : « ھەجگە ماڭغانلار چۈشكەن پاراخوتلار بەزىدە شور دەريادا كېتىۋېتىپ ، تۇيۇقسىز توختاپ قالىدىكەن ، بۇنداق چاغدا پاراخوت باشلىقى يولۇچىلارنى يىغىپ : ئاراڭلاردا مۇشۇك ئۆلتۈرگەنلەر بار ئىكەن ، شۇڭا ، پاراخوت توختاپ قالدى ، دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، خەقلەرنى كۆزىتىدىكەن ، كىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ ، پۇت - قولى تىترىسە ، شۇ ھامان ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ، شور دەرياغا تاشلايدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن پاراخوت يەنە مېڭىپ كېتىدىكەن ! . .. » دەيتتى .

مەن كېيىنچە ، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەن سادىر بولۇپ ، بىر مۇنچە ساددا ئادەملەرنىڭ بىلىقلارغا بىھۇدە يەم بولغانلىقىنى بىلدىم . بۇ پۈتۈنلەي نادانلىقتىن ، ئالدامچىلىقتىن بولۇۋاتقان جاھالەتلىك ئىشلار ئىدى . بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەج قىلىش سەپىرىدە ئەنە شۇنداق خېيىم - خەتەرگە ، بۇلاڭچىلىققا ۋە ھەر خىل ئالدىنىشلارغا ئۇچراپ ، ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلىپ ، غېرىب كېپەن بولۇپ قالغان !

مەن بۇ قېتىم « شور دەريا » دەپ ئاتالغان بۇ سىرلىق يەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىغا بېرىپ ، داۋالغۇپ تۇرغان پايانسىز سۈنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-
دۈم . مېنىڭ ئالدىمدا چايقىلىپ ، خەرساڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ، ئۆپقۇنلاپ
تۇرغان بۇ قۇدرەتلىك سۇ « قىزىل دېڭىز » ئىدى . ياپيېشىل تىنىق سۇ
شىددەت بىلەن دولقۇن ئۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۇنچە - مارجاندەك چاچراپ
چىققان سۈزۈك تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى ، جىمىرلايتتى . تىنى-
ماي گۈركىرەپ تۇرغان بۇ ھەيۋەتلىك دېڭىز گويا مەردانە ھالدا
كۆۋەجەيتتى ، قىرغاق سۆيۈپ ئەركىلەيتتى ...

مانا شۇ نەمخۇش ھاۋالىق دېڭىز بويىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ
زامانىۋى كاتتا پورت شەھىرى جىددە بار ئىدى . بۇ يەر مەككە بىلەن
مەدىنىگە ئوخشاشمايتتى . ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق ، ئازادە كوچىلىرىدا قۇرئان-
نىڭ مودېلى بىلەن بىللە راكېتانىڭ مودېلىمۇ ، مەسچىت بىلەن بىللە
زامانىۋى ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىمۇ ، مۇسۇلمان بىلەن بىللە يات دىندىكى
كىشىلەرمۇ تەڭ مەۋجۇت ئىدى . جىددە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى
بىردىنبىر ئوچۇق شەھەر بولغاچقا ، تەرەققىياتى ، شەكلى ، ھاياتلىق رى-
تىمى باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . شەھەرنىڭ
شىمالىي تەرىپىگە قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى شەھەر گويا ئەپسانىلەردىكى ئوردا
- قەسىرلەردەك شۇنداق كۆركەم ، ئازادە ۋە زامانىۋى ئىدى . بۇ يەردە
ياشاۋاتقان مىليون خەلق مانا شۇ بىر تەرىپى دېڭىز ، ئۈچ تەرىپى پايانسىز
چۆل - جەزىرە بىلەن تۇتاشقان بۇ شەھەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ، گۈزەل-
لەشتۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئالدىراش ئىشلەيتتى .

مەن ئون نەچچە قەۋەتلىك ، ھەممە يېرى ئەينەك بىلەن
سىپلىنىغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان كاتتا بىر سودا ماگىزىنىنىڭ 7 - قەۋە-
تىگە لىفىت بىلەن چىقىپ ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەقىقەتەن كارامەت
ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدىم . شەھەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدى-
غان بۇنداق كۆركەم ، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار بۇ يەردە خېلى كۆپ
ئىدى . ئەگەر بۇ شەھەرنى كېچىسى ئايلانسا ، ئادەم ئۆزىنى خۇددى بىر
ساماۋى دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ، قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە

سىزەتتى .

قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا 13 يەردە دېڭىز سۈيىنى تازىلاش زاۋۇتى بار ئىكەن. شورلۇق دېڭىز سۈيى بۇ زاۋۇتلاردا يۇقىرى ئىسسىقلىق بىلەن پارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئاندىن سوۋۇتۇلىدىكەن، ئاخىرىدا ھەر خىل ۋىتامىنلىق بىرىكمىلەرنى قوشۇپ تارقىتىدىكەن. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 2 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە مۇشۇ تازىلانغان سۇ يەر ئاستى تۇرۇبىلار ئارقىلىق تارقىلىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەرلەردە ھازىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كۆكەرتىش ئىشلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىپتۇ.

مەن جىددىدە ئابدۇغوپۇر ھاجىم ئىسىملىك بىر ۋەتەنداشنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. قەددى - قامەتلىك، خۇش پېئىل، كەڭ قورساق ۋە دىلكەش بۇ ئادەم ھازىر 70 ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا ياشلىق كۈچ - قۇدرىتى بەرق ئۇرۇپ تۇرغاندەك تېتىك ۋە روھلۇق ئىدى. 14 ياش ۋاقتىدا، كارۋانلارغا ئەگىشىپ روسىيە ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ قالغان بۇ ئادەم ھازىر بۇ يەردە كاتتا باي، چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىكەن، ئۇ نەچچە يۈز مىليون دوللارلىق دەسمايىگە ئىگە بولۇنداق چوڭ شىركەتنى ئۆز ۋاقتىدا مەككە ۋە رىياد قاتارلىق جايلاردا ناۋايلىق قىلىپ يۈرۈپ قۇرغان ئىكەن. مەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئاتەش زېمىندا يەنە تونۇرغا بېشىنى تىقىپ، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت بىلەن ھەپىلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئويلاپ، زادىلا تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمىدىم. ئوت ئىچىدە تۇرۇپ يەنە ئوت بىلەن ھەپىلىشىش بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۈل كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تاپقان پۇللىرىنىڭ ئەنە شۇ ناندەك پاك ۋە ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى!

ھازىر بۇ ئادەم ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بەرپا قىلغان، يىللىق ساپ پايدىسى 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان كاتتا ئىگىلىكنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئېمىن ھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى

ئاخىرقى ئۆمرىنى دىم ئېلىش ، ساياھەت قىلىش ۋە تۇغقان يوقلاش بىلەن تىنچ ھەم خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ .

ئابدۇغوپۇر ھاجىم 1988 - يىلى تۇغقان كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەتەنگە كەلگەن ۋاقتىدا ، بىر مەزگىل غۇلجىدا تۇرۇپ ، ئۇ يەردە مۇنداق ئىككى ساۋابلىق ئىشنى قىلغان : بىرى ، ھەر يىلى داشۆگە كىرەلمەي ، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرىدىغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، غۇلجا شەھىرىگە چوڭ كۆلەملىك ، زامانىۋى كەسپىي مەكتەپتىن بىرنى سېلىپ بېرىش توغرىسىدا يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزگەن . يەنە بىرى ، ئۇرۇغ - تۇغقان ، قوشنا - قولۇملار ئارىسىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولالمىغان 12 جۈپ ياشنىڭ تويىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆي - ماكانلىق قىلىپ قويغان ! ... ھازىر ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئۈچ ئوغۇل ، ئالتە قىز ، 46 نەۋرىسى بار ئىكەن . ئۇ ئۆزى ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاچقا ، باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىپتۇ . باللىرىنىڭ كۆپى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىكەن .

بۇ ئادەم شۇنچە باي ، پۇلدار بولسىمۇ ، لېكىن تۇرمۇشتا ئېھتىياتلىق ، ئىقتىسادچىل ئىكەن . ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى : « ئادەم قولىدىكى مال - دۇنياسىنى ھالالدىن تېپىپ ، ھالالغا خەجلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ھېسابىنى ئېنىق بەرمىسە ، يەنىلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ . ئەگەر ھارامدىن تېپىپ ، يەنە ھارامغا ئىشلەتسە ، ئۇنداق ئادەم مەڭگۈ دوزاختىن قۇتۇلالمايدۇ ! مەن بىر قېتىم ، بەش بالامنىڭ تويىنى بىرلا قىلىپ ، 37 قوي سويۇپ ، تۆت تاغار گۈرۈچ سالدىم . تۇرغۇن تائام ئېشىپ قالدى ، قارىسام ، ئاشخانىدىكى ئەرەبلەر ئۇنى تۆكۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، مەن دەرھال ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ، ماشىنا بىلەن ئۆيگە ئەكەلدىم ۋە توڭلاتقۇغا سېلىپ قويدۇم . باللىرىم : بۇنى تۆكۈۋەتمەي نېمە قىلىسەن ؟ دەپ غۇدۇراشتى . مەن ئەتىسى بۇ تائاملارنى يەنە ماشىنىغا سېلىپ ، ھېلىقى غۇدۇرىغان باللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ ، يوقسۇللار ئولتۇ-

رىدىغان مەھەللىگە ئېلىپ باردىم. ئۇ يەردىكى يېتىم - يېسىرلار بۇ تائاملارنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا تالاپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا باللىرىمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم، ئۇلارمۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراشتى. دۇنيادا داندىن، ناندىن، گۆش - مالدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ئۇنى خارلاش ئۆزىنى خارلىغان بىلەن باراۋەر! ...»

مەن بۇ تەقۋادار ئادەمنىڭ گەپ -سۆزىدىن،ۋۇجۇدىدىن ئاددىي - ھالال ئەمگەككىچىگە خاس بىر خىل پەزىلەتنى، ئالىيجانابلىقنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بىر كۈنى بۇ ئۆيگە پاكىستانلىق بىر «ئەۋلىيا» كېلىپ قالدى. ئابدۇغوپۇر ھاجىم بۇ ئادەمنىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۇرغۇن غېرىبلىقنى، مۇساپىرچىلىقنى ئۆتكۈزۈپ، يەتكۈچە دەرد تارتقاچقا، ئىشكى ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق غېرىب - مۇساپىرنى خۇدا بۇيرۇغان مېھمان سۈپىتىدە ئالاھىدە كۈتۈۋالىدىكەن. 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئوتتۇرا بويلۇق، چارساقال بۇ پاكىستانلىق ئۆزىنى «جىنكەش» دەپ تونۇشتۇردى، مەنمۇ دەسلەپ ئىشەندىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىممۇ ئۆزىگە ۋە باللىرىغا ئوقۇتماقچى بولدى.

ئۇ كەچلىك تاماقنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېدى، ياتارغا يېقىن ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئاغرىق پۇتىغا ئوقۇدى ۋە بىر تال تاياق بىلەن ھۇرۇپ، سۇفكۈچ قىلدى، كەچتە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قالدىم.

ئەتىسى، پۈتۈن ئائىلىدە ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان بىر خەۋەر تارقالدى: كىمدۇر بىرسىنىڭ 3 - قەۋەت (بىز ياتقان قەۋەت) نىڭ ئىشكى ئالدىغا سىيىپ قويغان بىر جۈپ تەرەت كەشى 4 - قەۋەتكە (ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ئىشكى ئالدىغا) چىقىپ قاپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھېلىقى پاكىستانلىق ئەۋلىيانىڭ كارامىتى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ پاكىستانلىق «ئەۋلىيا» غا بولغان ئىشەنچى، ھۆرمىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئەتىسى كەچتە،

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى « ئەۋلىيا » ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ ئىككىنچى كۈيئوغلى ئابدۇلئەزىزگە ئوقۇماقچى بولدى . « ئەۋلىيا » دەسلەپ بىر غۇلاچ يىپ بىلەن ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ ئوقۇدى ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يىپ بىلەن يەنە ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، يىپنىڭ دەسلەپكى ئۇزۇن – قىسقىلىقى بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئۇزۇن – قىسقىلىقىغا قاراپ ، بۇ ئادەمگە جىن چاپلاشقان ياكى چاپلاشمىغانلىقىنى بىلىدىكەن . مەن بۇ ئەۋلىيانىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە ئۇچۇر – بۇجۇرىغىچە زەن سېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ « ئەۋلىيا » لىقىغا دەرگۇماندا بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئابدۇلئەزىزنىڭ بويىنى قايتا ئۆلچىگەندە ، ھېلىقى يىپنىڭ بىر ئۇچىنى ئالقىنىدا ئازراق يوشۇرۇپ ئالغان ئىدى . بۇنىڭ بىلەن يىپ بۇرۇنقىدىن كالتە چىقاتتى ، ئابدۇلئەزىزگە جىن چاپلاشقان بولاتتى ، « ئەۋلىيا » بىر نەچچە كۈن ئوقۇيتتى ، بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە بولاتتى ! ...

ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ، گۇمانىم توغرا چىقىپ ، « ئەۋلىيا » نىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچى ، كاززاپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ قالدى . بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەب بولدى : بىرى ، ئابدۇغوپۇر ھاجىمنىڭ چوڭ كۈيئوغلى — خۇش پېئىل ، بىلىملىك كىيانشاھ ( خوتەن قاراقاشلىق ) « ئەۋلىيا » نى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ، ئىنىسىنىڭ تۇغماس خوتۇنى ئۈچۈن دېمىدە قىلغۇزدى . « ئەۋلىيا » بىر نەچچە كىچىك تەخسىنىڭ يۈزىگە زەپەر سۈيى بىلەن ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى پەلكۈشلەپ يازدى . بۇنى ھېلىقى تۇغماس ئايال سۇ بىلەن چايقاپ ئىچسە ، ھامىلىدار بولىدىكەن . مەن بۇنى ئوچۇق – ئاشكارا ئادەم ئالداش دەپ چۈشەندىم . مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە ، ھامىلىدار بولۇش ، پەرزەنت كۆرۈش ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ! ئاللانىڭ ئۆز بەندىسىگە قىلىدىغان بۇنداق ھىممەت – شاپائىتىنى قانداقمۇ بىر جاھانكەزدى جىنكەشنىڭ يالغان – ياۋىداق سۆزلىرى ئادا قىلالىسۇن ؟ ! بۇ ئاپئاشكارا ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ ؟ ! ئىككىنچىسى ، « ئەۋلىيا » بىز ياتقان ئۆيدە بىر نەچچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ

ئولتۇرۇپ، بۇلۇڭدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر دانە قاشتېشى بۇيۇمنى تۇيدۇرماي ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم «تەرەت كەشى كارامىتى» نى پەيدا قىلماقچى بولغاندا، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىرەيلەننىڭ كۆرۈپ قېلىشى بىلەن مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەۋلىيا» ئۆزىمۇ خۇدۇكسىرەپ قالدىمۇ — قانداق، تۆتىنچى كۈنى غىپپىدە يوقاپ كەتتى. ئابدۇغوپۇر ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە پۇت ئاغرىقىنى شۇنچە ئوقۇپ، ھۇرۇپ ساقايتالمىغان «ئەۋلىيا»دىن سەل - پەل رايى قايتىپ قالغاندەك، قايتا ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلمىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە، پاكىستانلىق بۇ جاھانكەزدى «ئەۋلىيا» ئاق كۆڭۈل، ساددا، نادان ئادەملەرنى ئالداپ جان باقىدىغان، ئۇلارغا جاھالەت جەبرىسىنى سالىدىغان مۇناپىقتەك تۇيۇلدى. چۈنكى، قۇرئاندىكى «سۈرەبەقەر» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن دىنىنى دەسمايە قىلىدۇ. مانا شۇنداق ئادەملەر مۇناپىقتۇر!». بۇ خىل قىلمىشلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ياكى شۇ دىنىنىڭ بەزى توغرا ئەقىدىلىرىگە قىستۇرۇلۇپ بازار تاپقان، ئىسلامغا زىت، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ، ھاياتقا مۇخالىپ جىنايى قىلمىشلاردۇر! ھېلىقى پاكىستانلىق «ئەۋلىيا» غا ئوخشاش مۇنداق ئادەملەر خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» تا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەر يانلارغا قاتراشلىرى — ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر يانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەتتۇر!»

مەن جىددىدە ھەپتە تۇردۇم. قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئاۋات، شاۋقۇنلۇق بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشى مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ساخاۋەتلىك، تەقۋادار ئابدۇغوپۇر ھاجىم ۋە ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن، بىلىملىك، ئەخلاقلىق پەرزەنتلىرىمۇ مەندە سەمىمىي دوستلۇق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتتى! ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاخىرقى سۆز

ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەر ئوچېركلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مەن بۇنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمدە قانداق تەسىرات قوزغايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. چۈنكى، رەڭگا رەڭ ئىجتىمائىي ھاياتمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش، كىشىلەردە ئوخشاشمىغان زوق، ئوخشاشمىغان تەسىرات ۋە ئوخشاشمىغان ھېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. ھەر ھالدا مەن ئۆز ھېسسىياتىمغا، پىكرىمگە، تەسىراتلىرىمغا سادىق بولدۇم. قەلبىمدە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغاتقان نەرسىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈردۈم، مەدھىيىلىدىم... كۆزۈمگە سىغمىغان، تەسەۋۋۇرۇمدىن ھالقىپ كەتكەن نەرسىلەرگە ھەيران بولدۇم، ئەپسۇسلاندىم. ئىشقىلىپ، نېمىنى كۆرگەن، نېمىنى ئاڭلىغان، نېمىنى ئويلىغان، نېمىنى ھېس قىلغان بولسام، شۇ بويىچە ئەينەن يازدىم. ئەمدى باھانى ئادىل ئوقۇرمەنلەر بېرەر دېگەن ئۈمىدتىمەن.

1992 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

# سىرنىگوللۇك هويلىدىكى سىغىنىش

## مۇقەددىمە

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان يەنئەن يولىدىكى 44 ـ نومۇرلۇق قورۇنى كىشىلەر « يازغۇچىلار قورۇسى » دەيدۇ . راست ، بۇ يەردە ھەقىقەتەن تالانتلىق ، شۆھرەتلىك يازغۇچى ، شائىرلار ئۆتكەن . بۇ قورۇ ئەنە شۇ ئەدىبلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغاچقا ، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىنىدۇ ، يادلىنىدۇ !

بۇ قورۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 12 يىللىق تارىخىدا ، ئۈچ ئەۋلاد يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە شاھىت بولدى . بىرىنچى ئەۋلادتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن تولىمۇ تۇيۇقسىز ، بىمەھەل كېتىپ قالدى . شۇڭا ، بۇ قورۇ چوڭقۇر سېغىنىشقا ، نادامەتكە ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرگە تولغان ! ...

## 1

### ئاددىي ياشىغان ئۇلۇغ ئادەم

1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بىز ئۈچۈن ئېغىر مۇسىبەتلىك كۈن بولدى . شۇ كۈنى شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرنىڭ ھايات شامى ئۆچتى . لېكىن ئۇ مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلبىگە ھاياتلىق شامىنى يېقىپ كەتتى. بۇ نۇرلۇق شام ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، كىتابخانلىرى، دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى.

مەن زۇنۇن ئاكا بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ئاشۇ مەنزىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن: 1979 - يىلى ئاۋۇغۇستنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىدارىغا كەلسەم، ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە مەيدان نەدىندۇر كەلگەن بىر كۆچمەن ئائىلىنىڭ قالايمىقان قويۇلغان يۈك - تاقلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. يۈك - تاقتىن قارىغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ غېرىب ھەم مۇساپىرلىقى چىقىپ تۇراتتى. يۈك - تاقلار ئاران بىر دۆۋە ئوتۇن - ياغاچ، ئەسكى كىگىز - پالاسلارغا ئورالغان ئىككى يۇدۇم يوتقان - كۆرپە، ئىككى - ئۈچ كونا ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە بىر يورۇش قازان - قومۇچلار ئىدى.

سايدا كېيىنگەن ياشانغان بىر ئادەم مۇشۇ نەرسىلەرگە قاراشقا قويۇپ قويغان قارانچۇقتەك مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىرىدا ئېلىنغان تاقىر بېشى كۈن نۇرىدا بەئەينى مىس قازاندەك پارقىرايتتى. دۆگىلەك، ئاق پۇسماق يۈزى يازنىڭ تىنجىق ئىسسىقىدىن تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن، كۆزىدىكى يوغىرى گرادۇسلۇق قېلىن ئەينەكنىڭ تەردىن سىيرىلىپ قاڭشىرىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

مەن بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ شۇنچە ئىسسىقتا ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىسىنىپ قالدىم. ئۇنىڭغا قاراۋېرىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل چىدامچانلىقنى، مۇلايىملىقنى ۋە ئىجتىھادنى سەزدىم. قانداقتۇ بىر خىل ئىللىق ئېقىم بەدىنىمگە تارقىلىپ، كۆڭلۈمدە بۇ ئادەمگە نىسبەتەن غايىبانە ھېسداشلىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇ ئەسنادا، ئىدارىمىزدىكى بەزى پېشقەدەملەر قورۇدا پەيدا بولدى ۋە ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپلا: «ۋاي - ۋۇي... زۇنۇن قادىرغۇ بۇ!» دېيىشىپ، قىزغىن سالاملىشىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا باياتىنىڭ ياغىسى مەن قىزىقسىنىپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان غايىبانە ئىخلاس قىلىپ كەلگەن، قەلبىمنىڭ تۆرىدىن

ئورۇن ئالغان ئالانتلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قوش قوللاپ كۆرۈشتۈم.

بۇ چاغ زۇنۇن قادىرنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، ئاقسۇ تارىمدىكى 18 يىللىق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ئەمگەك قىلغان ھاياتى ئاخىرلىشىپ، ئىدارىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئىدارە بۇ ئادەمگە لايىقىدا ئۆي تېپىپ بېرەلمەي، ئاشۇ مەيداننىڭ بىر چېتىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا يانداش سېلىنغان ئاپتوموبىل ئىسكىلاتىنى بوشىتىپ بەرگەن ئىدى. زۇنۇن ئاكام — بالا - چاقا سەككىز جان ئادەم قىلچە زارلانماي، دادىلماي ئەنە شۇ ھاجەتخانا يېنىدىكى ئاپتوموبىل ئىسكىلاتىنى بىر مەزگىل ماكان قىلىپ تۇتتى. كېيىن ئۇ يەرنىڭ يەنە لازىمى بولۇپ قېلىپ، سىرتتا تۇرۇپ قېلىشقا تاس قالدى. دەل شۇ چاغدا، مەن بالىلىرىم بىلەن يۇرتقا بارىدىغان بولۇپ قالغاچقا، سىرتتا قالغان زۇنۇن قادىرغا ئۆيۈمنى بېرىپ كەتتىم. كېيىن مەن كەلگۈچە ئىدارىمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تەسلىكتە بىر ئۆينى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەينى چاغدا ئىدارىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىش بىرى، ئۇلتۇراق ئۆينىڭ ھەقىقەتەن قىسلىقىدىن بولسا؛ يەنە بىرى، بەزى ھوقۇق تۇتقان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى سولچىللىقنىڭ، قاتماللىقنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىدىن بولغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە زۇنۇن قادىر يەنىلا «سىنىپىي دۈشمەن»، «ۋەتەن خائىنى» ئىدى. لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ بۇنداق سوغۇق، قاتمال مۇئامىلىسى زۇنۇن قادىرغا ئۇنچىۋالا ئېغىر تەسىر قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلارنى 18 يىللىق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ئەمگەك قىلغان ھاياتىدىكى نى - نى قىسمەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى: دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۈچۈن، بۇنچىلىك سەلكىن شامال بىلەن سىم - سىم يامغۇرلار راھەتتەك بىلىنەتتى.

مەن زۇنۇن قادىر بىلەن كۆرۈشۈشتىن خېلى بۇرۇن، يەنى 1973 - يىلى يازدا، بۇ ئادەمنىڭ ئاقسۇدىن مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوپقا يازغان بىر

پارچە خېتنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. تېيىپجان ئېلىيوپ بۇ خەتنى ماڭا غۇلجىدا كۆرسەتكەن ئىدى. چاقماق يوللۇق تىترەت ۋارىقىغا يېزىلغان قىسقىغىنا بۇ خەت پۇتۇنلەي مۇڭغا، ھەسرەتكە ۋە ئىلتىجاغا تولغان ئىدى: «...ئون نەچچە يىلنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىر خۇدا، بىر ئۆزۈم بىلىمەن، ئادەم ھەممە نەرسىگە چىدايدىكەن. خۇداغا شۇكۇر، تېخى ھاياتمەن... بۇ يەرگە بەش جان كېلىپ ئۈچ جان بولۇپ قالدىم... ئاڭلىسام، بىزدەكلەرنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى ئەمەس، بالىلىرىمنى ئويلايمەن، ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟!... ئۇلار مەڭگۈ مېنىڭ كاساپىتىمدىن سورۇقچىلىق تارتىسا بولامدۇ! ؟ سەن مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەن ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇ، مەن قايتىپ كېتەي!... ھەر قانداق ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرى، ھەق ـ ناھەقى بارغۇ! ؟ نەدىمۇ بۇنداق تاڭ ئاتماس كېچە بولسۇن! ؟ ...»

مەن خەتنى كۆرۈپ جىمىپ كەتتىم. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، بۇ ناتىۋان ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاپ قالدىم. شۇ چاغدا تېيىپجان ئاكام ماڭا مۇنداق دېدى: «سىز ئۇنى كۆرمىگەچكە تېخى بىلمەيسىز، زۇنۇن ئاكام ئىنتايىن كىچىك پېئىل، تەمەسىز، ھالال ياشىغان ئادەم. ئۇ ھەتتا ئەمەلىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان. ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان بولسىمۇ، ئىشخانىسىنى يىل بويى توپا بېسىپ تۇراتتى، ئۆزى تۆۋەندىن كەلگىلى ئۇنىمايتتى. ھەمىشە بىرگە: 〈مەن كەسپىمنىڭ ماتېرىيالى، ئەمەلنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس〉دەيتتى».

تېيىپجان ئاكام ئېيتقان ئاشۇ سۆزلەرنى مەن زۇنۇن قادىر بىلەن رەسمىي تونۇشقاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۇ ھەققەتەن ھەشەم ـ دەرەمسىز جىمجىت ياشايتتى، ئارتۇقچە دەبدەبە، داغدۇغىلارنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئەلنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى، ئەلنىڭ خىزمىتىنى ئۆز خىزمىتى دەپ بىلەتتى. ئۇ بىرگە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ساز مەنىۋى بايلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ھەقىقىي سۆز سەنئەتكارى! ئۇنىڭ

چىرايلىق ھېكايە ـ دراملىرى، ھېكايە ـ دراملىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تىرىك سىمالار، جانلىق تەقدىرلەر، ئۇ ئىلگىرى قەلبىگە پۈككەن گۈزەل غايىلەر ھېلىغىچە كىتابخانىنىڭ ئېسىدە ساقلانماقتا، خىيالىدىن ئۆتمەكتە! بۇنىڭغا ئېرىشىش بىر يازغۇچى ئۈچۈن ھەقىقەتەن كاتتا بەخت ۋە شەرەپ! لېكىن زۇنۇن ئاكا بۇنداق بەخت ۋە شەرەپكە يەتمىش يىللىق ھاياتى، ئەللىك يىللىق ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن. ھايات ۋە ئىجادىيەت يولىدا ئۇ نۇرغۇن مۈشكۈللۈكلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئەر-كىن، بەختىيار ئۆتكەن كۈنلىرىدىن جاپالىق، غۇربەتلىك ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى كۆپرەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ـ تاڭ، ئۇ مېھنەتكەش خەلقىنىڭ قەلبىنى، دەردىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، مېھنەت ئەھلىنىڭ قىياپىتى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئانا يۇرتىنىڭ ئېگىز ـ پەس، ئويمان ـ چوڭقۇرىنى ياخشى بىلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ھايات يولى ئەسەرلىرىدە قالدى!

ئۇ، 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇنىڭ تارىمغا تۆۋەنگە چۈشۈ-رۈلدى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە، دېھقان شۇپەت، قېرىسال بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئاپلا بالام، بۇ يەرگە يامان كەپ قاپسىلەر! مۇتەللىپنى يەپ كەتكەن ئاقسۇ سىلەرنى ساق قويارمۇ!؟» دەپ ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئېچىندى.

ئۇ مانا شۇ قېتىم بارغانچە، ئاقسۇ كوناشەھەرنىڭ «ياشلار مەيدانى» دا توپتوغرا 18 يىل تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ قىلمىغان ئىشى قالمىدى: يەر تېرىدى، سۇ تۇتتى، يانتاق چاپتى، قىغ چىقاردى، ھاشاغا باردى، كالا باقتى، توڭگۇز باقتى...

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ئۇنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتەر بولدى. ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئىس تارتىپ كەتكەن، تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆمۈچۈك تور باغلاپ كەتكەن زەي قاراڭغۇ قوتان بېرىلدى.

مەيدانغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشكەن ھەربىيلەر

ئـۇنى « بەش خىل ئۇنسۇر » لار قاتارىدا يىغىۋېلىپ ، رىجىم بىلەن قاتتىق ئەمگەككە سالدى . تاماقنىڭ ناچار ، ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇ ئاجىزلىشىپ « توت پۇتلۇق » بولۇپ قالدى . شۇنداق ھالەتتىمۇ ئۇلار بىر كۈنى ئۇنىڭ رەپىقىسى زۇلەيخان ھەدىنى چاقىرىپ :

— زۇنـۇنـنـى شـۇجـېـڭـجـۇيـى قـىـلـىـپ ياسايسەن ، بازاردا سازايى قىلىمىز ! — دېدى .

زۇلـەيـخـان ھەدە بـۇيـرۇققا بىنائەن ، بىر كېچە تەييارلىق قىلىپ ، زۇنـۇن قـادىـرنـىـڭ كـونا كۆڭلىكىنى يۇيۇپ دەزماللىدى ، نەلەردە قالغان كـونـا كاستيۇم - بۇرۇلكىسىنى تېپىپ تازىلىدى ، ئاندىن گالىستۇك تاپالـمـاي ، ئۆزىـنـىـڭ بـېـغـىـررەڭ پوپايكىسىنىڭ پويىزىسىنى گالىستۇك قىلىپ چىگدى ، ئەسكى شىبلىتنى چىگىدەك بىلەن مايلىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە ، بـۇ كـىـيـىـمـلـەرنـى كىيگەن زۇنۇن قادىر خېلى چىرايلىق ، پاكىز بولۇپ قالدى . لېكىن بۇنى كۆرگەن بىر باشلىق زۇلەيخان ھەدىگە ۋارقىرىدى :

— ھوي خوتۇن ، شيۇجېڭجۇيى دېگەن مۇنداق بولامدۇ ؟ !

— شـۇنـداق بـولـماي قانداق بولىدۇ ؟ — دېدى زۇلەيخان ھەدىمۇ بـوش كـەلـمەي ، — سەن كۆرگەنمىدىڭ ، مانا مەن كۆرگەن . شيۇجىڭـجۇيى دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ !

شـۇنـىـڭ بـىـلـەن ، زۇنۇن قادىرنى قىزىل گۇڭشېسىنىڭ بازىرىغا ئاپـىـرىـپ ، « شـيـۇجـېـڭـجۇيى زۇنۇندىن ھېساب ئالايلى ! » دەپ سازايى قىلدى . لېكىن ، نادان خەلقلەرنىڭ بەزىسى ئۇنىڭغا قاراپ :

— قاراڭلار ، شيۇجېڭجۇيى دېگەن ئەجەب سۆلەتلىكبولىدىكەن - ھە ! ؟ — دېسە ، يەنە بەزىلەر :

— تـوۋا ، شـيـۇجـېـڭـجـۇيـى دېـگـەن ئەجـەب چـىرايلىق ، پاكىز بـولـىـدىكەن - ھە !؟ — دەپ قىزىقىپ ، زۇنۇن قادىرنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشـىـۋالـدى . بـۇ ئـىـش يـەنـە زۇنۇن قادىرنىڭ بېشىغا بالا بولدى . خىزمەت گـۇرۇپـپـىـسىدىكىلەر : « بۇ چىرايلىق بولۇپ كەتسە بولمايدىكەن ، خەلقلەر كـۆرەش قىلماي ، ئارقىسىغا كىرىۋالـىـدىـكـەن » دەپ قـاراپ ، ئـۇنـى

« سەتلەشتۈرۈش » قارارىغا كەلدى ۋە زۇنۇن قادىرنى بېشىدىن بوينىغىچە يېشىل سىردا سىرلاپ ، بازارمۇ بازار ، ئەترەتمۇ ئەترەت سازايى قىلدى . بۇ ئادەم بىر ھەپتىگىچە ئاشۇنداق سىرلانغان پېتى — بەئەينى يېشىل قاپاقتەك يۈردى . بىر قېتىم كۆرەش قىلىۋاتقاندا ، ئىسسىق تەردىن ماڭلىيىدىكى سىر ئېقىپ كۆزىگە كىرىشكە باشلىۋېدى ، ئۇ بىر قولى بىلەن سىرنى سۈرتۈشكە تەمشەلگەندە ، بىر مىنبىلىك مۇشت بىلەن قوۋزىغا ئۇرۇپ ، ئىككى تال چىشىنى چۇشۇرۇۋەتتى ، زۇنۇن قادىرنىڭ ئالقىنى ئاغزى بىلەن بۇرنىدىن ئاققان قانغا تولدى . بۇ چاغدا مىنبىلار يەنە مۇتىھەملىك بىلەن :

— بىز تېخى ساڭا ئەلەم كۆرىشى قىلمىدۇق ، قەلەم كۆرۈشى قىلىۋاتىمىز ! — دېگەندە ، زۇنۇن قادىر غەزەب بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ :

— توغرا ماۋۇ ئاققان قان قەلەم كۆرىشىنىڭ سىياھى ئىكەن - دە ! — دەپ مەسخىرە قىلدى .

كېيىن ، شۇ يېشىل سىرنىڭ كاساپىتىدىن يازغۇچىنىڭ بىر كۆزى گۆھىرىدىن ئايرىلىپ كاردىن چىقتى .

بىر نەچچە كۈنلۈك سازايى تۈگىگەندە ، ئۇلار زۇنۇن قادىرغا چوشقا بېقىشنى تاپشۇردى . بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن « سىياسىي ۋەزىپە » ئىدى . ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خورلۇق ئىشتىن باش تارتالمىدى . ئاخىر ، ئۆيىنىڭ سۇپىسىدا ئۆزلىرى تىقىلىشىپ يېتىپ ، پەستە چوشقا باقتى ، ئۇلار بەرگەن ئون بىر چوشقىنىڭ ھەر بىرسى ئالتىدىن سەككىزگىچە كۈچۈكلىدى . شۇ كۈنلەردە زۇنۇن قادىر ئاللاغا تىنىۋېلىپ :

— ھەي خۇدا ، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن ! بۇنى بېقىشمۇ سېنىڭ ئىرادەڭمىز بولمىغاندۇر ، گۇناھىمنى كەچۈر ! — دەپ نالە قىلدى .

ئۇ چاغدا زۇنۇن قادىر تۈگۈل ئۇنىڭ بىگۇناھ باللىرىمۇ ئايلاپ - ئايلاپ گۆش - ياغ كۆرمەيتتى . بىر قېتىم ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ، گۆشكىشى بازىرىغا كىرىپ ، گۆشسىراپ كەتكەن باللىرىغا بىر نەچچىدىن مانتا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر مانتىپەزنىڭ دۇكىنىدا ئۇزاق ئۆچۈرەتتە

www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ، نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئاشپەزخانىدا قىزىق مانتىنى ئېلىشقا قاچا ياكى تەخسە قالمىغان ئىدى. زۇنۇن قادىر ئاران كەلگەن ئۆچۈرەتنى كەتكۈزۈپ قويۇشقا كۆزى قىيماي، بېشىدىكى كونا شەپكىسىنى ئېلىپ، ئون نەچچە مانتىنى شەپكىسىگە ئالدى ۋە شۇ يەردىلا بالىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئېچىرقاپ كەتكەن بالىلار ئىسسىق مانتىنى پۇۋلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، شاپىلدىتىپ يېيىشكە باشلايدۇ.

شۇ چاغدا، ناھىيىدىن سىلىشتۇرۇپ باھالاشقا چىققان بىر نەچچە كادىر بىلەن گۇڭشې كادىرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار شەپكىدىكى مانتىنى ۋە بالىلارنىڭ تالىشىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھومىيىشىدۇ. ناھىيىدىن چىققان بىر كادىر غادايغىنىچە ئەمر ـ مەرۇپ قىلىۋاتقاندەك، يېنىدىكى گۇڭشې كادىرلىرىغا:

ــ زۇنۇن دېگەن بۇ ئۇنسۇر شەپكىسىگە مانتا ئېلىپ ياخشى ۋەزىيەتنى قارىلىماقچى ــ باشقا دۆلەتلەر باي، بىز گاداي دەپ نارازىلىق بىلدۈرمەكچى! ئۇنىڭ غەرىزى نېمىدېگەن يامان! ئۇنى قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇڭلار! ــ دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئادەتتىكى ئىش يوغان سىياسىي ۋەقەگە ئايلىنىپ، زۇنۇن قادىر ئۈچ كۈن كۈرەش قىلىنىدۇ. كۈرەشنىڭ دەسلەپكى كۈنى ئۇ ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۆزىدە ھېچقانداق يامان غەرەزنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت شەپكىسىنى قاچا ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى، ئەگەر ئاشۇنداق قىلمىسا، شۇ كۈنى مانتا ئالالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن، شۇ چاغدا ئىنتايىن سول سىياسەت ئەدەپ كەتكەنلىكتىن كاللىسى قىزىپ كېتىپ قىپقىزىل ساراڭدەك بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، قايىل بولمايدۇ. نەتىجىدە، تىل ـ ھاقارەت ئورنىنى تاياق ـ توقماق ئىگىلەيدۇ. ئاخىر يۈرىكى دەردكە، جىسمى ئازابقا تولغان زۇنۇن قادىر ئۆز ئىرادىسىگە، ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا، بىر مۇنچە يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ، بۇ دەرد ـ ئەسەردىن ئاران قۇتۇلۇۋالىدۇ.

ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يول باشلىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىرنىڭ هايات يولى تۈپتۈز بولمايدۇ، نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلار، خېيىم - خەتەرلەر، جۇدۇن - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ هاياتلىق يولى شان - شۆهرەت گۈلزارلىقىدىن ئۆتمەستىن، بەلكى خەتەرلىك قىياتاشلار ئۈستىدىن، چوڭقۇر هاڭلار ياقىسىدىن، زەهەرلىك يىلان - چايانلار ئۈۋىسىدىن ئۆتىدۇ.

80 - يىللاردا، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قەشقەر، تۇرپان، ئاقسۇ، غۇلجا، خوتەن ۋە قاراماي قاتارلىق جايلاردا هەر خىل تېمىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنلىرىنى ئاچىدۇ. بۇ پائالىيەت ئەدەبىي هاياتنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاپتورلارنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇش، تەجربە ئالماشتۇرۇش، يۇرت كۆرستىش قاتارلىق ئاكتىۋال روللارنىمۇ ئوينايدۇ. بىز شۇ چاغدا بۇ پائالىيەتلەرگە بىر نەچچە پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلار قاتارىدا ئۇستاز زۇنۇن قادىرنىمۇ بىللە ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل پائالىيەتنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. شۇ چاغدا يۈز بەرگەن بەزى تەسىرلىك ئىشلار گويا هازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ:

1985 - يىل 8 - ئايدا، خوتەندە ئاپتونوم رايون بويىچە «هېكايە ئىجادىيەت يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقانلارنى قاراقاش ناهىيىسىگە ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارغاندا، بۇ يەردە خېلى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا ۋىلايەت، ناهىيە رەهبەرلىرى هەم سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن تاللانغان ئارتىس ۋە مۇزىكانتلار قاتناشتى. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى باشلانغاندا، بىر ئايال ناخشىچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، چىرايلىق تازىمدىن كېيىن:

— مەن هەر بىرلىرىگە بىزنىڭ پەخرىلىك يازغۇچىمىز زۇنۇن ئاكامنىڭ ئۆزلۈم ئوينىغان «غۇنچەم» درامىسىدىن بىر ئارىيە ئورۇنداپ بېرەي! — دېدى - دە، شوخ، يېقىملىق مۇزىكا رىتىمىگە ئەگىشىپ،

« غۇنچەم » دراممىسىنىڭ بىرىنچى پەردىسىدىكى غۇنچەمنىڭ ناخشىسى شۇنداق لەرزان ھەم چىرايلىق ئوقۇيدۇ :

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ .
يار بىزدىن يامانلاپتۇ ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ .

مەن بارايمىكەن ئۇندا ،
يار كېلەرمىكىن مۇندا .
يارغا يار كېرەك بولسا ،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا .

ناخشىچى ئاخىرقى كۇپلېتنى ئېيتىۋاتقاندا ، ناھايىتى سۇلكەتلىك ھەرىكەت بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى تەخسىدىن قىزىرىپ پىشقان پارقىراق بىر ئالمىنى قولىغا ئالدۇ ۋە ناخشا تۈگەش بىلەن ۋىلايەت ھەم ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ناتىۋان قىياپەتتە ئولتۇرغان زۇنۇن قادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قولىدىكى ئالمىنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتتىدۇ .

بۇ كۆرۈنۈش ۋە بۇ دەقىقە كۈتۈۋېلىش يىغىنىنىڭ كەيپىياتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردۇ . ناخشىچىنىڭ زۇنۇن قادىرغا بىلدۈرگەن بۇنداق قىزغىن ، سەمىمىي ئىلتىپاتى ئۇزاق يىل ھۆرمەت ، غەمخورلۇق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت دىگەنلەردىن مەھرۇم بولغان يازغۇچىنىڭ دەردكە ، ئاچچىققا تولغان يۈرىكىنى شۇرىدە ئېرىتىپ ، خۇنى ئاجىزلىغان كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلتۈردۇ . شۇنچە كاتتا كىشىلەر تۇرغان يەردە ، بىر ئاددىي يازغۇچىغا بىلدۈرۈلگەن بۇنداق تەبىئىي ھەم سەمىمىي ھۆرمەتكە بىز قىنقاس ـ چۇقان بىلەن تەنتەنە قىلدۇق .

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ، بىز يەنە چىرا ناھىيىسىگە

باردۇق . شۇ كۈنى كەچتە ناھىيە رەھبەرلىرى يىغىن ئەھلىنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ، يەنە كەچكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى تەشكىللىدى . بۇ سورۇنغا ناھىيە رەھبەرلىرىدىن باشقا ، نۇرغۇن مائارىپچىلارمۇ قاتناشتى .

مەن قائىدە بويىچە يىغىندىكى بىر نەچچە پېشقەدەملەرنى تونۇشتۇرۇپ ، زۇنۇن ئاكامنى تىلغا ئالغان ۋاقتىمدا ، پۈتۈن زالدا ئۇزاققىچە چاۋاك بېسىلمىدى . كېيىن بىر نەچچە مائارىپچىلار بىلەن ئەدەبىي ھەۋەسكارلار زۇنۇن ئاكامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، تۇشمۇ - تۇشتىن ھال ئەھۋال سوراپ كەتتى :

— زۇنۇن ئاكا سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەن .

— زۇنۇن قادىر دېسە ، بېشى بۇلۇتقا تاقاشقان ، تاغدەك بەستى بار ئادەم دەپ ئويلاپتىكەنمىز . لېكىن بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ، ياۋاش ئادەم ئىكەنلىغۇ !

بۇ ئۇچرىشىشتا ، مېنى بىر نەچچە پېشقەدەم مائارىپچى بىلەن ھەۋەسكارلارنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي ، ئىختىيارسىز كۆز ياش قىلىشقىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇردى . بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەن تەسىرلىك ، ھاياجانلىق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئاددىي ، تومتاق سۆزلىرىگە چوڭقۇر مەنە بىلەن ئوتلۇق سېغىنىش ؛ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق كۆز ياشلىرىغا چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەن ئىدى . مەن شۇ چاغدا ، خەلقنىڭ ئۆز يازغۇچى ، شائىرلىرىنى نەقەدەر ئۇلۇغلاپ ، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، بۇنداق زور شان - شەرەپكە ئېرىشىش يازغۇچى ، شائىر ئۈچۈنمۇ نەقەدەر خۇشاللىق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم . دېمىسىمۇ زۇنۇن قادىرنى ئۇلۇغلاپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر بىلەن زۇنۇن قادىر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قانداشلىق ، يۇرتداشلىق ياكى ئاكۇپىداشلىق ، ساۋاقداشلىقتا ئوخشاش يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى يوق . ئۇلار پەقەت زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان ، دراملىرىنى كۆرگەن ، شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىغا غايىبانە ھۆرمەت ، مۇھەببەت تۇغۇلغان ، ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز روھىنىڭ مەنۋى تۆۋرۈكى ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان.

مەن شۇ چاغدا، بۇ ئۇستازلارنىڭ ئۇزاق، مۇشەققەتلىك ئىجادىي يولىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ: ئۇلار كۈندىن كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان، ھايات بېغىنى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ ئەدەبىيات سېپىمىزنىڭ تۆرىدە بار ۋە ھەممىشە بار بولىدۇ دەپ ئويلىدىم...

1986 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، مەن زۇنۇن قادىر بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇچرىشىش، سىرداشىش پۇرسىتىمىز تېخىمۇ كۆپ بولدى.

بىر كۈنى، مەن ئۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات، سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ 1961 ـ يىللىق 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قىزىلگۈل» ناملىق ھېكايىسى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالدىم. چۈنكى، بۇ ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ھەۋەسكارلار ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان ئىدى. كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار زۇنۇن قادىرنىڭ بۇ ھېكايىسىغا قايىل بولماي، تەنقىدىي قاراشتا بولغان ئىدى. كېيىن مېنىڭ ساۋاقدىشىم ئابلىمىت ئىسمائىل (ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى) «پۇراقسىز قىزىل گۈل» ناملىق بىر پارچە ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تەنقىد قىلغان ئىدى. بىز بېرىنەچچەمىز بۇ ماقالىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، ئاپتورغا «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىغا بېرىشنى ئېيتتۇق. ئابلىمىت ئىسمائىل ماقالىنى ئۆز قولى بىلەن تەھرىر بۆلۈمگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ماقالىسى بىر تەھرىرنىڭ: «ماقالىڭىز ياخشى ئىكەن، لېكىن زۇنۇن قادىرنىڭ يۈزىنى، ئىناۋىتىنى ئويلاپ، يەنە ئۆزىڭىزگە قايتۇر-دۇق، ۋاقىپ بولغايسىز!» دېگەن خېتى بىلەن قايتۇرۇلغان ئىدى.

مەن شۇ كۈنى زۇنۇن ئاكامغا بۇ ماقالىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە شۇنچىلىك سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ:

— سەن ماقالىنى ئوقۇپتىكەنسەن، نېمىلەر يېزىلغانتى؟ — دەپ

سورىدى .
— ئېسىمدە قېلىشىچە ، — دېدىم ئامال بار ئەينەن سۆزلەشكە تىرىشىپ ، — ئاساسەن ئىككى مەسىلە قويۇلغان : بىرى ، ھېكايە تۈسى يوق ؛ يەنە بىرى ، بەدىئىي ئوبراز يارىتىلمىغان . ئاخىرىدا ئاپتور سىزنىڭ بۇرۇنقى ھېكايىلىرىڭىزنى تىلغا ئېلىپ ، ئەگەر « قىزىل گۈل » ھېكايىسىنىڭ بېشىدىكى « زۇنۇن قادىر » دېگەن ئىسمنى ئېلىۋەتسە ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ ھېكايىنى زۇنۇن قادىر يازدى دېيىشكە تىلى كۆيىدۇ دەپ خۇلاسىلىگەن .
— جايىدا ... جايىدا قويۇلۇپتىكەن ! — دېدى زۇنۇن ئاكام تەبىئىي كەمتەرلىكى ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن ، — ئابلىمىت ئىسمائىل ئەزىمەت ئىكەن ! مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ، تەھرىر بۆلۈمىدىن قاتتىق نارازى بولغان ئىدىم . ئۇنداق قىلسا ئەدەبىياتىمىز قانداق يۈكسىلىدۇ ؟ ! لېكىن ، تەھرىر بۆلۈمدىكىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن قورقتى ؟ بىرى مېنىڭ يۈزۈم چوڭ كەلگەن گەپ ؛ يەنە بىرى ، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭمۇ قولى بار ، ئۇلار ماڭا زاكاز قىلغان ! زاكازچىلىق ئەدەبىيات ئەمەس ، ئۇ ماددىي بۇيۇملارغا بولىدۇ . لېكىن ، مەن ئاشۇ بىر قېتىم ئۆزۈم خالىمىغان ئىشنى قىلدىم .
شۇ كۈندىكى سۆھبەتتە ، مەن زۇنۇن ئاكامنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل ، راستچىل ۋە سەمىمىيلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم . ئۇ ، ئۆزىنى بىلىشتە ۋە ئۆزىنىڭ ئىشنى باھالاشتا ناھايىتى ئادىل ، كەمتەر ھەم شەپقەتسىز ئىدى . بۇنداق روھ بۈگۈنكى كۈندىكى شۆھرەتپەرەسلىك ، ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقلار يامراپ كەتكەن كىشىلىك جەمئىيىتى ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ھەم قىممەتلىك !
1988 - يىلى مېنىڭ تۇنجى رومانىم « ئۇنتۇلغان كىشىلەر » ئېلان قىلىندى . ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۈنى كەچتە ، زۇنۇن ئاكام ھويلىدىكى گۈللۈك ئارىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ماڭا مۇنداق دېدى :
— رومانىڭنى بالىلىرىمغا ئوقۇتۇپ ، باشتىن - ئاخىر تولۇق

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىدىم. تۇنجى سىناقتا غەلىبە قىپسەن. لېكىن باش قەھرىمان باتۇقنى بىرئاز كەپسىز قىلىپ قويدۇڭمۇ قانداق؟ نەگىلا بارسا شوخلۇق قىلىپ، ئىش تېرىپ يۈرىدىكەن.

— مېنىڭغۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى، زۇنۇن ئاكا، — دېدىم ئۆز پىكرىمنى شەرھلەپ، — لېكىن ئۇ ئاشۇنداق قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، مەنمۇ ئامالسىز ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇپ بەردىم.

— ئۆزۈڭمۇ باتۇققا ئوخشاش شوخ نېمە، شۇڭا يولۇڭلار بىر يەردىن چىقىپ قالدى دېگىنە، — دېدى زۇنۇن ئاكام چاقچاق قىلىپ ۋە بىر دەم تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — بۇ گېپىڭ ل. تولستوينىڭ بىر گېپىنى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. ئۇ زات مۇنداق بىر مەزمۇندا گەپ قىلغان: «مېنىڭ ئەر - ئايال قەھرىمانلىرىم بەزىدە مەن خالىمايدىغان قىلىقلارنى قىلىپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى رېئال تۇرمۇشتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەم رېئال تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلار. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشلىرىنى خالىمايتتىم ...» شۇنىڭغا قارىغاندا، سېنىڭ باتۇقۇڭمۇ سەن خالىمىغان ئىشلارنى قىپتۇ - ھە! ؟ شۇنداقمۇ، ئۇ يەنە كىشىگە خېلى سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىكەن. بۇ سېنىڭ ئوبراز يارىتىشىڭدىكى بىر مۇۋەپپەقىيىتىڭ بوپتۇ.

بۇ سۆزلەر كۆيۈمچان بىر ئۇستازنىڭ ئۆز شاگىرتىغا بېرىۋاتقان ئادىل باھاسى ۋە ئۇنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىنىشى، ئىلھامى ۋە رىغبىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى ۋارىسلارغا بىلدۈرگەن مەدەتكارلىقى ھەم ئارزۇ - ئىستىكى كېيىنكى بىر قېتىملىق سۆزىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە روشەن ئىپادىلەندى:

1988 - يىلى 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تۆت مىللەتتىن 15 كىشىنى كەسپىي يازغۇچى قىلىپ تەستىقلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. شۇ چاغدا زۇنۇن قادىر مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ناھايىتى ياخشى بولدى، ئەمدى سىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يېزىشىڭلارغا پۇرسەت تۇغۇلدى. ۋاقىت، ئەركىنلىك ئۆ-

زۇڭلارنىڭ قولىدا. ئەمدى سەن ھېچقانداق تەسىرگە بېرىلمەي، باش چۆكۈرۈپ ئىجاد قىل. مىللىي ئەدەبىياتنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يېرىك ئەسەر بولمىسا بولمايدۇ. مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر رومان يازغان ئىدىم. لېكىن 1963 - يىلى مېنى پىپەن قىلغان ۋاقىتتا، رومانىمنىڭ قول يازمىلىرىنى تارتىۋېلىپ يوقىتىۋەتتى، ئۇنىدىن كېيىن ھەر خىل پېشكەللىكلەر بىلەن قايتا يېزىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئەمدى بۇ ئىش سىلەرنىڭ زىممەڭلەردە قالدى. يېزىڭلار، ياخشى يېزىڭلار، يازساڭلار بىر ئىش بولىدۇ!...

پېشقەدەم ئۇستازنىڭ بۇ ئۈمىدى، ئارزۇ - ئىستىكى يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا قىلىنغان سەممىي مۇراجىئىتى ۋە جىددىي چاقىرىقى ئىدى. ئۇزاققا بارماي، ئۇنىڭ ئۈمىدى چېچەكلەپ مېۋە بەردى، ئارزۇ - ئىستىكى ھەقىقەتەن رېئاللىققا ئايلاندى. يازغۇچى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇر رومانچىلىقى ھەقىقەتەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى،ھەريىلى ئاز دېگەندە 2 — 3 دىن يېرىك ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.

بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز يىلتىزى چوڭقۇر، غولى چىڭ، شاخ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ ئەدەبىيات. شۇنداق ئىكەن، بىز ئەۋلادلارئۇنىڭشان - شەرىپىنى ساقلىشىمىز، قوغدىشىمىز، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرمەسلىكىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالغان زۇنۇن قادىردەك ئاشۇنداق ئۇستاز يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس ئىجادى، ھالال مېھنىتى، قىزغىن ئۈمىدى ۋە كۈچلۈك ئارزۇ - ئارمىنى بىزگە ھەمىشە ئىلھام،تۈرتكەۋە رىغبەت بولۇپ تۇرىدۇ!

## 2

## قېنى ئۇ گۈزەل مىسرا، شوخ كۈلكىلەر؟!

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ۋاپاتى بىلەن بىللە، ئوتلۇق قەلبىدىن ياڭراپ تۇرىدىغان گۈزەل مىسرالار بىلەن ئويناق كۈلكىلەرنى مەڭگۈگە

ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ئادەملەر تۇگول شېئىرلارمۇ هازا تۇتتى:

«يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامادىن مۇزدەك لەھەتكە.
قالدى چاقنىغان نۇرلىرى، لېكىن،
تۇگىمەس ناخشىدا بەلكى ئەبەتكە.»
(ئا. ئۆتكۈر)

تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ بىر نەچچە يىلدىن بېرى يېزىقچىلىق ئۇستىلدە يېتىم قالغان هارماس قەلىمى بىلەن قىرىق يىلدىن ئارتۇق ئۆز خەلقىگە، ئۆز يۇرتىغا خىزمەت قىلدى. ئۇنى جەلب قىلغان، سۆيۈندۈرگەن، يېتىلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىسىگە مۇناسىپ ئۈنچە - مارجانلارنى قوشتى.

ئۇ تۇغۇلۇپ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىگە يېتىپلا، جۇشقۇن، جەڭگىۋار هايات قۇچىقىدا، ئاددىي، جاپاكەش مېهنەت ئەهلى ئارىسىدا دۇنيانى، ئادەملەرنى تونۇدى. شۇڭا، كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىدە ئەنە شۇ جۇشقۇن هاياتنىڭ مەپتۇنى، شۇ ئاددىي، مېهنەتكەش خەلقنىڭ كۈيچىسى بولدى. كىتابخۇمار، شېئىرىيەتكە ئامراق خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ چىقىشقاق، خۇش پېئىل شائىرىنى چىن دىلىدىن سۆيدى، شائىرمۇ خەلقىنى سۆيدى. خەلق ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ، غەزەل قىلىپ ئېيتماقتا، ئۇمۇ خەلققە ناخشا - غەزەل قىلىپ ئېيتقۇدەك يۈرەك سۆزلىرىنى قالدۇرغان!

«...........
كايىما بوۋاي،
سەنمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.

سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ،
شۇنداق ناخشا بۇ ــ
تۈگىمەيدىغان ! »

كىشىلەرنىڭ دۇتار ، تەمبۇرلىرىدا ناخشا ــ غەزەلگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ھاياجانلانماي تۇرالامدۇ ؟ بۇ شېئىر مېنى ھەمىشە ياشلىق كوچىلىرىغا ، سۆيگۈ ــ مۇھەببەتكە تولغان ئوت ــ ئاتەش چاغلارغا يېتەكلەپ كېتىدۇ ، ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ شېرىن ھېسلارنى ئويغىتىدۇ ، يۈرىكىمدە ئاجايىپ لەززەت پەيدا قىلىدۇ . بۇ شېئىر تۈرەلگەندىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە بىرمۇنچىلىغان ئىسسىق تۇيغۇ ، بەخت ۋە خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كەلدى . مەن مانا شۇ گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ، چوڭقۇر بىر ھاياجان بىلەن بۇ ماقالەمنى قايتا يېزىۋاتىمەن !

كېيىنكى يىللاردا ، مەن تېيىپجان ئاكا بىلەن بىر قورۇدا ياشىدىم . ئۇ قورۇيىمىزدىكى كىچىككىنە باغچىنىڭ ئىشچان باغۋىنى ئىدى . ئۇ ھەمىشە گۈل ــ گىياھلارنى پەرۋىش قىلاتتى ، دەل ــ دەرەخلەرنى سۇغىراتتى .

1987 ــ يىلىدىكى بىر باھار ئەتىگەنلىكى مەن قورۇغا چىقسام ، شائىر پورەكلەپ ئېچىلغان سىرىنگۈللەرنىڭ ئارىسىدا يەر يۇمشىتىۋېتىپتۇ . بۇ چاغدا بىر ــ بىرىنى قۇچاقلىشىپ ، باراقسان ئۆسكەن سىرىنگۈللەر ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلىپ ، پۈتۈن قورۇنى خۇش بۇي سىرىن ھىدى قاپلىغان ئىدى . بۇ سىرىن گۈللەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ شائىرنىڭ قولى بىلەن تىكىلگەن ئىدى . مەن يىراقتىنلا ، شائىرنىڭ 1955 ــ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندا يازغان « سىرىن تۈۋىدە » ناملىق باللادىسىنىڭ تولا ئوقۇپ تىلىمغا رام بولۇپ كەتكەن بىر كۇپلىتىنى ئوقۇغاچ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم :

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

« كۆرۈپ قالدىم بالىنىق لېۋىدە ،
يازنىڭ سالقىن ئايدىڭ تۈنىدە ،
كىم بىلەن كىمدۇر پىچىرلىشىدۇ ،
گۈپۈلدەپ تۇرغان سىرىن تۈۋىدە . »

— سىزنىڭمۇ سىرىن تۈۋىدە پىچىرلاشقۇڭىز كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟ — دېدى شائىر قولىدىكى كەتمەننى قويۇپ خۇش خۇيلۇق بىلەن، — ئەپسۇسكى ، هازىر كۈندۈز - دە !

بىز بىر ئاز چاقچاق قىلىشتۇق ، ئاندىن مەنمۇ شائىرغا قوشۇلۇپ ئىشلەپ كەتتىم .

يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئىشق ئوتىدا كۆيگەن يىگىتلىك تاڭلىرىنى ، ۋىسال دەردىدە ئۆرتەنگەن تىنىچسىز دەمـلىرىنى ، بەخت - سائادەت باغرىغا چاقىرغان ئىنتىزار كېچىلەرنى كۆز گەندەك بولىدۇ .

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ھەققەتەن سۆيگۈ - ساداقەت ۋە ياشلىق كۈيچىسى ئىدى .

مەن تېيىپجان ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭغا بولغان قايغۇ - ھەسرىتىمنى ئىپادىلەپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتلاردا كۆرگەن - بىلگەن ئىشلار توغرىسىدا بىر ئەسلىمە ئوچېرك يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدىم . بۇ خاتىرىدە يەنە شۇ ئىشلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن . بۇ يەردە پەقەت كېيىنكى كۆڭلەردە سېغىنىش ، ئەسلەش ۋە ياد ئېتىشتىن پەيدا بولغان بەزى ئىشلارنى كەسپداشلىرىم ۋە ئوقۇرمەنلىرىمگە يەتكۈزۈپ ، ئۇلار بىلەن تەڭ بەھرىلەنمەكچىمەن :

تېيىپجان ئېلىيوپ « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا « قەلەندەر غەزەللىرىدىن » دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ يەنە بىر لىرىك شائىرنى كىشىلەرگە تونۇتتى . ئۇ كىرىش سۆزىدە : « قەلەندەر شېئىرلىرى گەرچە ئۆز دەۋرىدىكى

ھۆكـۈمـران ئىـدىـيىۋى ئېقىمى بولغان دىنىي خۇراپىي ئەقىدىلەردىن خالى بـولـمـىـسـمۇ ، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب ، نازۇك ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ۋە تەسىرلىك لىرىك كۈيگە ئىگە قىممەتلىك ، بەدىـئىي مىراستۇر » دەپ يۇكسەك باھا بەردى .

ئۇنداقتا ، شائىر بۇ قىممەتلىك مىراسنى قاچان ، قەيەردىن تاپتى ؟

ئۇ 1978 ـ يـىـل 7 ـ ئايـدا ، رەپـىـقـىـسى بىلەن بىللە قەشقەرگە بـارغـانـدا ، شـائىـرغـا غـايىبانە چوقۇنىدىغان ئابلىمىت ئىسمائىل ئۇنى بىر نـەچـچـە كـىـشـىـلـەر بـىـلەن بىللە ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى . شۇ چاغدا ، تـېـيـىـپـجان ئېلىيوپ بىر رومكا هاراقنى كۆتۈرۈپ ، سورۇندىكىلەرگە ئۆزىـنىڭ قەشقەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈردى :

— مـەن بـۇ قـېـتـىـم قـەشـقـەرگـە بـىـرىـنـچـىـدىـن ، ئۇزاق يىل كـۆرۈشـەلـمىگەن سەپداشلار ، كەسىپداشلار بىلەن دىدارلىشىش ؛ ئىككىنـچـىـدىـن ، يـېـڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىپ ، ئەدەبىي ھاياتىمىز توغرىسىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىش ؛ ئۈچىنچىدىن ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى يىغىش ـ رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جايلاردا ساقلىنىۋاتقان كلاسـسـىـك ئەسـەرلـىـرىـمـىـزگـە دائـىـر مـاتېرىياللارنى ئىزدەپ كۆرۈش مەقسىتىدە كەلدىم ...

سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ۋە بىر داستىخاندا ئولـتـۇرۇپ مـۇڭداشقانلىقى ئۈچۈن خۇشاللىقلىرىنى ، رەھمەت ـ تەشەكـكـۇرلـىـرىـنـى بـىلدۈرۈپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە رومكىدىن ھاراق ئـىـچـىـشـتـى . ئولتۇرۇش قىزىپ ، ئۆز ئارا تارتىنىش ، ئەيمىنىش دېگەنلەر ئاسـتـا ـ ئاستا يوقالدى . شۇ چاغدا بىر نەچچەيلەن تېيىپجان ئېلىيوپنى يېڭى يازغان شېئىرىدىن بىرەرنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . شائىر ئاخـىـر يـېـڭـى يـېـزىـپ تـېـخـى ئېلان قىلمىغان « چال ئوغلۇم » دېگەن شېئىرىنى يادقىلا ئوقۇدى :

« ............

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياگرىتىپ داقا ـ دۇمباق ،
ئېلىپ چىقتى
مېنىمۇ 〈 ياچىكا 〉 دەپ سازايىغا .
كۆرسىلە سۇنايچىسى ئۇغلۇم ئىكەن ،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا
ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ ،
دەپتىمەن :
〈نېمە ئىش بۇ ؟ تووا ـ تووا ...
چال ئوغلۇم ،
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ تويىدىمۇ
مۇنچىلىك قىزىمىغان نەغمە ـ ناۋا . 〉
........ »

روھلۇق ، يۇمۇرلۇق ئىنتوناتسىيىدە ئوقۇلغان بۇ شېئىر كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى . شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ۋە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » توغرىسىدا دەرد ـ شىكايەت ۋە لەتىپە ـ يۇمۇر ئېيتىشىشلار كەينى ـ كەينىدىن باشلىنىپ كەتتى . ئولتۇرۇش ھەقىقەتەن قىزىدى ، كۈلكە ـ چاقچاق ، ناخشا ـ غەزەل بىلەن جانلىق ، ئېتىك بىر كەيپىيات شەكىللەندى .

ئارىدا ، كۈلكە ـ چاقچاقلار سەل پەسىيىپ ، سورۇن جىممىغان بىر چاغدا ، ساھىبخان ئابلىمىت ئىسمائىل ئېپىچان ئاكىغا يېڭى بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزدى :

ــ مۇشۇ مەھەللىدە ئابلىكىم دېگەن بىر بالا بار . ئۇنىڭ قولىدا دادىسىدىن قالغان خېلى كۆپ كونا كىتابلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۇم . مەن ئۇنىڭدىن « قەلەندەر » ئىسىملىك بىرسىنىڭ قول يازمىسىنى ئېلىپ كۆرۈپ ، بىر غەزەلنى كۆچۈرۈپ ئالغان ئىدىم ...

— شۇ غەزەل بارمۇ ؟ — ئالدىراپ سورىدى تېيىپجان ئېلىيوپ .
— بار ، مەن ھازىر تېپىپ چىقاي .
ئابلىمىت ئىسمائىل ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ ، بىر خاتىرە دەپ-تەرنى ئېلىپ چىقتى ۋە تۆۋەندىكى غەزەلنى ئوقۇدى :

« تا خوتەننىڭ شەھرىدىن قىلدىڭ سەپەر ئەي گۈلئۇزار ،
ناله ئۇ - ئەپغان قىلۇرمەن بۇلبۇل ئوخشە زار - زار .
ئىلتىپات ئەيلەپ بىرەر سورغىل قەلەندەر ھالىنى ،
تا يۈزۈڭنى كۆرمىسە بىردەم ئاڭا يوقتۇر قەرار . »

تېيىپجان ئېلىيوپ غەزەلنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى ۋە ئابلىمىت ئىسمائىلنىڭ قولىدىكى خاتىرىنى ئېتىك ئېلىپ ، قايتا - قايتا كۆز يۈ-گۈرتكەچ :
— بۇ بىر يېڭىلىق ، بىز يەنە بىر كلاسسىك خەزىنىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇق . سىز ئەتە شۇ كىتابنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭ ! — دېدى سەممىي ئۆتۈنۈش بىلەن .
شائىر شۇ كۈنى ئاشۇ كىتابنى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ، مېھمانخانىغا قايتماي ، ئابلىمىت ئىسمائىلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى .
ئەتىسى ئەتىگەندە ئابلىمىت ئىسمائىل ھېلىقى ئابلىكىم دېگەن بالى-نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى . لېكىن ئابلىكىم كىتابنى بەرگىلى ئۇنىماي :
— بۇ مېنىڭ ئاتا مىراسىم ، مەن بۇنى دائىم ئوقۇيمەن ، كېيىنچە ئۆزۈم ئىشلەپ ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىمەن . كىشىنىڭ قولىغا چۈشسە يوقاپ كېتىدۇ ! — دەپ باھىللىق قىلدى .
لېكىن ئابلىمىت ئىسمائىلمۇ چىڭ تۇرۇپ :
— ئاداش ، تېيىپجان ئاكام شۇنداقلا بىر كۆرۈپ باقماقچى ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بېرىپ تۇرغىن . بۈگۈنلا قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىمەن ، —

دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئابلىمىت ئىسمائىل كىتابنى بىر سائەتلىك مۆھلەت بىلەن ئېلىپ كەلدى .

تېيىپجان ئېلىيوپ كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاۋايلاپ قارىدى . كىتاب قارا كۆن تاشلىق ، خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن قارا سىياھدا يېزىلغان ، غەزەل ، مۇخەممەس دېگەن ماۋزۇلار بولسا قىزىل سىياھدا يېزىلغان ئىدى .

شائىر ئۇنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى غەزەلنى ئوقۇپلا ، ئابلىمىت ئىسمائىل بىلەن ئايالى خەلچەمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ ، « ئۆزۈم خالى بىر ئولتۇرۇپ كۆرۈپ باقاي » دەپ ئۆيگە بېكىنىۋالدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن ، ئابلىمىت ئىسمائىلنى چاقىرىپ :

— ئابلىمىت ، بۇ تېپىلماس بىر گۆھەر ئىكەن ، بىز ناتونۇش بولغان داڭلىق بىر شائىرغا ئىگە بولدۇق . مەن بۇ قېتىم قەشقەرگە كەلگەنلىكىمگە مىڭ مەرتە رازى بولدۇم ، بارلىق يول ھارغىنلىقلىرىم چىقىپ كەتتى . ئەمدىكى گەپ ، بۇ كىتابنى قولىغا كەلتۈرەيلى ! — دەپ ناھايىتى ھاياجانلاندى . شۇ چاغدا ئايالى خەلچەم چاقچاق قىلىپ :

— مەن بىلەن تويى قىلغاندىمۇ بۇنچە ھاياجانلىنىپ كەتمىگەن ئىدىڭىز ، راستىنلا بىر گۆھەرگە ئىگە بولدىڭىزمۇ نېمە ؟ — دېدى .

تېيىپجان ئاكا بۇ گەپلەرگە ئېرەن قىلماي ،ئابلىمىتئىسمائىلدىن:

— ئابلىكىم دېگەن بالا نېمە ئىش قىلىدۇ ؟— دەپ سورىدى .

— ھازىر تامچىلىق قىلىدۇ ، بۇرۇن شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ، 1961 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگەن . ئۇمۇ شېئىر يازىدۇ ، دادىسى قۇربان ئىمام كونا كىتابپۇرۇش ئىدى…

تېيىپجان ئېلىيوپ كىتابنى كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇنىڭ قولىدا تۇرسا بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقالمايدۇ ، سىز

ماۋۇ يىگىرمە يۈەننى ئېلىپ بېرىپ ئابلىكىمگە دەڭ ، كىتاب مەندە قالدى !

بۇ گەپتىن كېيىن ، تەكلىسلىقتا قالغان ئابلىمىت ئىسمائىل ئىلاجىسىز ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئەھۋالنى چىرايلىقچە چۈشەندۈردى . لېكىن ئابلىكىم قاتتىق چىچاڭشىپ :

— ھېلىغۇ 20 يۈەن ئىكەن ، 200 يۈەن بەرسىمۇ ساتمايمەن ! بۇ ماڭا دادامدىن قالغان تەۋەررۇك ، كېيىن ئۆزۈم ئىشلەيمەن ، دەرھال كىتابنى ئەكىلىپ بەر ! — دەپ ئابلىمىت ئىسمائىلدىن رەنجىدى .

ئابلىمىت ئىسمائىل يەنە ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپ ، تېيىپجان ئاكىغا ئەھۋالنى ئېيتتى .

بۇ چاغدا ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قايتىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى . تېيىپجان ئېلىيوپ دەرھال يولنى ئۆزگەرتىپ :

— يۈرۈڭ ، مېنى ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭ ! — دەپ ئابلىمىت ئىسمائىلغا ئەگىشىپ ، ئابلىكىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى .

ھويلىسىدا ۋېلىسىپىت ئوڭشاۋاتقان ئابلىكىم تېيىپجان ئېلىيوپنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ھاياجاندىن نېمە قىلىشنى بىلمەي پاي - پېتەك بولۇپ ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى . لېكىن تېيىپجان ئېلىيوپ ھويلىدىلا ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ :

— ئۇكام ، سىز ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر ئىش قىلدىڭىز ، مەن سىزدىن ئاتايىن مۇشۇ بىر كىتابنى سورىغىلى كەلدىم ، — دەپ يېنىدىن يەنە 50 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ، — بۇنى ئېلىڭ ، لېكىن بۇنى كىتابنىڭ باھاسى دەپ چۈشىنىپ قالماڭ ، بۇ بىر باھاسىز كىتاب . بۇ پەقەت سىزنىڭ بۇ كىتابنى ساقلىغان ئەجرىڭىز . مەن بۇ كىتابنى كېيىن يەنە ئۆز پېتى سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن . بۇنىڭغا ئابلىمىت گۇۋاھ بولسۇن ! — دېدى ئالاھىدە ئۆتۈنۈش بىلەن .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابلىكىم كاتتا شائىرنىڭ ئالدىدا زادىلا ئېغىز ئاچالماي قالدى ۋە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ، ئەر - خوتۇن ئىككەيلەننى ئۇزىتىپ قويدى . ئەمما ئۇلار كەتكەندىن كېيىن دەردىنى ئابلىمىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسمائىلدىن ئالدى :

— ھەممىنى قىلغان سەن ، سەن دېمىگەن بولساڭ ئۇ ئادەم نەدىن بىلەتتى ! سەن مېنى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىۋەتتىڭ ! ...

ئابلىمىت ئىسمائىل ئۇنىڭغا يەنە سىلىق - سىپايىلىق بىلەن چۈشەندۈردى .

— ئاداش ئۇنچە چىچىلما ، تېيىپجان ئاكا داڭلىق شائىر ، بۇ كىتابنى پەقەت شۇ ئادەملا يورۇقلۇققا چىقىرالايدۇ . كىتاب يورۇقلۇققا چىقسا ، ئۇ ئەمەلىيەتتە سېنىڭ جەمئىيەتكە ، مىللەتكە ، ئەدەبىياتقا قوشقان تۆھپەڭ بولىدۇ . بۇنى ساندۇقتا ساقلىغىنىڭدىن كۆرە ، تېزراق كىشىلەرگە تونۇتقان ياخشى !

شائىرنىڭ يۈزى ، ساۋاقدىشىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئابلىكىم ھەر ھالدا قايىل بولۇپ قالدى . مانا شۇ كىتاب ئۇزاق ئۆتمەي ، تېيىپجان ئېلىيېۋىنىڭ رەتلىشى ، ئىزاھلىشى ۋە يۇكسەك باھاسى بىلەن يورۇقلۇققا چىقتى .

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەجدادلاردىن قالغان مىراسقا ، ئۆز خەلقى تارىخىغا بولغان مۇناسىۋىتى ۋە قىزىقىشى ئۇنىڭ كونىلىققا ئامراقلىقى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئادىي ئىنسانىي تۇيغۇسى ، ئاتا - بوۋىلار قېنى ھەم تېرى تۆكۈلگەن تۇپراق ۋە شۇ تۇپراقتا كۆكلىگەن يېشىل دەرەخ يىلتىزلىرىغا سۇ ئىچۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك . قەدىمكى يادىكارلىقلار بىز ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي تەپەككۇرىنى ، مەنىۋى قىياپىتىنى ، ئىجادكارلىق روھىنى نامايان ئەتكۈچىدۇر . قەدىمكى ئابىدە ، كونا قوليازما ۋە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادى بىز ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغلاردۇر . ھەر بىر خەلق مىراسىنى ئاشۇ خەلقنىڭ ئانىسى دېسەك خاتا بولمايدۇ . خەلق مانا شۇ ئانا ئېتىكىنى تۇتۇپ چوڭ بولغان . شۇڭا ، مىراسلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئانىمىزغا بولغان مۇناسىۋىتىمىزدەك مۇقەددەس تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلۇشى كېرەك !

مۇشۇ ھەقىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ۋە شۇنداق ئە-

قىدە بىلەن ئىشلىگەن شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ نەمۇنىلەردىن «ناۋايىغەزەللىرى»، « نىزارى داستانلىرى » ، « گۇمنام » ، « قەلەندەر » قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشىرگە تەييارلىدى ھەمدە 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر » دېگەن يىرىك كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى.

شېئىر يۈرەكنىڭ پاكلىنىش ۋاستىسى. ئۇ ئىنساننى ئىدراك ئېتىش، ھېس قىلىشقا ئۈندەيدۇ، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كېڭەيتىدۇ، ئىنساندىكى ئېستېتىك قاراشلارنى تەربىيىلەيدۇ. تېيىپجان ئاكا ئۆز تەبىئىتىدىن ئالغاندا، خۇددى شېئىرلىرىدەك لىرىك، قۇۋناق ھەم چاقچاقچى ئادەم. بىز بۇ پەزىلەتلەرنى ئۇنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنماي، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە، ئاغزىدا ۋە لەتىپە - چاقچاقلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم قىزىق، جەلىپكار، دوستانە شېئىرلىرىدا ئوچۇق كۆرەلەيمىز :

1979 - يىل 10 - ئايدا، بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، بىر كۈنى كەچكى زىياپەتتىن كېيىن ئاتاقلىق بىر مۇزىكانت تېيىپجان ئېلىيوپتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوندۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلار بىردەم چاقچاقلىشىپ، پاراڭلىشىپ ياتقاندىن كېيىن مۇزىكانت تېزلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ ۋە نەرە تارتقاندەك خورەكنى باشلايدۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالمايدۇ ۋە كېچىچە شېئىر يېزىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇزىكانتنىڭ خورىكى ئۈستىدە مۇنداق بىر شېئىرمۇ پۈتىدۇ:

« ئى خۇدايا خورەكنى ، ياراتقانسەن نېمىشقا ؟
خورەك تارتقان بەندەڭنى ، يولاتمىغىن بېھىشقا .
‹ئېكىس › تارتسا خورەكنى ، مەن قاپتىمەن ئازابقا ،
ئەخمەق بولۇپ كىرەمدىمەن ، ‹ ئېكىس › ياتقان ياتاققا .

ئاخشىمى بوش تارتىدۇ ، كېچىسى قوش تارتىدۇ ،
ئۆزى تارتقان خورەكنى ، باشقىلارغا ئارتىدۇ .
بۇرۇن دېگەن ئۇلۇغ نېمە ، يەل ماڭمىسا قۇرۇق نېمە ،
يەل ماڭمىغان تۆشۈكنى ، چىرايلىق بۇرۇن دېمە .

قاملاشمىغان ئۇسسۇلدىن ، قاملاشقان ساما ياخشى ،
يەل ماڭمىغان تۆشۈكتىن ، مىخ ئۆتكەن كاما ياخشى ،
ئازگالمىكىن دەپتىمەن ، 〈 ئېكىس 〉 چۈشكەن ئورەكنى ،
كۆرمەپتىمەن ئۆمرىمدە ، بۇنداق مۇدھىش خورەكنى .

دەيدۇ ھەر كىم ئاڭلىسا ، بۇ تېيىپنىڭ قوشىقى ،
ئوڭلانسىلا بولاتتى ، بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكى ! »

قاراڭلار ، بۇ ھەزىل شېئىرنى ئوقۇغان ئادەم نېمىدېگەن راھەتلىنىپ كۈلىدۇ — ھە ! ؟ بۇنداق كۈلكىلەردىن روھىي كۈچ — قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ !

1975 — يىل 9 — ئايدا ، تېيىپجان ئېلىيوپ بېيجىڭگە « قىزىل چىراغ » كىنوسىنىڭ شېئىر تېكىستىنى ئىشلەش ئۈچۈن بارغان . بۇ چاغدا بېيجىڭدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ناخشا — مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىۋاتقان ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇقادىر ئابدۇللا ، تالانتلىق مۇزىكانت مەرھۇم ئابدۇللا ھامۇتلارمۇ تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن بىر مېھمانخانىدا ياتقان . بىر كۈنى ، ئابدۇقادىر ئابدۇللا بىلەن ئابدۇللا ھامۇت قىزىقچىلىق قىلىپ بىر پارچە شېئىر يازىدۇ ، ئاندىن ئابدۇقادىر ئابدۇللا قوشنا ياتاقتىكى تېيىپجان ئېلىيوپقا تېلېفون بېرىپ :

« ئۇستاز تېيىپجان ئاكا ، مەن مىللەتلەر شۆيۈەننىڭ ئوقۇغۇچىسى ، بىر شېئىر يازغان ئىدىم ، سىزنى ئاڭلاپ تۈزىتىپ بېرەرمىكىن دەپ تېلېفون بېرىشىم ... — دەيدۇ ۋە ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ ،

تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇيدۇ :

باشلىرىدا مۈڭگۈزى بار ،
تۆت پۇتى ئالا .
تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ ،
بۆرىنىنى يالا .

بىر كۆشەك سامانىنى يەپ ،
يولدىنمۇ قالا .
كۈشۈلدايدۇ ، پۈشۈلدايدۇ ،
ئۆزى بىر كالا . »

تېيىپجان ئېلىيوپ بۇنى ئاڭلاپ ، بىر ئاز تېڭىرقايدۇ ، كىملىكىنى تازا بىلەلمەي : « كىم بولىسىز هوي ، چارۋىچىمۇ سىز ، نېمە ؟ » دەپ چاقچاق ئارىلاش سورايدۇ . شۇ چاغدا ، ئابدۇقادىر ئابدۇللا ئۆزىنى تونۇتالماي كۈلۈپ سالىدۇ . شائىر بۇنى بىلىۋېلىپ ، ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەي ئابدۇقادىر ئابدۇللاغا تېلېفون بېرىدۇ ۋە :
« هېلىقى شېئىرىڭىزنى تۈزىتىپ قويدۇم ، ئاڭلاپ بېقىڭ ، دەپ ، مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئوقۇيدۇ :

ئەلۋىدايى رەھمەتلىك ،
ئاق ماتاغا يۆگەكلىك .
خۇدايىم بەرسۇن جەننەتنى ،
يەتتە تاختا زەدەكلىك ! »

ئەتىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ تاماق شىرەسىگە بىر مۇنچە ئارتىسلار ئولىشىۋالىدۇ ، ئۇلاردىن بىرسى ئابدۇقادىر ئابدۇللانى چاقىرىدۇ . ئۇ كەلگەندە ، تېيىپجان ئېلىيوپ مۇنداق دەيدۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

« ھېلىقى تېلېفوندا ئوقۇغان شېئىرىم تازا ياخشى بولماپتىكەن، سىزگە ئاتاپ يەنە بىر شېئىر يازدىم، ئاڭلاپ بېقىڭ :

ئەتىيازدا كۆيە چۈشكەن جۇگا سەن،
چارشەنبىدە جىنلار بىلەن بىللە سەن.
خۇدايىم ئاتا قىپتۇ قوش سۈپەت،
ئۇ بولسىمۇ : ھەم ساراڭ، ھەم تۆگىسەن ! »

ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ، شۇ چاغدا ئابدۇقادىر ئابدۇللا :
« توغرا، ئۆزۈمنى چاغلىماي، چوڭ شائىر بىلەن شېئىر يېزىشقاندىكىن ساراڭ بولماي نېمە مەن ! » دەيدۇ.

1981 ـ يىلى تېيىپجان ئېلىيوپ شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتقان ۋارىسجان تۇردىغا دوستلۇق خېتى يېزىپ، ناھايىتى چىرايلىق مىسرالارنى تۈزىدۇ ھەم بۇنى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بېغىدىكى بىر دەرەخ كۆتىكىدە ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە ئارتىسلارغا ئوقۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا بۇ يەرگە ھۇسەنجان جامى كېلىپ قالىدۇ ۋە تېيىپجان ئېلىيوپقا :
« ئاداش، ۋارىسجانغا مەندىنمۇ سالام ئېيتىپ قويۇڭلا ! » دەيدۇ.
شۇ گەپ بىلەن تەڭ تېيىپجان ئېلىيوپ خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاق قالغان بىر نەچچە قۇرغا دەقىقە ئىچىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« يازار گېپىم كۆپ ئىدى،
تۈگەپ قالدى بۇ بەتمۇ.
سالام ئېيتتى ۋارىسجان،
ھۇسەنجامى دېگەن سەتمۇ. »

تېيىپجان ئاكا ھەمىشە خۇشال ھەم ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن يۈرەتتى، تولىمۇ چىرايلىق ھەم مەنىلىك كۈلەتتى. ئۇ قاتناشقان چوڭ ـ

كىچىك سورۇنلاردا، لەتىپە ئېيتىش، كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - مۇ-
زىكا دېگەنلەر ئەۋجىگە چىقاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپ بولىي
ئولتۇرسىمۇ زېرىكىش ھېس قىلمايتتى. مانا بۇ ھال خۇشال ئاددەمگە پۈتۈن
ئالەم خۇشال كۆرۈنىدۇ دېگەن ھېكمەت ئىدى!

بىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدىن، جۈملىدىن
كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىدىكى
شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ تەسۋىرى سەنئەتكە بەكمۇ يېقىنلىقىنى، ئۇلاردىكى
رەڭدار ئوخشىتىش (مەجاز) لارنىڭ كىشى ئۆگىدە گويا گۈزەل
سۈرەتلەردەك نامايان بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇنىڭ شېئىرد-
يىكى دىكى يەنە بىر ئۇلۇغ پەزىلەت - ساددىلىق. چوڭقۇر ھېس -
ھاياجان ۋە ئوي - پىكىرلەرنىڭ ناھايىتى ئاددىي سۆزلەرگە سىڭدۈرۈل-
گەنلىكىدىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە خوتەنلىك شائىر «روزى گادايى»①مۇ ئۆزىنىڭ مەر-
سىيىسىدە، شائىرنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى ۋە شېئىرىي خىسلىتى
توغرىسىدا ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ مۇنداق بايان ئىدى:

«خىسلەت دېسە شۇنى دېگۈلۈك:
سىڭەلەيتتى ئاۋام كۆڭلىگە.
يۇمۇرغا باي چۈچۈك گەپ بىلەن.
ئاددىيغىنا تىل،
يىنىك ۋەزىندە
چوڭ تېمىنى ئاچالايتتى ئۇ،
ئازلا كۈپلىت - ئازلا گەپ بىلەن.»

شائىر ئۆزىمۇ بىر قېتىم شېئىرىي تىل توغرىسىدا مۇنداق دېگەن

---

① تېيىپجان ئېلىيوپ ھەمىشە روزى سايىت بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىگە يېقىن
تۇتۇپ شۇنداق دەيتتى.

ئىدى : « چوڭ ۋە مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئاددىي — ساددا تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ . قەلبنى لەرزىگە سالغان ھېس — تۇيغۇلارنى ، چوڭقۇر لىرىزىمنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن دەبدەبىلىك ، ئاجايىپ — غارا-يىپ سۆزلەر شەرت ئەمەس ... »

ئۇ پۈتكۈل شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ سۆزىگە ئەمەل قىلدى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى راۋان ، يەڭگىل ، خەلق كۆڭلىگە يېقىن بولدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادى ، ئۆلمەس شېئىرلىرى خەلقىمىز يۈرىكىدە قانغا ئوخشاش تېنىمسىز ئايلىنىپ ، ناخشا — غەزەل بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە!...

## 3

## ئەزرائىل بىلەن ئېلىشقان شائىر

ئابدۇكېرىم خوجا ھايات بىلەن ئېلىشىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆلۈم بىلەنمۇ ئېلىشقان ئىرادىلىك ، ئۈمىدۋار شائىر ئىدى .

ئۇ 60 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . بۇ چاغ ئۇنىڭ پىكرى ئۆتكۈرلىشىپ ، شېئىرىيەتتە تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقتى ئىدى . ئەپسۇس ، رەھىمسىز ئەجەل ئۇنىڭ يەنىمۇ كۆپ ، ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىشىغا يول قويمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىزگە « ئون باھار » ، « باھار ناخشىسى » ، « تۇپراق ، باھار ۋە مەن » ، « باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار » ، « باھار يامغۇرى » دېگەن بەش پارچە ئەسەرنى قالدۇرۇپ كەتتى .

مانا مۇشۇ ماۋزۇلاردىن بىز شائىرنىڭ باھارغا نەقەدەر تەشنا ، ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى ، باھارنىڭ مەپتۇنى ، ئاشىقى ۋە كۈيچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز !

شۇنداق ، ئۇنىڭ 60 يىللىق ھاياتى ، 40 يىللىق ئىجادىيىتى تو-لىمۇ ئېغىر قىسمەتلەر ئىچىدە ئۆتتى . ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا باھاردىن زىمىستانى كۆپرەك ، خۇشاللىقىدىن قايغۇسى تولاراق

بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، چېكىتتىن سوئال بەلگىسى كۆپ ئىدى. بۇنىڭغا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەسكىنلىك، ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق سەۋەب بولغان ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھېلىقى «زور ئىنقىلاب» ئاخىرلاشقان 1976 - يىلى بېيجىڭدىكى مەركىزىي تىل - يېزىق تەرجىمە ئىدارىسىغا يۆتكەلدى. مەن شۇ چاغدا شائىرنىڭ بېيجىڭدىكى ئۆيىگە يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۇ ناھايىتى مەيۈس ۋە چۈشكۈن قىياپەتتە:

— يەنە ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق ئۇكام. ئەسلىدە ئون يىللىق دەرد - ئەلەم، تەجرىبە - ساۋاقلارنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بۇرۇختۇملۇقتا قالغان ئەدەبىيات - سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن راسا بىر ئىشلەش نىيىتىم بار ئىدى. لېكىن بەزىلەر ماڭا باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ كالالامنى بۇرۇنراق ئازاد قىلىپ، كۆپرەك سۆزلەپ قويۇپتىمەن. بۇمۇ ئۆزۈمنىڭ شورى! — دېدى - دە، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كىچىككىنە يېزىق ئۈستىلىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، — تۈنۈگۈندىن بېرى بىر نەچچە پارچە شېئىر ۋە رۇبائىي يازدىم، ئوقۇپ باقاي، ئاڭلاپ بېقىڭ، — دەپ تۆۋەندىكى قىسقا بىر شېئىر بىلەن روبائىسىنى ئوقۇدى:

« تووۋا دەيمەن ئاشۇ ئون يىلغا بۈگۈن،
كۈپمۇ كۈندۈز ھەممىنى باستى قارا.
ئاچىمىز دەپ يولنى جەننەتكە ئۇدۇل،
تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاخ ئارا.
شۇ نادان ۋە تەلۋە ئون يىلدا، تاكەي،
بار ئىكەن كىم بولمىغان قەلبى يارا.
كەتكىنى كەتتى پىغان - ھەسرەت چېكىپ،
قالغىنى قالدى بولۇپ يىلغا گۇۋاھ. »

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

« شۈكۈر ، ئېشەك بولماپتىكەن مۈڭگۈزلۈك ،
بولسا ئىدى ، قويلار نەكۈن كۆرگۈلۈك !؟
تاۋاردىن تون ، زەردىن كۈلا كىيىسمۇ ،
ئۇنىڭ ئېتى يەنە ئېشەك مەڭگۈلۈك !»

بۇ شېئىر ۋە روبائىيدا شائىرنىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتى — رەنجىش ، ئۆكۈنۈش ، چۇقان ۋە ئاچچىق كىنايە ئىپادىلەنگەن ئىدى .

شائىر شۇ كەتكەنچە 1980 ـ يىلى بېيجىڭدىن يەنە شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلدى ۋە شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى ھەمدە قوشۇمچە « ئەدەبىي تەرجىملەر » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى .

مەن شائىر ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىلا تونۇشقان . مەن 1964 ـ يىل 8 ـ ئايدا داشۆنى پۈتتۈرگەندە ، بۇ ئادەم تەشكىلگە ۋەكالىتەن مەكتەپكە كېلىپ ، مېنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سۆزلەشكەن . شۇ چاغدا مېنىڭ بىر نەچچە پارچە ھېكايەم ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ ، مەن پېشقەدەم يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ نەزىرىدە « باقسا سەمرىيدىغان قوي » دەپ ھېسابلانغان ئىدىم . شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاكا مەن بىلەن سۆزلىشىپ : « بىز سىزنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ئاپارماستىن ، سىزنى يىراق يېزا ـ قىشلاقلارغا ئەۋەتىپ ، شۇ يەردە ئۇزاق مەزگىل چېنىقتۇرۇپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە ئاپىرىمىز » دېگەن ئىدى . شۇ چاغدا مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولغان ئىدىم . چۈنكى ، مېنى تۆۋەنگە ئەۋەتىپ چېنىقتۇ-

رۇش ، تەربىيىلەش ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يازغۇچى بولۇپ چىقىشىمغا بىلدۇرۇلگەن ئىشەنچ ، ئىستىقبالىمغا بولغان كۆيۈنۈش ، ئىجادىي پائالىيە-تىمگە تۈرتكە ھەم ئىلھام ئىدى . تولىمۇ ئەپسۇس ، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ مېنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەكىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان بولسى-مۇ ، لېكىن تۆۋەنگە ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇش ، تەربىيىلەش مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمىدى . مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، تەقسىم قىلىنغان ئورۇنغا بار-ماي تۇرۇپلا ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن « سوتسىيالىستىك تەربىيە » خىزمىتىنى ئىشلەش ئۈچۈن ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىغا كەتتىم . مەن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىدارىغا كەلسەم « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ، ئابدۇكېرىم خوجا « قارا يىپ » بولۇپ تارتىپ چىقىرىلىپتۇ .

• كېيىن ، 1983 - يىلى مېنىڭ « قىيانلىق دەريا » ناملىق پوۋېستىم نەشر قىلىنغاندا ، شائىر بۇ كىتابىمنى دوختۇرخانىدا ئوقۇپتۇ . بىر كۈنى مەن ئۇنى يوقلاپ چىقسام ، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى مېھرىبانلىق بىلەن قىسىپ تۇرۇپ :

— كىتابىڭىزنى ئوقۇپ ، بۇرۇنقى پىلانلىرىمىزنىڭ خاتا ئەمەس-لىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم . شۇغىنىسى ، ئۇ پىلانلىرىمىز ئىشقا ئاشمىدى ، سىزنى تۆۋەنگە ئەۋەتىپ تەربىيىلىيەلمىدۇق ، تەھرىر بۆلۈمگە بەنت بولۇپ قالدىڭىز . ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا مەقسىتىمىز ئىشقا ئاشقان بولسا ، تېخىمۇ كۆپ ، ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بولاتتىڭىز . ھېلىمۇ ياخشى ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ، مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىپسىز . بۇنى ئابلىز نازىرىمۇ ئوقۇدى ، ئۇنىڭ پىكرىمۇ ماڭا ئوخشاش . ھازىرچە ئىشلەپ تۇرۇڭ ، ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ ، بۇرۇنقى پىلانلىرىمىز كېچىكىپ بولسىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالار ... ، — دېدى .

دېگەنىدەك ، شائىرنىڭ ياخشى مۇددىئاسى كېچىكىپ بولسىمۇ ، ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى . 1988 - يىل 6 - ئايدا ، ئاپتونوم رايوندىن 15 ئادەمنى كەسپىي يازغۇچىلىققا تەيىنلەش تەستىقلاندى . شۇ قاتاردا مەنمۇ

كەسپىي يازغۇچى بولۇپ، «تارىم» ژۇرنىلىدىكى ۋەزىپەمدىن ئايرىلدىم. ئەپسۇس، بۇ خۇشاللىق كۈنلەردىن شائىر بىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولالمىدى، مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئۇزاق يىل كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىدى. لېكىن ئۇ ئاغرىق ياتقان ۋاقىتلىرىدىمۇ بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقارماي، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىپ، مۇشۇنداق بىر كەسپىي قوشۇننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

شائىر بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

1988 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ساۋاقدىشىم ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا چىقىپ، ئابدۇكېرىم خوجىنى يوقلىدۇق. شۇ چاغدا، پروفېسسور ئابلىمىت ئىسمايىل «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» دېگەن كىتابنى ئىشلەۋاتقان ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم خوجا توغرىسىدا تەييارلىغان ماتېرىيالنى شائىرغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان ئىدى. بىز قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق. بۇ كۈنلەردە شائىرنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغاچقا، تېنى ئاجىز، چىرايى سولغۇن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنىلا بىر خىل ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئابلىمىت ئىسمائىل بەرگەن ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى ۋە يەنە ئابلىمىت ئىسمايىلغا قايتۇرۇپ بېرىپ:

— ئۇكام، بۇنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ بېرىڭە، مېنىڭ دېمىم سىقىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى. ئابلىمىت ئىسمايىل ئۇن نەچچە بەت ماتېرىيالنى ئالدىرىماي بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ بەردى. ئابدۇكېرىم خوجا بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى، ھاياجانلانغانلىقىدىن تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە نېپىز قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن:

— مەن دەسلەپتە بۇنى ئادەتتىكى تەرجىمھال ئوخشايدۇ دەپ

چۈشەنگەن ئىدىم . لېكىن ھازىر قارىسام ، بۇ ئادەتتىكى تەرجىمھال ئەمەسكەن . سىز ئەسەرلىرىمگە خېلى ئەتراپلىق باھا بېرىپسىز ، بەزى يەرلەردە ئاشۇرۇۋەتكەندەكمۇ قىلىپسىز ، لېكىن مەن ئومۇمەن رازى بولدۇم ... ھازىرغىچە مەن ئۆز ھاياتىم ۋە ئىجادىيىتىم ھەققىدە مۇشۇنچىلىك باھا بېرىپ باققان نەرسىنى كۆرۈپ باقمىدىم . باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇ شەكىلدە يېزىلدىمۇ ؟ — دېدى .

— ھەئە ، ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلدى ، — دېدى ئابلىمىت ئىسمايىل .

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ... — شائىر ئۆزۈپ - ئۆزۈپ سۆزلەيتتى ، — سىز باشقىلارغىمۇ كۆرسەتتىڭىزمۇ ؟

— ئۇرۇمچىدە كۆرۈشەلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆرسەتتىم ، — دېدى ئابلىمىت ئىسمايىل چۈشەندۈرۈپ ، — مەن كۆرسەتەلمىگەنلەرگە نەشرىياتتىكىلەر كۆرسەتتى . بەزى يولداشلار پىكىر بەردى ، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئۆزگەرتتىم ، بەزى يولداشلار ماتېرىيالنى تولۇقلاپ بەردى . مەن بۇگۈن سىلىنىڭمۇ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ، تولۇقلايدىغان جايلىرى بولسا ، تولۇقلاپ بەرسىلىرى .

شائىرنىڭ جاۋابى يەنىلا كەمتەر ، سەممىي ئىدى :

— مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق ، مەن رازى بولدۇم .

ھەقىقىي شائىرنىڭ ئىستىكى ۋە تەلەپلىرى ھەمىشە خەلقنىڭ ئىستەك ۋە تەلەپلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ !

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ باش - ئوتتۇرىسىدا يازغان بىر تۈركۈم سىياسىي لىرىكىلىرى ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ ئىستەك - تەلەپلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەتكەن شېئىرلاردۇر .

« يەنە ماڭساق ئەتىگە ھەيدەپ ساپان ،
ئىشلە - ئىشلە ئاشمىسا تىزدىن چاپان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

جەك قىلىپ قانلار كېچىپ، قۇربان بېرىپ،
كۆزلىگەن سوتسىيالىزم گۈللەر قاچان!؟»

بۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ روھى رامكا – كىشەنلەردىن خالى بولدى، ئىدىيىسى ئازاد، ھەر خىل ئەمر – مەرۇپلاردىن يىراق ئىدى. ئۇ يېڭى دەۋرنى يېڭى سادا، يېڭى ھېسسىيات ۋە يېڭى تىل بىلەن كۈيلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت كىتابخانلىرىنىڭمۇ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، 1980 – يىلى يازدا، جۇڭگو «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان دېكلاماتسىيە كېچىلىكىدە ئۇ ئارقا – ئارقىدىن ئۈچ شېئىر ئوقۇدى. ئەسلىدە، بۇ كاتتا سورۇندا بىر شائىرغا بىرلا شېئىر ئوقۇش پۇرسىتى بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، ئۇ نەچچە يۈزلىگەن شائىر ۋە شېئىر خۇشتارلىرى جەم بولغان بۇ داغدۇغىلىق مەيداندا:

« يارىشىپتۇ دوپپىڭىز سىزگە قەۋەت،
نەسەۋەبتىن كەلدىڭىز كىيمەي پەقەت؟
بولمىسا ئۇ چاغدا باش ئەسلا بىكار،
دوپپىغا نەدىن نېسىپ بولسۇن نۆۋەت!»

دېگەن پارچىنى ئوقۇپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. شائىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت پاجىئەلىك دەۋرنىڭ پۈتۈن كارتىنىسىنى ئەنە شۇ بىر كۇبلېت شېئىر بىلەن جانلىق، سىمۋوللۇق ۋە يۇمۇرلۇق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەلىگەچكە، پايتەخت مۇنبىرىدە ھەممىدىن كۆپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغان ئىدى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرىيىتى سىرلىق، مۆجىزىلەرگە باي، تەسۋىرى جەلىبكار، ھېسسىياتقا تويۇنغان قوشاق، شۇنداقلا ئوتلۇق يۈرەك

كەچۈرمىشلىرىنىڭ يادنامىسى، ئۇ ئەزەلدىن ئايلىنىپ كەتمىگەن ھېسسىيات يوق شېئىرلارغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ياشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى شېئىرلىرىنى سەمىمىي قوللاپ كەلدى. ياشلارنىڭ پىكرى چوڭقۇر، شەكلى رەڭدار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ياشلارنىڭ خۇددى ئاي شولىسىدەك نۇرلۇق ھېسسىياتقا تولغان شېئىرلىرىغا ئىلھام، مەدەت بەردى.

شۇ چاغلاردا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان بىر قېتىملىق «شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» دا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىز قۇياش يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، يىپقا تۇمان قاپلىغان تاغ مەنزىرىسىگە قارىسىڭىز، ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قالىسىز! شېئىرمۇ خۇددى ئاشۇنداق بولۇشى كېرەك!...»

بۇ ئوبرازلىق سۆزلەرگە شائىرنىڭ شېئىر توغرىسىدىكى بارلىق ئوي - خىياللىرى مۇجەسسەملەنگەن.

ئابدۇكېرىم خوجا تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېتىلگەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ جەھەتتە يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولدى. ئۇ يەنە بىر قىسىم خەنزۇ كلاسسىكلىرىدىن لى بەي، دۇفۇلارنىڭ، دۇنيا كلاسسىكلىرىدىن گېتىرىخ گېنى، ئىلزابىت باررېت قاتارلىقلارنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ماھارەت بىلەن تونۇشتۇردى. بىز بۇ تەرجىمە شېئىرلارنى ئوقۇپ باقساق، ئۇنىڭ تەرجىمە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىمىز. مېنىڭ خاتىرە دەپتىرىمدە، ئابدۇكېرىم خوجا تەرجىمە قىلغان لى بەينىڭ مۇنۇ شېئىرى ھازىرغىچە كۆچۈرۈكلۈك تۇرۇپتۇ:

«ئۇنچە پەردە ئىچىدە سەنەمنى كۆردۈم،
قوشۇمىسى ئۈستىدە ئەلەمنى كۆردۈم.

كىمدۇ ئۇنىڭ قەلبىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ ،
كىرپىكلىرى ئۇستىدە شەبنەمنى كۆردۈم . »

« جام قولۇمدا ، تۇرىمەن گۈلگە قاراپ ،
ئۆلپىتىم يوق ، ئۆتمىدى گالدىن شاراب .
ئايغا مەي تۇتسام قېشىمغا كەلدى ئاي ،
ياندى سايەم ، قالمىدىم يېتىمسىراپ . »

بۇ شېئىرلار ھەقىقەتەن يۇقىرى ماھارەت ۋە ئەجىر بىلەن تەرجىمە قىلىنغان . كېيىنكى پارچىنى مەن ھەمىشە ھاراق سورۇنلىرىدا ئوقۇپ ، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشقا تاس قالغان ئىدىم ، چۈنكى بۇ شېئىرلار تىلغىمۇ ، دىلغىمۇ شۇنداق يېقىن . بۇنى تەرجىمانىنىڭ ماھارىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ .

شائىر 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، « قىزىل راۋاقتىكى چۈش » نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى . شۇ كۈنلەردە ئۇ ماڭا بۇنداق بىر قىزىق ئىشنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى :

بىر كۈنى ئۇ بىر خەنزۇ بۇرادىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئەھۋاللىشىپتۇ . بۇرادىرى ئۇنىڭدىن : « نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ؟» دەپ سوراپتىكەن ، ئابدۇكېرىم خوجا : « 〈 قىزىل راۋاقتىكى چۈش 〉 نى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن . » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى خەنزۇ ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ : « ھوي ، ئۇيغۇر تىلى ئاشۇ بۈيۈك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا يەتتىمۇ ؟!» دەپ سوراپتۇ . ئۇنىڭ بۇ سوئالى بىھۇدە ئەمەسكەن ، چۈنكى ئۇلار « قىزىل راۋاقتىكى چۈش » نى خەنزۇ تىلىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە خەزىنىسى دەپ ھېسابلايدىكەن .

« يەتتىمۇ دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ ــ دەپتۇ ئابدۇكېرىم خوجا ئاغىنىسىگە چاقچاق ئارىلاش جىددىي تەلەپپۇزدا ، ــ ئۇيغۇر تىلى 〈 قىزىل راۋاقتىكى چۈش 〉 نى تەرجىمە قىلىشقا يېتىپ ، يەنە

ئىككى ئامبار ئېشىپ قالدى. ئۇ تېخى 〈 سۇ بويىدا 〉 بىلەن 〈 ئۈچ پا-دىشاھلىق ھەققىدە قىسسە 〉 نى تەرجىمە قىلىشقىمۇ يېتىدۇ!...»

گېزى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شائىر ئابدۇكېرىم خوجا كىچىكىدىنلا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، خەنزۇلار رايونىدا چوڭ بولغاچقا، دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يازغان. كېيىن ئۇ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئانا تىلنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئىككىنچى تىل يوق. ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەن ئادەمنى شۇ مىللەتنىڭ ئەزاسى دېيىش تەس. چۈنكى، ئۇ شۇ ئانا تىلدا كۈيلىيەلمەيدۇ، ئويلىيالمايدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەم « ئانا تىلىم — ئۇلۇغ تىلىم!» دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق!

مانا شۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن شائىر 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلايدۇ. خەلق مەشرەپلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مەكتەپ بولىدۇ. ئاددىي خەلق ياراتقان مەنىۋى بايلىقلارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەسلىكى، مەزمۇنىنىڭ مول - چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، كۆپ خىللىقى ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغىتىدۇ، غۇرۇرىنى ئاشۇرىدۇ، مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى زېرىكمەي ئاڭلايدۇ، ھارماي يازىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان گۈزەل، پاساھەتلىك ئانا تىلىنى ناھايىتى تېز ۋە پىششىق ئىگىلىۋېلىپ، شېئىرلىرىنى ئىككى خىل تىلدا يازىدىغان ھەم ئىككى خىل تىلدا تەرجىمە قىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىن-غان تەرجىمە ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئانا تىل - يېزىققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلى.

www.uyghurkitap.com

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە ، « ئەزرائىل ۋە مەن » ناملىق لىرىك داستاننى يېزىشقا كىرىشىدۇ . ئېھتىمال ئۇ بۇ داستانىنى ئۈچ - تۆت يۈز گۈزەل مىسرالار بىلەن يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغىيتتى . ئەپسۇس ، ئۇ 202 مىسرانى يېزىپ ، 203 - مىسراغا كەلگەندە ، شائىرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ ، ھارماس قەلىمى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ قالدى ... ئۇنىڭ ئويچان ، غەمكىن كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلدى ، ھەمىشە پەرۋاز قىلىپ تۇرىدىغان ئەركىن تەپەككۇر قۇشلىرىمۇ كەلمەسكە كەتتى !...

شائىرنىڭ بۇ داستانىغا ئۇنىڭ ھاياتى ، تۇرمۇش قىسمەتلىرى سىڭگەن ئىدى :

« قىينىسا ئاغرىق ساڭا جەبرە سىلىپ ،
بولسا ئالدىڭدا ئايان قەبرە كېلىپ ،
تۇرسا ئەزرائىل كۆزۈڭدە مىخ بولۇپ ،
ناتىۋان جىنىڭغا نەشتەر — زىخ بولۇپ ،
شۇندا تونۇرسەن ئۆزۈڭنى باشقىدىن ،
كەڭ ئېچىپ ھەققە كۆزۈڭنى باشقىدىن .
ھەق - ناھەقنىڭمۇ بىلۇرسەن پەرقىنى ،
ئۆزگىنى قويۇپ ، ئۆزۈڭنىڭ نەرخىنى .
نېمە چاچتىڭ ، نېمە تەردىڭ يەرگە سەن ،
نېمە ئالدىڭ ، نېمە بەردىڭ ئەلگە سەن ،
كۆرسەن بىر - بىر سېلىپ تارازىغا ،
خەيرىيەت ، چىقماي تۇرۇپ جىنازىغا . »

مانا بۇ مىسرالار شائىرنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەن ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن ھەقىقىي ھايات تەسۋىرى ! بۇ مىسرالار ئۇنىڭغا ئېغىر

تـۇيـۇلـسىمۇ ، لېكىن گۈزەللىك بەخش ئەتكەن؛ مۇڭلۇق بىلىنسىمۇ، لېـ كـىـن شـادلـىـق ھېـس قـىلدۇرغان؛ مۇسىبەتكە تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگە قۇۋۋەت ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ھەقىقىي ھايات مەنزىرىسىدۇر!

« كەلسە ئىككىنچى باھارىم ئەمدىلا ،
مەنىلىك ياشاش خۇمارىم ئەمدىلا ،
كۆلسە بېغىمدا گۈلۈمۇ ئەمدىلا ،
چاچسا نۇر قارا كۆنۈمۇ ئەمدىلا ،
يەتسە توقاچقا قولۇمۇ ئەمدىلا ،
كېڭىيىپ ماڭغان يولۇمۇ ئەمدىلا ،
يايرىسا مۇڭلۇق دىلىمۇ ئەمدىلا ،
سايرىسا مەھكۇم تىلىمۇ ئەمدىلا ،
ئۇن گۈلۈمنىڭ بىر گۈلى ئاچماي چېچەك ،
گۈل بېغىمنىڭ تېمىغا قويماي كېسەك ،
مەن تېخىكىم قانغۇدەك كەتمەي ياشاپ ،
كەلدى ئەزرائىل يەنە تىمىسقىلاپ . »

ئـىـنساپ بىلەن ئويلاپ قارىساق، بۇ داستانىنىڭ ھەر بىر مىسراسى تـۇغـۇلـغـىـچـە كـېـسـەلچان شائىر قانچىلىغان قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇق تـاڭلارغـا ئۇلـىـغـان بـولغىيتتى ؟! ئۆزى يارانقان لىرىك قەھرىمانى بىلەن قانچە قېتىم ئۆلۈپ تېرىلگەن بولغىيتتى ؟!...

رەھـىـمـسـىـز ئەجـەل قـولـى بىلەن يېرىم يولدا توختاپ قالغان بۇ لـىـرىـك داستان شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر يالدامىسى، ھەمـمـىـمـىـز قـايغۇ ئىچىدە ئوقۇيدىغان ۋە قەلبىمىزدە مەڭگۇ ساقلايدىغان قىممەتلىك بىر تەۋەررۇكى بولۇپ قالدى!

كـىـشـىـلـەرنـىـڭ « شائىر ئۆلمەيدۇ » دېگىنى راست! ئابدۇكېرىم

خوجا گەرچە جىسمانىي جەھەتتە ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق بىزگە ھاياتنى، دۇنيانى سۆيۈشنى، ئۇنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈردى، بىز ئۇنىڭدىن تارىخقا، ئانا يۇرتقا ۋە خەلقىمىزگە بولغان مۇھەببەتنى ئۆگەندۇق. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە، روھىمىزدا ۋە جەمئىيەت ئىچىدا مەڭگۈ ياشايدۇ!...

## خاتىمە

ئارىمىزدىن بىمەھەل كەتكەن بۇ ئۈچ ئەدىبنىڭ ھەسرەت - پىراقىنى يۈرىكىمىزگە سىغدۇرالماي، سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتىنىپ يۈرگەن ۋاقىتىمىزدا، خۇددى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئارىمىزدىن يەنە ئۈچ نەپەر سۆيۈملۈك ئادىمىمىز تولىمۇ تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. ئۇلار ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم ۋە قاھار جېلىللار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن كەتكەن قاھار جېلىل ھەممىدىن ياش ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ناھايىتى كۆپ شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ناھايىتى چىرايلىق ئىجادىيەت پىلانلىرىنى ئېلىپ كەتتى!...

شۇنداق، ئۆلگۈچىنىڭ ئېلىپ كېتىدىغىنى ناھايىتى كۆپ، قالدۇرىدىغىنى پەقەت ھەسرەت ئىكەن!

ئابلىز نازىرى مېنىڭ قەلبىمدە ئاق كۆڭۈل - سەممىيلىكى، تەمەسىز، كىبىرسىز، غەرەزسىز پاك خىسلەتلىرى بىلەن.يىمىرىلمەس بىر مۇنار تىكلىگەن ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىلىشنى، ئۆزىنى سوراشنى بىلەتتى. بولمىسا، ئۇنىڭ قولىدىنمۇ يېزىش كېلەتتى، بەلكى ئىخلاس قىلسا ناھايىتى ياخشى يازالايتتى. لېكىن ئۇ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كەمتەرلىك قىلدى، تەھرىر، كېزىتچى، ژۇرنالىست دېگەن شەرەپلىك ناملارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئىجادىيەتنى قۇربان

قىلدى ، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ھالاللىق بىلەن ئايىماي قان - تەر تۆكتى ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ، ياخشى ، چىۋەر تەشكىلاتچىلىق قىلدى .

مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى يەنئەن يولىدىكى مۇشۇ 44 - قورۇغا ئاشۇلارنىڭ قولى بىلەن تىكىلىپ ، پەرۋىش قىلىنغان ۋە ھازىرمۇ يەنە ئاشۇلارنىڭ غايىبانە مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۆسۈپ - يېتىلىۋاتقان بىر كۆچەتتەك ھېس قىلىمەن . مەن ئۇلاردىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بەزى « سىر » لىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن ، بەلكى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى — مەرھۇم زۇنۇن قادىردىن بۇ دۇنياغا پاك كېلىپ ، پاك پېتىچە كېتىدىغان ، بېشى كۆككە يەتسىمۇ غادايمايدىغان ئاددىي - ساددا ۋە كەمتەرلىكنى ؛ مەرھۇم تېيىپجان ئىلىيوپتىن ئىنساننى چوڭقۇر سۆيىدىغان ، ئازاب ئىچىدىن راھەت تاپالايدىغان ، بۇ دۇنياغا كۈلۈپ كېلىپ ، كۈلۈپ كېتىدىغان خۇش خۇيلۇقنى ؛ مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىدىن ھەر قانداق ۋاقىتتا غۇرۇر ۋە ۋىجدان بىلەن ياشايدىغان ، زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان ، ناھەقچىلىق ، ساختىلىق ئالدىدا قىلچە مۇجمەللەشمەي ، كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى ؛ مەرھۇم ئابلىز نازىرىدىن ئۆمۈر بويى ھالال ئىشلەپ ، ھالال ياشايدىغان ، كىبىردىن ، تەمەدىن ، غەرەزدىن خالى ئالىيجاناب روھنى ئۆگىنىشكە تىرىشتىم .

ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشى ، گۈللىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھارماي ئىشلىدى . بۇ جەرياندا ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك تەمىنى يەتكۈچە تېتىدى ، بەزى ۋاقىتلاردا قاتتىق يىقىلسىمۇ ، يەنە ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرۇپ ، توپا - چاڭلىرىنى قېقىۋېتىپ ، ھالاللىق ، قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزلىرىگە ھەيكەل تۇرغۇزدى . ئەمدى بىز — ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان شاگىرتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ھەيكەللەرنىڭ پەلەمپەيلىرىگە رەڭمۇ رەڭ گۈللەردىن گۈلچەمبىرەكلەر قويۇشىمىز كېرەك ! شۇنداق قىلساق بىزنىڭ ئۇزاق ، شانلىق مەدەنىيەت تارىخىمىز مەڭگۈ ئۈزۈلمەي ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا گۈللەپ - ياشنىيالايدۇ ! ...

1997 - يىل مارت ، ئۈرۈمچى

# گۈل باغقان كىچە

ـــ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى مەريەم ناسىرنىڭ سەھنە بىلەن
خوشلىشىش « ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى » نى
كۆرگەندىن كېيىن

ئىنسانلار ئۇچۇن گۈزەللىك يارىتىدىغان تۆھپىكارلار ئەزەلدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن . ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتى ، مېھنىتى ۋە ئەجرى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن يادلانغان ۋە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولغان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ، سۆيۈملۈك ئۇسسۇلچىسى مەريەم ناسىر 1991 ـ يىل 1 ـ ماي كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن سەھنە بىلەن خوشلىشىش ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكىدە دەل ئاشۇنداق ھۆرمەتكە ، مۇھەببەتكە ، ئىپتىخارغا ، شان ـ شەرەپ ۋە نام ـ ئابرويغا مۇشەررەپ بولدى .

1 ـ ماي كەچتە ، ئىتتىپاق تىياتىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ « ناخشا ـ ئۇسسۇل كېچىلىكى » ھەقىقەتەن مىسلىسىز تەسىرلىك بولۇپ ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ مول ۋە رەڭدارلىقى بىلەن تاماشىبىنلارنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى . نۇرغۇن كىشىلەر ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى . كىشىلەر بىلەن لىق تولغان كەڭ ۋە كۆركەم زالنىڭ بۇنداق سۈكۈتكە ۋە ھاياجانغا چۆمۈشى قانداقتۇ ئورۇندىلىۋاتقان نومۇرلارنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىدە ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ئويۇن كەيپىياتىنىڭ ، كىشىلەر روھىنىڭ باشقىچە تۈس ئالغانلىقى ، تاماشى-

www.uyghurkitap.com

بىنالارنىڭ قەلبىدە مەريەم ناسىردىن ئىبارەت ئاشۇنداق بىر ماھىر،
جۇشقۇن، مۆتىۋەر سەنئەتكارنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتى
بىلەن تۈيۈقسىز خوشلاشماقچى بولغانلىقىغا تاسادىپىيلىق، قىيالماسلىق ۋە
يەنە قانداقتۇ قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانغا ئوخشاش
مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىدا ئىدى ...

كىشىلىك ھايات يولى تۈپتۈز بولمايدۇ، لېكىن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلقىنىڭ، مىللىتىنىڭ سەلتەنەتلىك ئىشلىرى بىلەن زىچ
باغلىسا، تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ قىزغىن سۆيىدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قە-
دىرلەيدۇ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تۇرمۇش يولىدىكى ئەگرى -
توقاپىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا باسىدۇ! مەريەم ناسىرنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىل-
لىق سەنئەت ھاياتىمۇ ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئۇ سەھنىنى ماكان تۇتتى.
سەھنە ئۇنىڭ مۇھەببىتى، غۇرۇرى ھەم ئىپتىخارى بولدى! ئۇ سەھنىدىن
ئىبارەت مانا شۇ كىچىككىنە سەلتەنەتلىك زېمىندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇس-
سۇلىنى، سەنئىتىنى ۋەتەنگە، دۇنياغا تونۇتتى! ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ
جاپالىق ئەمگىكى، ئەجرى ئۈچۈن بۈگۈنكى خوشلىشىش كېچىلىكىدە
خەلقىنىڭ، تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە، قىزغىن ئالقىشىغا
سازاۋەر بولدى. بۇ ھۆرمەت - ئالقىش دەستە - دەستە گۈل بولۇپ، ئۇ-
نىڭ بېشىغا ياغدى! ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئۈچۈنلا يارالغان چىۋەر جىسمىنى
گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركىدى. مانا بۇ خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئىن-
ئامى، ئالىي مۇكاپاتى ئىدى!

مەن بۈگۈنكى ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكىدىن سەنئەتنىڭ
كۈچ - قۇدرىتىنى، سەنئەتكارلارنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسىنى يەنە بىر
قېتىم كۆردۈم. مەريەم ناسىرنىڭ ئۇستازلىرى، شاگىرتلىرى،
كەسىپداشلىرى، تاماشىبىنلىرى ئۇنىڭغا قۇچاق - قۇچاق رەڭدار گۈل
دەستىلىرىنى، چاقناپ تۇرغان ئالتۇن بۇيۇملارنى ۋە قىممەتلىك
يادنامىلارنى تەقدىم قىلدى. بۇ نەرسىلەر مەريەم ناسىر ئوتتۇز نەچچە يىل
ياراتقان گۈزەللىككە سېلىشتۇرغاندا، قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ،

لېكىن ئۇلارغا كەڭ خەلقىمىزنىڭ مەرىيەم ناسىرغا بولغان بىباھا سۆيگۈ -
مۇھەببىتى، چەكسىز مىننەت - تەشەككۇرى ۋە قىزغىن ئۈمىد -
ئىشەنچى سىڭگەن! بۇ ئالقىش ۋە ئىنئاملار سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ، سەن-
ئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكە، گۈزەللىككە بولغان ھۆرمىتى ۋە
ئېھتىرامى!

دۇنيادا ئۇستاز تۇتمايدىغان ئىلىم ئەھلى بولمايدۇ. بىلىمگە،
كەسىپكە ئىنتىلگەن كىشىلەر ئەزەلدىن ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ.
تەلەپچان ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرتلارنىڭ چىقىدىغانلىقى قەدىمدىن
ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولۇپ ئۆتكەن ئورتاق ئىش!

ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ پېشۋاسى قەمبەرخانىم، زەينەپ سىدىق،
ئىبراھىمجان قاتارلىق ئۇستازلار، تەربىيىچىلەر سەھنىگە چىقىپ ئۆز شا-
گىرتىنى باغرىغا باسقاندا، زالدىكى نەچچە يۈز جۈپ كۆزلەر ئۇلارنىڭ بىر -
بىرىگە گىرەلەشكەن ۋۇجۇدىدىن دوست - ئىناقلىقنىڭ، سۆيۈنۈش ئىپ-
تىخارىنىڭ يالقۇنلۇق نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى.

سەنئەتتىمۇ، سەھنىدىمۇ تەبىئىي ئالمىشىش بولۇپ تۇرىدۇ.
كونىلارنىڭ ئورنىنى يېڭىلارنىڭ ئېلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك! ياش
تالانتلىقلاردىن رەيھان ئابلىز، كۆرەش رەجەپ، دىلنار ئابدۇللا قاتارلىق
ئۇسسۇل چولپانلىرى سەھنىگە چىقىپ مەرىيەم ناسىرغا گۈل تەقدىم قىل-
غان، ئۇنىڭ شادلىق نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزىگە سۆيگەن ۋاقىتتا،
پۈتۈن زال ئۇلارنىڭ نۇرانە يۈزلىرىدىن چاچرىغان رەھمەت - تەشەك-
كۇر، غۇرۇر - ئىپتىخار نۇرلىرى بىلەن نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولدى!...

مەن بۈگۈنكى بۇ «ناخشا - ئۇسسۇل كېچىلىكى»دىن ئالقىشقا
سازاۋەر بىر مۇنچە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىلا ئەمەس، بەلكى سەنئە-
تىمىزنىڭ دۇردانىلارغا تولغان ئۆتمۈشىنى، سەلتەنەتلىك بۈگۈنىنى ۋە
پارلاق كېلەچىكىنى، شۇنداقلا ھۆرمەتكە لايىق، مۆتىۋەر سەنئەت پېشۋا-
لىرى بىلەن جۇشقۇن روھلۇق، ئۈمىدۋار ياش ئىز باسار سەنئەت
چولپانلىرىنى كۆردۈم ۋە مۇنداق ئويلىدىم: بىزنىڭ سەنئىتىمىز مانا مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق مەردانە روھ بىلەن ھەسەتتىن ، قىزغىنىشتىن ، نادانلىقتىن خالى بولۇپ ، بىر - بىرىنى قوللايدىغان ، ئۆز ئارا ئۆگىنىدىغان ، بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ، پايانى يوق ئۇلۇغ بىر ئېقىننى بەرپا قىلىدىغانلا بولسا ، ئۇنىڭ كېلەچىكى جەزمەن پارلاق ، شان - شۆھرىتى چەكسىز بولغۇسى !...

سۆيۈملۈك ئۇسسۇلچىمىز مەريەم ناسىر گەرچە سەھنە بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى ئاخىرلاشقىنى يوق . ئۇسسۇل ئۇنىڭ ھاياتىغا ، ئېتىقادىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن . ئىشىنىمىزكى ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇسسۇل بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ ، ئۇسسۇل بىلەن نەپەس ئالىدۇ ! ئۇنىڭ ئەمگىكى ، كۆچى يەنىلا بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا ياشايدۇ !

مەن بىر ئەدەبىياتچى ، سەنئەت شەيداسى تۇرۇپ ، مەريەم ناسىرغا ھېچقانداق ماددىي نەرسە سوۋغا قىلالمىدىم . پەقەت شۇ كۈنى كەچتىكى ئويۇندىن قايتىپ كېلىپ ، يۈرىكىمدە قوزغالغان ھاياجانلىرىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ كىچىككىنە تەسراتنى يازدىم . تەسراتىمنىڭ ئاخىرىدا مەريەم ناسىرنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، داۋاملىق تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى بولغان تۆۋەندىكى سۆزنى ھەدىيە قىلماقچىمەن : « يالقۇن بىلەن نۇر بىر - بىرىگە قانچىلىك ئۇيغۇنلاشقان بولسا ، ھايات بىلەن پائالىيەتمۇ بىر - بىرىگە شۇنچىلىك مۇستەھكەم باغلانغان بولىدۇ ؛ نېمىكى نۇر چاچىدىكەن ، شۈبھىسىزكى ئەتراپىنى يورۇتىدۇ ؛ نېمىكى ياشاۋاتقان ئىكەن ، سۆزسىز ھەرىكەتتە بولىدۇ !»

1991 - يىل 2 - ماي ، ئۈرۈمچى

本书是一部报告文学集，收录以南疆农村生活为题材的一部分新作品，这些作品以其逼真，扑实，优美的风格和独特的笔法，给读者以美的享受。

Doğu Türkistanlı Uzman Dr.
Turguncan UYGUR TÜRKOĞLU'nun
Kütüphanesi
Kitap No: 6

# 一个传奇人物的故事

作者：艾海提·图尔迪
责任编辑：吾布利哈斯木.穆明
责任校对：故丽巴哈尔.买买提依明

---

**喀什维吾尔文出版社出版**
**新疆新华书店发行**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168毫米 1/32开本 10.5印张 3插页
1997年5月第1版 1997年8月第1次印刷
印数：1 —— 5100

---

ISBN7 — 5373 — 0599 — 4/I.153（民文）
定价：9.00 元